# قاراماي
# تارىخ ماتېرىياللىرى

# 1

www.uyghurkitap.com

تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرايلى.

مەھەممەتنۇر

1987 - يىل 20 - ئىيۇل

ئوقۇشقا تەقدىم
赠阅

# مۇندەرىجە

سىياسىي كېڭەش قاراماي شەھەرلىك كومىتېتى تارىخ
ماتېرىياللار خىزمىتى ھەيئىتىنىڭ تارىخى ماتېرىياللارنى توپ-
لاش ئۇقتۇرۇشى
......................................... (1)
مۇقەددىمە ......................... جەكەن (3)

## ئەسلىمىلەر

يېڭى جۇڭگو نېفىت سانائىتىنىڭ تۇنجى زەپەركۆيى
— قاراماي نېفىتلىكى تېپىلىشىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى جەرياننى
ئەسلەپ ......................... جاڭ ۋېنبىن (6)
كونا قارامايغا بارايلى ..........................
............................... جاۋمىڭيى (29)
ئۈچكىلىك نېفىتلىكىنىڭ تېپىلىشى .....................
............................... شاگۇڭجۈن (40)

## شىنجاڭ نېفىت تارىخى ماتېرىياللىرى

شىنخەي ئىنقىلابىدىن ئاۋۋالقى شىنجاڭ نېفىت سانائىتى ....
............................... ۋاڭ لىيەنفاڭ (53)
ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردىكى
شىنجاڭ نېفىت سانائىتى ............ ۋاڭ لىيەنفاڭ (91)
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدى-كەينىدە مايتاغ
نېفىت كېنىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابلىشىشى ... ۋاڭ لىيەنفاڭ (153)

# سىياسىي كېڭەش قاراماي شەھەرلىك كومىتېتى تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتى ھەيئىتىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش ئۇقتۇرۇشى

شەھەرلىك سىياسىي كېڭىشىمىزنىڭ تارىخىي ماتېرىياللار ھەيئىتى قاراماي شەھىرى ۋە شىنجاڭ نېفىت سانائىتىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللارنى داۋاملىق توپلايدۇ، شۇڭا، كەڭ كادىرلار، ئىشچى-خىزمەتچىلەر، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم كادىرلار، پېشقەدەم ئىشچىلارنىڭ ھەر خىل تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن پائال تەمىنلەپ تۇرۇشىنى قارشى ئالىمىز.

## 1. قوبۇل قىلىنىدىغان ماقالىنىڭ مەزمۇنى

1. نېفىتلىكنى چارلاش، ئۆزلەشتۈرۈش، نېفىت شەھىرى قۇرۇلۇشى، زاۋۇت (باشقارما)، قۇدۇق ئەترىتى (سېخ)، ئىنستىتۇت - مەكتەپ، كۆرگەزمە تارىخىي ياكى تارىخىي تەرمىلەر؛

2. سىياسىي، ئىقتىساد، سودا-سانائەت، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ، تارىختىكى مەشھۇر شەخسلەر ۋە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنىڭ تەرجىمىھالى ياكى تەرمىلەر؛

3. قاراماي شەھىرى ۋە شىنجاڭ نېفىت سانائىتىدىكى مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر ھەققىدە ئەسلىمىلەر ياكى خاتىرىلەر؛

4. جۇغراپىيىلىك مەنزىرە؛

5. باشقا تارىخىي ماتېرىياللار.

## II تەلەپ

ماقالىنىڭ مەزمۇنىدا بىۋاسىتە باشتىن كەچۈرگەن، بىۋاسىتە كۆرگەن، بىۋاسىتە ئاڭلىغان بىلىش ئاساس قىلىنىدۇ، يالغاننى ئېلىپ تاشلاپ، راستىنى ساقلاپ قېلىش، ساختا بولماسلىق، تارىخنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئەينەن ئىنكاس قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

## III ماقالىنى بىر ياقلىق قىلىش

1. مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىدىغان ماقالىلار، ئادەتتە، تېخنىكا خاراكتېرلىك بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، ماقالىنىڭ يېزىقى ۋە مەزمۇنىغا چوڭ ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلمەيدۇ.

2. ماقالە ئىشلىتىلسە قەلەم ھەققى بېرىلىدۇ.

## IV ماقالىنى قاراماي شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش ئىشخانىسىغا ئەۋەتىپ بېرىشىڭىزلارنى سورايمىز.

تېلېفون نومۇرى: 2670، 2665

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇقەددىمە

جەكەن

قاراماي شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش 1985- يىلى 7- ئايدا قۇرۇلدى، بۇ يىلدىن باشلاپ، تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەش ۋە نەشىر قىلىش خىزمىتىگە كىرىشتى.

شىنجاڭدا نېفىت ئېچىش ئىشلىرى چىلىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا باشلانغان، مۇشۇ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن تارتىپ بۈگۈنكىچە 80 نەچچە يىل بولۇپ قالدى. مۇشۇ ئارىلىقتا ئۇ بىر نەچچە مەرتىۋە ئۆرلەپ، بىر نەچچە مەرتىۋە پەسەيدى، بىر نەچچە مەرتىۋە گۈللىنىپ، بىر نەچچە مەتىۋە خاراپلاشتى، پەقەت جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنلا، تېزلىكتە راۋاجلىنىپ، بۈگۈنكى زامانىۋىلاشقان چوڭ تىپتىكى بىر نېفىت بىرلەشمە كارخانىسىغا ئايلاندى. نېفىت شەھىرى - قاراماينىڭ جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال گىرۋىكىدە خۇددى نۇر چېچىپ تۇرغان مەرۋايىتتەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقى، بۇنىڭ دەلىلى.

قاراماي شەھىرىمىزنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە ئۆسۈشى، شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن قان بىلەن گۆشتەك باغلانغان. شۇڭا، شەھەرلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللارنى يىغىش خىزمىتى ھەقلىق يوسۇندا ھەر

مىللەت نېفىت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىش تارىخىنى ئاساسى مەزمۇن قىلىدۇ، بۇ خىزمەت شىنجاڭنىڭ باشقا ناھىيە، شەھەرلىرىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتىگە ئوخشىمايدۇ، شەھىرىمىزدە نېفىتتىن ئايرىلغاندا ھېچقانداق بىر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولمايدىغانلىقى، شەھەرىمىزدىكى بۇ خىزمەتنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى.

قاراماي تارىخىي ئۆزىگە خاس كۆپ خىللىقلىقى ۋە كەڭ كۆلەملىككە ئىگە، ئۇ ھەر مىللەت كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى قىياپىتى، تارىخىي ئەسلىمىلەر، كۆز كۆرگەن ۋە قۇلاق ئاڭلىغان ئىشلار، مەشھۇر كىشىلەرنىڭ تەرجىمىھالى، يېزىپ قالدۇرۇلغان تارىخىي ۋەقەلەر، دىنىي ئادەتلەر، ھەتتا سانائەت، قاتناش، سودا، پۇل مۇئامىلە، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، سەھىيە ۋە باشقا ھەر قايسى ساھە ھەر قايسى كەسپلەردىكى قىزىقارلىق سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا، يەنە نېفىت گازىغا دائىر تارىخىي پاراڭلار، نېفىتلىكنىڭ گېئولوگىيىلىك ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى، شۇنىڭدەك شەھەر بازارنىڭ گۈللىنىشى ۋە باشقا تارىخىي ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىپ، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن نېفىت سېپىدە جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك ياراتقان شانلىق تارىخىي، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزمۇن ئىچىگە سىڭدۇرۇلگەن مۇھىم تەرەپ.

قاراماي تارىخىي ماتېرىياللىنىڭ زامانداشلىرىمىز ۋە ئەۋ-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

لادلىرىمىزنى ئەجدادىمىز بولغان ھەر مىللەت نېفىت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئەخلاق پەزىلىتىگە داۋاملىق ۋارىسلىق قىلىشتا رىغبەتلەندۈرىدىغان، ئىلھام بېرىدىغان قوللانما بولۇشىنى، شۇنداقلا مەنىۋى مەدەنىيەت تارقىتىدىغان تارىخىي دەرسلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز ھەم شۇنداق بولۇشىغا ئىشىنىمىز.

بىزنىڭ قاراماي تارىخىي ماتېرىيالىنى تەھرىرلەپ نەشر قىلىشىمىزدىكى مەقسىتىمىز ۋە ئۈمىدىمىز دەل مانا مۇشۇ.

«قاراماي تارىخىي ماتېرىيالى» نىڭ بىرىنچى قىسمى رەسمىي كىتابچە بولۇپ نەشردىن چىقتى، كېيىنكى قىسىملىرى كىتابچە بولۇپ ئارقا-ئارقىدىن تەھرىرلىنىپ نەشردىن چىقىدۇ، ھەر ساھەدىكى زاتلارنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللاپ، تارىخىي ماتېرىياللارغا دائىر ماقالىلارنى پائال توپلاپ ۋە يېزىپ چىقىپ، مۇشۇ خىزمەتنى بىرلىكتە ئوبدان ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. مۇشۇ قىسمى ھەر قايسى ساھەنىڭ تىرىشىشى ئارقىلىق، ئاخىرى دۇنياغا كەلدى، سەۋىيىمىز چەكلىك بولغاچقا، بۇ قىسىمدا ناتوغرا يەرلەر، ھەتتا خاتالىقنىڭ بولۇشىدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ، تەنقىدىي تۈزىتىش بېرىشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

1986- يىلى 11- ئاي

# يېڭى جۇڭگو نېفىت سانائىتىنىڭ تۇنجى زەپەركۆيى —

## قاراماي نېفىتلىكى تېپىلغانلىقىنىڭ ئالدى-كەينى جەريانىنى ئەسلەپ

جاڭ ۋېن بىن

## I 1-بەشيىللىق پىلان نېفىت سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ قەدىمىنى تېزلەتتى

1952 - يىلى — سابىق يېقىلغۇ سانائىتى مىنىستىرلىقىنىڭ نېفىت باشقۇرۇش باش ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، مەن بۇيرۇققا بىنائەن شىنجاڭغا يۆتكىلىپ بېرىپ يولداش مازەيىنىڭ خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئەمدىلاتىن جۇڭگو - سوۋېت شىرىكچىلىكىدىن دۆلىتىمىز ئۆزى باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلگىنىگە ئانچە ئۇزۇن بولمىغان شىنجاڭ نېفىت شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورلىقىنى ئۈستۈمگە ئالدىم.

1952 - يىلى ماۋجۇشى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ سابىق 19- كورپۇس 57- دىۋىزىيىسىنى نېفىت قۇرۇلۇش بىرىنچى دىۋىزىيىسىگە ئۆزگەرتىشنى بۇيرۇق قىلغانىدى؛ مەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋە دېڭىزبويىدىكى بارلىق ئوفىتسېر - جەڭچىلەر نېفىت سانائىتى-
نى قۇرۇشقا ئاتلاندۇق، ئىلگىرى- ئاخىر بولۇپ غەربىي- شىمال
نېفىت ئىدارىسى ۋە قېزىپ چارلاش ئىدارىسىدا ئۆگەنگەچ ئىشلە-
دۇق. ئەينى ۋاقىتتا دۆلىتىمىزنىڭ نېفىت سانائىتى بەك ئارقىدا
ئىدى، 1950 - يىلدىن 1953- يىلغىچە داۋاملاشقان ئۈچ يىللىق
ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق، تەبىئىي نېفىتنىڭ مەھسۇلات مىق-
دارى 435 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈلۈپ، ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئەڭ يۇ-
قىرى مەھسۇلات مىقداردىن ئاشۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ-
نىڭ بىلەن دۆلەت ئېھتىياجىنىڭ ئاران 37% نىلا قاندۇرغىلى بو-
لاتتى. 1953- يىلى دۆلىتىمىزدە 1 - بەشيىللىق پىلان يولغا قو-
يۇلۇشقا باشلىدى، شۇ يىلى تەبىئىي نېفىتنىڭ مەھسۇلات مىقدا-
رى 622 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈلۈپ، بۇنىڭ بىلەن دۆلەت ئېھتى-
ياجىنىڭ ئاران 34%نىلا قاندۇرغىلى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە تە-
بىئىي نېفىت 305مىڭ توننا بولۇپ، ئۇ، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدا-
رىنىڭ 47% ئىگىلەيتتى، قالغان 53%ى مايلىق سلانىستىن قو-
رۇق چەككىلەپ چىققان سۈنئىي نېفىت ئىدى. نېفىت چارلاش كۈچ-
لىرىمۇ تازا ئاجىز ئىدى: 1951-يىلىدا پەقەت سەككىز گېئولوگ ئەترىتى،
ئىككى گېئوفىزىكا ئەترىتى، يەتتە بۇرغىلاش ئەترىتى (جۇڭگو-
سوۋېت نېفىت شىركىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. تۆۋەندىمۇ ئوخشاش)
بار ئىدى. 1953-يىلى مەركەز نېفىتنى گېئولوگىيىلىك چارلاش خىزمى-
تىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش، بارلىق ئۈنۈملۈك چارىلارنى قوللىنىپ، نې-
فىت چارلاش كۈچىنى تېزلىكتە كۈچەيتىش لازىم دەپ كۆرسەتتى. شۇ

يىلى، دۆلەت نېفىت چارلاشقا سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتتى، نېفىت گېئولوگىيە ئەترىتى كۆپىيىپ 34 كە، گېئو فىزىكا ئەترىتى كۆپىيىپ 16 گە، بۇرغىلاش ئەترىتى كۆپىيىپ 34 كە يەتتى. «نېفىت غەربىي شىمالدا» دېگەن ئەنئەنىۋى قاراش ۋە شۇ چاغدا ئىسكەلىگەن چەكلىك ماتېرىياللارغا ئاساسەن، شىمالىي شەنشى ئويمانلىقى، جۇڭچۈەن ئويمانلىقى، چاۋشۈي ئويمانلىقى، مېنخې ئويمانلىقى چارلىنىدىغان مۇھىم نۇقتا قىلىندى، مۇشۇ ئويمانلىقنىڭ تاغ ئالدىدىكى ئۆيۈلمىنىڭ ئانتىكلىنال تۈزۈلمىسى ئاساسىي چارلىنىدىغان ئوبيېكت قىلىندى، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ سىلياڭسىياۋ، چىڭ ساۋۈەن، يۈڭچاڭ، چاۋشۈي، مېنخې ۋە باشقا تۈزۈلمىدە بىر تۈركۈم چارلاش قۇدۇقى قېزىلىپ، بەزى گېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار قولغا كەلتۈرۈلگەن، بەزى نېفىت، گاز ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن مەھسۇلاتى يۇقىرىراق بولغان نېفىتلىك تېپىلمىدى، نېفىت، تەبىئىي گاز بايلىقىنى كۆپەيتىش جەھەتتە ماھىيەت خاراكتېرلىك بۆسۈش بولمىدى.

شۇ چاغدا مەركەزدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئاساسىي باشقۇرۇۋاتقان يولداش چېن يۈن: «ئىككى، ئۈچ يىل ئىچىدە بىر، ئىككى چوڭ نېفىت رايونىنى تېپىشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا، كىشىلەر كۆڭلىنى تىنچلاندۇرغىلى بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتتى. بۇ يوليورۇق نېفىت سانائىتىگە ناھايىتى چوڭ ئىلھام ۋە تۈرتكە بولدى. 1955- يىلى چاقىرىلغان مەملىكەتلىك نېفىت چارلاش يىغىنىدا، نېفىت باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى كاڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شىمىن چارلاش خىزمىتىنىڭ ئارقىدا قېلىشتىكى سەۋەبلىرىنى يە-كۈنلەپ، چارلاشنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تەڭشەپ، چارلاش دا-ئىرىسىنى كېڭەيتىپ، شىنجاڭنى چارلىنىدىغان مۇھىم نۇقتىلىق رايونىنىڭ بىرسى قىلدى. 1955-يىلى، قاراماي قاتارلىق سەككىز تۈزۈل-مىدە چارلاش قۇدۇقى قېزىش، مېتىراجىنى 41 مىڭ مېتىرغا يەتكۈزۈش پىلانلىنىپ شۇ يىلى مەملىكەتىمىزدىكى چارلىنىدىغان مېتىراج پىلان-نىڭ 28% ئىگىلەشنى ئورۇنلاشتۇردى. شىنجاڭدا ئىمكانىيەت-نىڭ بىرىچە تېزلىكتە يېڭى نېفىتلىك تېپىپ، نېفىت بايلىق زاپى-سىنى كۆپەيتىشنى ئۈمىد قىلدى.

مەن مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، مۇشۇنداق ۋەزىپىنى ئې-لىپ شىنجاڭغا ئىشلەشكە كەلدىم.

## II جۇڭگو - سوۋېت نېفىت شىركىتى ئاز بولمىغان ئۇل سېلىش خىزمىتىنى ئىشلىدى

مەن شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاۋۋال مايتاغ كان رايونىغا ۋە جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭدىكى بىر نەچچە ئا-ساسلىق چارلاش رايونلىرىغا بېرىپ، ئەھۋال ئىگىلەش، تەكشۈ-رۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندىم، 9- ئايدا يولداش مازەي بى-لەن تاپشۇرۇپ بېرىش ۋە تاپشۇرۇپ ئېلىش رەسمىيىتىنى رەسمىي بېجىردۇق.

شىنجاڭ نېفىت شىركىتىنىڭ تەكتى بولغان جۇڭگو سوۋېت نېفىت شىركىتى 1950- يىلى ماۋجۇشى، جۇئېنلەي زۇڭلى سوۋېت

ئىشتىراكىنى زىيارەت قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جۇڭگو-سوۋېت ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ تۈزگەن كېلىشىمى بويىچە، شىنجاڭدا شىرىكلىشىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويىدىغان ھەسسىدارلىق شىركىتىگە ئايلاندى. سوۋېت تەرەپ بۇ شىركەتنى ئۇسكۇنە، تېخنىكا ماتېرىيال ۋە تېخنىكا بىلەن تەمىنلەيتتى، بىز تەرەپ ئىش ئورنى ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلەيتتى، ئىككى تەرەپنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ سالغان مەبلىغى 50%تىن ئىدى. كېيىن ئىككى تەرەپ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاخباراتىغا ئاساسەن، 1955- يىلى 1- ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ سوۋېت تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ پاي ھەسسىسىنى دۆلىتىمىزگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇ شىركەتنىڭ نامى شىنجاڭ نېفىت شىركىتى دەپ ئۆزگەرتىلدى. سابىق شىركەتتە رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان سوۋېت تەرەپ خادىملىرى ئىچىدە قېپقېلىپ مەسلىھەتچى بولۇشقا تەكلىپ قىلىنغان ئاز ساندىكىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرى ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كەتتى. سوۋېت تەرەپ خادىملىرىنىڭ خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە پارتىيە ئىشلىرىنىڭ خىزمەت سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، يۇقىرى نېفىت سىستېمىسى ۋە باشقا تارماقلاردىن زور بىر تۈركۈم رەھبىرى كادىرلار ۋە تېخنىك كادىرلارنى تاللاپ شىركەتكە ئەۋەتتى. پارتكومنىڭ بىرىنچى شۇجىلىقىنى ئۇستىگە ئالغان يولداش ۋاڭ چىرىن، مۇئاۋىن دىرېكتورلۇقنى ئۇستىگە ئالغان يولداش چىن فىڭ، باش گېئولوگ يولداش دۇبۇمىن، باش ئىنژېنېر يولداش شې جۇگۇاڭ. يولداش تەن زەيىي ۋە شىئەن سا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىق نېفىت قېزىپ چارلاش ئىدارىسىدىكى زور بىر تۈركۈم كادىر-لار شۇنىڭدەك باشقا يولداشلار 1954 - يىلىنىڭ ئاخىرى ياكى 1955 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئىلگىرى- ئاخىر شىنجاڭغا كېلىپ، سابىق شىركەتتە ئىشلىگەن جۇڭگو تەرەپنىڭ رەھبەرلىرى ئىدى، ئۇلار باش دىرېكتور يولداش مازەي، مۇئاۋىن باش دىرېكتور چيەن فېڭ ھەم فەن زىجو ۋە باشقا يولداشلار بىلەن بىللە، ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋە ئۆتكۈزۈپ ئېلىش خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىشنى ساقلاپ قالدى.

جۇڭگو- سوۋېت نېفىت شىركىتى شىركىلەشكەن تۆت يىلدىن بېرى، بىر مۇنچە خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، دەسلەپكى قەدەمدە ئۇل سېلىپ بەردى، ئاساسلىقى، مۇنۇ جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

1. مايتاغ نېفىتلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈر-دى ۋە راۋاجلاندۇردى. شىنجاڭ ئازاد بولغان ۋاقىتتا، مايتاغ نېفىت كېنى «سەكراتقا چۈشۈپ جېنى تومشۇقىغا كېلىپ» قالغاچقا، ئۇنىڭدا نېفىت چىقىدىغان ئىككىلا قۇدۇق بولۇپ، كۈنلۈك مەھسۇلاتى 2-3 تونىنا ئىدى. چەككىلەپ ئاجرىتىدىغان ئىككى قازان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئادەم كۈچى ئارقىلىق ماتېرىيال سېلىنغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش ئۈزۈلۈپ قالاتتى. ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قېزىش چارلاشنى كېڭەيتىش ئارقىلىق، 1953 - يىلى تەبىئىي نېفىتنىڭ مەھسۇلاتى 70 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈلدى. 4 يىلدا جەمئىي

170-ملڭ تونتا تەبىئىي نېفىت ئىشلەپچىقىرىلىپ ئۆزىمىزدە ئىشلىتىدىغان ماي ھەل قىلىنىپ قالماستىن، يەنە شىنجاڭنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ۋە قاتناش-ترانسپورتقا ياردەم بېرىلدى. ئۆتكۈزۈپ ئالىدىغان ۋاقىتتا، گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، بۇرغىلاش، نېفىت ئېلىش، نېفىت ئايرىش ھەم ئاساسىي قۇرۇلۇش، مېخانىزم رېمونت، سۇ-ئېلېكتر، تۇرمۇش ئەسلىھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئاساسىي جەھەتتىن يۈرۈشلەشكەن ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بارلىققا كەلتۈرۈلدى. 1016 دانە (يۈرۈش) ھەر خىل ئۈسكۈنىگە، 140 ملڭ كۋادرات مېتر ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش كۆلىمىگە ئىگە بولدى. تۇراقلىق مال - مۈلۈكنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 130مىليون يۈەنگە يەتتى.

2. گېئولوگىيىلىك ماتېرىيال توپلىدى. جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ كۇچار رايونى، قەشقەر رايونىدا خېلى مىقداردا گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، گېئو دېڭىزلىك ئۆلچەش، گېئو فىزىكىلىق چارلاش، ئائېروماتىك ئۆلچەش ئېلىپ بېرىلدى. 8 رايوندا تۈزۈلمە قۇدۇق قېزىلدى. 9 تۈزۈلمىدە چارلاش قۇدۇقى قېزىلدى، 71 گېئولوگىيىلىك تۈزۈلمە تېپىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 26 ماي ئارىلاشقان ئۈمىد تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چارلاش ئۈچۈن مۇھىم گېئولوگىيىلىك ماتېرىيال تەييارلاپ بەردى.

3. بىر تۈركۈم تېخنىك ئىشچىلار ۋە كادىرلارنى يېتىشتۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

روۋپ بەردى. كېيىن قاراماينى چارلاش ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ ئوخ-
شاشمىغان باسقۇچلىرىدا مۇھىم رول ئوينىدى. ناھايىتى زور تۆھ-
پە قوشقان چىيەن فېڭ، يۇفىڭ، ساۋجىنكوي، جاڭيى، ۋاڭبىڭچېڭ،
جياڭ چادا، جياڭ كەي، لومىڭباۋ قاتارلىق يولداشلار ئاشۇ مەزگىللەردە
چېنىقىپ ئۆسۈپ يېتىلگەن بولۇپ، ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەزى
چارلاش ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋالدى.

شۇنداقتىمۇ، جۇڭگو - سوۋېت نېفىت شىركىتى نېفىت بايلى-
قىنى چارلاش جەھەتتە، مۇھىم بۆسۈشنى قولغا كەلتۈرەلمىدى،
بىر يېڭى نېفىتلىك تاپالمىدى، بۇرۇنقى مايتاغ نېفىتلىكىنىمۇ ئې-
نىقلىيالمىدى. ئاساسلىقى، بۇنىڭغا چارلاشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىد-
غان مۇھىم نۇقتا گېئولوگىيىلىك كۆرۈنۈش ياخشى، تۈزۈلمىسى
روشەن، ماي، گاز ئالامىتى مول بولغان تەگرى تاغ ئالدىدىكى
ئويۇلمىنىڭ 3 - دەرىجىلىك تۈزۈلمە بەلبېغى بىلەن چەكلىنىپ
قالغانلىقى سەۋەب بولغان. كېيىن كىشىلەر بۇنداق چەكلىنىپ قې-
لىشنى: «چېتىدە چۆگىلەپ يۈرۈپ تۇخۇم (تۈزۈلمە) ئىزدەش،
ماي ئالامىتى كۆرۈلسىلا، ئۇنى قېزىش» دەپ تەسۋىرلىدى. بو-
لۇپمۇ مايتاغ تۈزۈلمىسى گېئولوگىيىلىك شارائىتى ئىنتايىن مۇ-
رەككەپ، تۈزۈلمىسى تىتىلىپ كەتكەن، قۇدۇق قېزىش مۈشكۈل،
مەھسۇلاتىمۇ يۇقىرى بولمىغان تۈزۈلمە بولسىمۇ، لېكىن بۇ تۈ-
زۈلمە باشتىن - ئاخىرغىچە چارلاشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىنغان،
يىل ئىچىدە 28 قۇدۇقتا قېزىش باشلىنىپ، بۇ قۇدۇق قېزىش
شلانغاندىن بۇيانقى ھەننىۋا چارلاش قۇدۇقى سانىنىڭ 4 تىن

3 نى ئىگىلەپ كەتتى. قېزىپ تاماملانغان 16 قۇدۇق ئىچىدە 3 قۇدۇق قۇرۇلۇش جەھەتتىن، 2 قۇدۇق گېئولوگىيە جەھەتتىن كې- رەكتىن چىققان، 6 قۇدۇق ئوتتۇرا ھاياتلىقلار دەۋرىگە ياتىدى- غان مەقسەتلىك قاتلامغا يېتەلمىدى. قىسقىسى، بۇ قۇدۇقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن بولدى. زا- پاس مەنبەسىنىڭ يېتىشىپ بەرمىگەنلىكى سەۋەبىدىن، 1955-يى- لى تەبىئىي نېفىت مەھسۇلاتى 30% چۈشۈپ كەتكەن، ھەم شى- جاڭغا ئىشلەش ئۈچۈن كەلگەن ۋاقىتتا، مەھسۇلات داۋاملىق تۆ- ۋەنلەۋاتقان ئىكەن.

جۇڭگو - سوۋېت نېفىت شىركىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى- دە، بەزى گېئولوگلار، ئالايلۇق، سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى ئىچى- دىكى ئوۋاروف قاتارلىق كىشىلەر «فلاتفورمىغا يۈرۈش قىلىش» تىن ئىبارەت يېڭى نۇقتىئىنەزەرلى ئوتتۇرىغا قويدى. 1954 - يى- لى، گېئولوگ جياڭ كەي، پراكتىكانت سۇڭ خەنلياڭ، جۇرۇيمىڭ قاتارلىق 10 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئوۋاروف باشچىلىقىدىكى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربى شىمال گىرۋىكىدىكى قاراماي - ئورقۇ رايونىغا بېرىپ 100:1 مىڭ ماسشتابلىق كۆلەمنىڭ گېئولوگىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنى ئورۇنداپ، قاراماي - ئورقۇ ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي فلاتفورمى- سىغا كىرىشنى، يەر قاتلىمىدا يېپىلما چۆكۈندىلىق يۈزلىنىشىنىڭ بارلىقىنى، ماي تەركىبلىك مەنزىرىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەن- لىكىنى ئېنىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، گېئو فىزىكىلىق جەھەتتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەپسىلى تەكشۈرۈشنى ۋە چوڭقۇر قۇدۇق قېزىپ چارلاشنى تەكلىپ قىلدى. شىنجاڭ نېفىت شىركىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىركەت رەھبەرلىكى بۇ نۇقتىئىنەزەرنى قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. 1955-يىلى 1 - ئايدا بېيجىڭدا چاقىرىلغان مەملىكەتلىك نېفىت چارلاش يىغىنىدا، كونا قاراماي (قاراماي) دا ئىككى چارلاش قۇدۇقى قېزىش قارار قىلىندى، يېرىم يىل تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق، 1955 - يىلى 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى 1 - نومۇرلۇق قۇدۇقتا بۇرغىلاش باشلاندى. بۇرغىلاش ۋەزىپىسىنى مايتاغ كان ئىشلار ئىدارىسى بۇرغىلاش باشقارمىسىنىڭ 1219 - ياشلار بۇرغىلاش ئەترىتى ئۈز ئۈستىگە ئالدى، بۇ ئەترەتنىڭ ماستىرى (ئەترەت باشلىقى) ياش يولداش لومىڭباۋ بىلەن ئەيسا قارى ئىدى.

## III قارامايغا ئاتلىنىش ۋە ئاتلانماسلىق توغرىسىدىكى چوڭ مۇنازىرە

1956 - يىلى 4 - ئايدا، نېفىت سانائەت مىنىستىرىنىڭ ياردەمچىسى يولداش كاڭشىئېن مىنىستىرلىق خىزمەت گۇرۇپپىسى ۋە سوۋېت مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئاندرېك ۋە باشقىلارنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ، قارامايىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ئەينى ۋاقىتتا، قارامايدا بۇرغىلاش باشلانغان 2-، 3-، 4-، 5-، 6-، 7- قۇدۇقنىڭ ماي قاتلىمى ئىلگىرى - ئاخىر بۇرغىلىنىپ، ئۇنىڭدىن ماي تەركىبلىق كىرىن ئېلىندى، كاڭشىئېن بىلەن ئاندرېك قاتارلىق يولداشلار قارامايدىكى قېزىپ چارلاش-

نىڭ ئەھۋالى ھەققىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى، ھەمدە قاراماي ئورقۇغا بېرىپ نەق مەيداننى تەكشۈردى. ئۇلار مايتاغقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جۇڭگو تەرەپ خادىملىرىنى ۋە شۇچاغدا شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنى يىغىپ، قارامايدا چارلاش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىشنى مۇھاكىمە قىلدى.

قارامايدا چارلاشنى كەڭ - كۆلەمدە ئېلىپ بېرىش ۋە بارماسلىق مەسىلىسى ئۈستىدە، شۇ چاغدا تونۇش بىردەك بولمىغاچقا، گېئولوگىيە نەزەرىيىسى جەھەتتە تالاش - تارتىش ئەۋج ئېلىپ كەتتى. بىر خىل پىكىردىكىلەر، قاراماي چوڭ بىر مونتىكلىنال بولۇپ، كۆپ يىللاردىن بېرى، كونا قاراماي ئېچىلمىسىدىن كۆپلىگەن نېفىت چىقتى، يىمىرىلىش ئارقىلىق، يۈز مىليون تونىنلىق بۈگۈنكى ئاسفالت تېغى شەكىللەندى، نېفىت ئاساسىي جەھەتتىن چىقىپ تۈگىدى، ئېشىپ قالغىنى مىقدارى ئىنتايىن ئاز بولغان قالدۇق نېفىتتىن باشقا نەرسە ئەمەس دەپ ھېسابلىدى، شۇڭا، ئۇلار قارامايدا چارلاشنى كەڭ - كۆلەمدە قانات يايدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلمىدى. ئىككىنچى خىل پىكىردىكىلەر، قاراماي ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىگە قىسايغان چوڭ مونتىكلىنالدا يەر پوستى ھەرىكىتى ئارقىلىق، بىر مۇنچە ئۈزۈلمە قاتلام ۋە بەزى كىچىك تېپتىكى پۈرمە شەكىللەنگەن. مۇشۇ ئۈزۈلمە قاتلام ۋە پۈرمىلەر يۆتكىلىپ تۇرغان تەبىئىي نېفىتنى توساپ ئۇنى توپلايدۇ؛ بۇنىڭدىن باشقا، يەر قاتلىمىدا يېپىلما چۆكۈندىنىڭ يۈزلىنىشى بار، بۇلارمۇ ھالىتى ئوخشاش بولمىغان توپلىنىشنى شەكىللەندۈرۈشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇمكىن، ئۇنىڭ چوڭ نېفىتلىك بولۇش ئېھتىمالى بار دەپ ھېسابلىندى. بىر، ئىككى كۈن دەلىللەپ سۆزگە چىقىش ئارقىلىق، 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، قارامايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان 4 - نومۇرلۇق قۇدۇقتىن يەنە تەبىئىي نېفىت فونتان بولۇپ چىقتى. بۇ پاكىت داۋاملىق قېزىپ تەكشۈرۈشنى قۇۋۋەتلىگەن نەزەرىيىگە مەدەت بەردى. ئەينى ۋاقىتتا دوكلات ئاڭلىغان نېفىت مىنىستىرلىكىنىڭ ياردەمچىسى يولداش كاڭ شىئېن بىلەن مىنىستىرلىق مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئاندىرېك ۋە مىنىستىرلىقتىكى بەزى مۇتەخەسسىسلەر مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، قارامايدا 10 تالا چوڭ كەسمە يۈزدە چارلاش ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەستىقلىدى. بۇ 10 تالا چوڭ كەسمە يۈز جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان ئۇزۇنلىقى 160 كىلومېتىر كېلىدىغان، شەرقتىن غەربكىچە بولغان كەڭلىكى 30 كىلومېتىر كېلىدىغان قاراماي - ئورقۇ دائىرىسى ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ 10 تالا كەسمە يۈزدە ئىش ئەپلەشسە قالسا، تەخمىنەن 400 كۋادرات كىلومېتىرنىڭ ماي تەركىبلىك ئەھۋالىنى چارلاپ ئېنىقلىغىلى بولاتتى، بۇنداق قىلىش ئەينى چاغدا «تورنى كەڭ تاشلاپ، چوڭ بېلىق تۇتۇش» دەپ ئاتالدى،

بۇ چارلاشنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا يۈرەكلىك بىلەن ئىشلىگەن بىر ئىش ئىدى. شۇ ۋاقىتتا شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان بەزى سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشنى تولۇق ياقتۇرمىدى، ھەتتا بەزىسى بۇنىڭغا قارشى تۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەينى

ۋاقىتتا شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى يەنە مىنىستىرلىقتا ئىشلەۋاتقان سوۋېت مۇتەخەسسىلىرىنى تەنقىدلەپ، ئۇلارنى «يەرلىكتىكى مۇتەخەسسىلەرنىڭ پىكىرىگە ھۆرمەت قىلمىدى» دېگەنلىكنى ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. شۇنداقتىمۇ، كېيىنكى قېزىپ چار-لاشنىڭ نەتىجىسى مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ پۈتۈنلەي توغرىلى-قىنى ئىسپاتلىدى. 1956 - يىلى 9 - ئايغا كەلگەندە، پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 8 - قۇرۇلتىيى ئېچىلىشتىن بۇرۇن، قاراماي چوڭ بىر نېفىتلىك ئىكەنلىكى دەسلەپكى قەدەمدە چارلاپ ئېنىقلاندى. 23 چارلاش قۇدۇقىدا نېفىت سىناش ئارقىلىق سانائەت قىممىتى بار نېفىت ئېقىمى قولغا كەلتۈرۈلدى، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان كۆ-لەم 130 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتكۈزۈلدى، ئېلىشقا بولىدىغان زا-پاس مىقدارى 100 مىليون توننىدىن ئاشۇرۇۋېتىلدى.

نېفىت مىنىستىرلىقى بۇ خۇش - خەۋەرنى پارتىيىنىڭ 8-قۇرۇلتىيىغا دوكلات قىلدى، ۋەكىللەر شادلىققا چۆمدى، مۇشۇنىڭ-دىن ئىلگىرى، 5-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، مەن بېيجىڭغا چاقىرتىلىپ بارغىنىمدا، ئۇنى نېفىت مىنىستىرلىقىدىكى رەھبەرلەرگە تەپسىلى دوكلات قىلدىم، ھەمدە مىنىستىرلىق ئورگىنىدا قاراماي نېفىتلىكى توغرىسىدا دوكلات بەردىم، مىنىستىرلىق ئورگىنى تەبرىكلەش يې-غىنى ئاچتى، يىغىنغا نېفىت ئىنىستىتۇتىدىكى ئوقۇغۇچىلارمۇ قات-ناشتى، ھەممەيلەن روھلىنىپ كەتتى، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى مېنى ئېلىمىزدىكى خەلققە بۇ خۇش - خەۋەرنى دوك-لات قىلىشقا مەخسۇس ئورۇنلاشتۇردى، نېفىت مىنىستىرلىقى گو-

ۋۇيەلوەنگە قاراماي نېفىت رايونىنى ئۆزلەشتۇرۇش توغرىسىدا دوكلات يازدى، ھەمدە كۈچ تەشكىللەپ، قاراماي رايونىنى قولغا چۈشۈرۈشنى قارار قىلدى.

## IV قارامايدا چوڭ بىرلەشمە جەڭ تەشكىللەش

1956 - يىلى 3-، 4- ئايلاردا، قارامايدىكى چارلاش خىزمىتىدىن دەسلەپكى ئۈنۈم كۆرۈلۈۋاتقان چاغدا، بىز شىركەت پارتكومىتېتى كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى چاقىرىپ، ئالدىنقى بىر باسقۇچلۇق چارلاش خىزمىتىنى خۇلاسىلىدۇق، پۈتۈن شىركەتتىكىلەرنى قارامايىنى قولغا قوزغاشنى ئورۇنلاشتۇردۇق، قاراماي قېزىپ چارلاش باشقارمىسى قۇرۇشنى، شىركەتنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى يولداش چىن فىڭنىڭ باشقارما باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەشنى، ئون نەچچە باشقارما دەرىجىلىك كادىرنى ئاجرىتىپ، قارامايىنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى قارار قىلدۇق. مايتاغ كان ئىشلار ئىدارىسى «مايتاغنى تارايتىپ، قارامايغا ياردەم بېرىش بىرىنچى» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى، كۆپلىگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە تېخنىك خادىملار قارامايغا بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ئۆزىنى پائال تىزىملىغا ئالدۇردى. شۇ ۋاقىتتا قارامايدا تاماق، تۇرالغۇ شارائىتى ناھايىتى مۈشكۈل بولغاچقا، پەقەت 1600 دىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ قارامايغا بېرىپ ئىشلىشى تەستىقلاندى، بۇلار قارامايىنى قۇرغان بىرىنچى تۈركۈمدىكى تايانچلاردۇر، بۇ يولداشلار قارامايدا بىر

تەرەپتىن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانسا، ئىككىنچى بىر تە-
زەپتىن زىملالىكا قېزىپ، سوقما تام ئۆيلەرنى ياساپ، كېيىن
كېلىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن تۇرالغۇ شارائىتىنى ياراتتى، چار-
لاش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىدىغان خادىملار تۇشمۇ- تۇشتىن: تېيىمىز-
بۇرغىلاش ئەترىتى ئەنشەندىن، تېخنىك ئىشچىلار يۇيمىن، يەن-
چاڭ، سىچۇەن، باۋجى قاتارلىق نېفىت كانلىرىدىن يۆتكۆ-
لۈپ كەلدى؛ شاڭخەي، خۇنەن، خۇبېي، سىچۇەنلەردىن بىرمۇنچە
زىيالىي ياشلار كەلدى. 1956 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە قارا-
مايدا 5000 دىن ئارتۇق ئىشچى- خىزمەتچى ھەم ئۇلاردىن تەش-
كىللەنگەن 26 بۇرغىلاش ئەترىتى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ ئىشلەپ-
چىقىرىش، تۇرمۇش قوشۇنى بارلىققا كەلدى.

شۇ ۋاقىتتىكى تۇرمۇش ۋە خىزمەت شارائىتى ئىنتايىن جا-
پالىق ئىدى. كۆز يەتكۈسىز چۆل - جەزىرىسىنىڭ ھەممە يېرى
سۆكسۆك، يانتاق بىلەن قاپلانغان بولۇپ، نەچچە ئون چاقى-
رىملىق ئەتراپتا ئادەمنىڭ ئاياغ ئىزى كۆرۈنمەيتتى. كىلىماتى
ماتېرىك خاراكتېرلىك چۆل كىلىماتى بولۇپ، ياز پەسلىدە تومۇز
ئىسسىق سىلسىيە 40 گرادۇستىن، قىش پەسلىدە قەھرىتان سو-
غۇق نۆلدىن تۆۋەن 30 گرادۇستىن ئېشىپ كېتەتتى، كېچە-كۈن-
دۈزدىكى تېمپېراتۇرىدىمۇ زور پەرق بار ئىدى. قىش ۋە باھار پە-
سىللىرىدە قېلىن قار ۋە شىۋىرغان كىشىلەرگە ناھايىتى زور دە-
رىجىدە تەھدىت سالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قارامايدا سۇ ئىن-
تايىن قىس بولۇپ، بۇ سۇ 30، 40 چاقىرىم يىراقلىقتىكى جاي-

لاردىن ئاپتوموبىل ئارقىلىق توشۇلىدىغان بولغاچقا، كۈنلۈكى بىر كىشىگە پەقەت بىر جاۋۇر سۇ تەقسىم قىلىپ بېرىلەتتى. بۇ بىر جاۋۇر سۇنىڭ ئىشلىتىلىدىغان ئورنى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئەتىگەندە يۈز كۆزىنى يۇيۇشقا، ئېغىزىنى چايقاشقا، ئاخشىمى بەدىنىنى سۈرتۈپ، پۇتىنى يۇيۇشقا ئىشلىتىلەتتى، يەنە تىنىدۇرۇلۇپ، كىر يۇيۇشقا ئىشلىتىلەتتى. ئۈچ ۋاخ تاماقتىن كېيىن، بىر كىشىگە كۈنلىكى بىر كۇرۇشكىدىن ئىچىدىغان سۇ بېرىلەتتى، ئىچىپ بولالمىغان سۇنى باكلاشكىغا قاچىلاپ، ئۆزلىرى ساقلاپ ئىچەتتى. چارلاش قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان يولداشلار ئۆزلىرىنىڭ قەيسەر ئىرادىسىگە تايىنىپ، ئۇرۇش يىللىرىدىكى «جاپا-مۇشەققەتتىن، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان» پىداكارلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇشۇنداق جاپالىق شارائىتتا جەڭ قىلىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، قاراماي نېفىتلىكىنى كۈنسايىن كېڭەيتىپ، نېفىت قۇدۇقىنى كۈنسايىن كۆپەيتىپ، ئاخىرىدا يېڭى چارلاش ساھەسىنى يارىتىپ، دۆلىتىمىزدە يوشۇرۇن نېفىت قاتلىمىنى تېخىمۇ كۆپ تېپىش ئۈچۈن يول ئاچتى.

قارامايدا چارلاش خىزمىتى ھېلىھەم داۋاملىق كېڭەيتىلمەكتە. بۇنىڭدا ئەڭ مۇھىمى جۇڭگودا غەيرى ئانتىكلىنال نېفىتلىك ۋە يوشۇرۇن نېفىت قاتلىمىنى تېپىشنىڭ بىر يولى يارىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەسكىرى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈش، كۆپچىلىك ئەقىل كۆرسىتىش ۋە كۈچ تەقدىم قىلىش، ئادەتتىكى ھالەتتىن ھالقىپ چۈشىدىغان خىزمەت روھى



www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق، ئاساددىتتىكى ئەھۋالدىن ئۆزگىچە بولغان خىزمەت لە-
تىجىسىنى يارىتىشنىڭ بىر يۈرۈش تەجرىبىسى يارىتىلدى.

## يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ غەمخورلىقى ۋە كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇشى، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى ۋە كۈچ تەقدىم قىلىشى قارامايىنىڭ راۋاجلىنىشىنىڭ تۈپ شەرتى

1955 - يىلى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، قارامايدا 1 - نومۇر-لۇق قۇدۇق قېزىپ تاماملىنىپ، ئۇنىڭدىن ماي چىقتى، قاراماي-دا جەڭ قىلىۋاتقان كىشىلەر روھلىنىپ، بۇ خۇش - خەۋەرنى دەرھال نېفىت مىنىستىرلىقىغا دوكلات قىلدى. 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنخۇاشې تۇنجى چارلاش قۇدۇقىدىن ماي چىققان-لىق خەۋىرىنى ئېلان قىلدى. مەركىزىي كومىتېتتا ئىقتىسا-دىي خىزمەتكە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان يولداش چېن يۈن، لى فۇچۈن قارامايىنىڭ چارلىنىش ئەھۋالىنى كۆپ مەرتىۋە سورى-دى. 12 - ئايدا، نېفىت سانائەت مىنىستىرلىقىنىڭ شۇ چاغدى-كى مىنىستىرى يولداش لى جۇكۇي نېفىت مىنىستىرلىقىدىكى مەھكىمە، ئىدارىلاردىكى رەھبىرىي كادىرلارنى باشلاپ قارا-مايغا خىزمەت تەكشۈرگىلى كەلدى، ھەمدە شىنجاڭ نېفىت شىر-كىتىدىكى بارلىق كادىرلارغا، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نېفىت سانا-ئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈپ، «قارامايىنى چارلاش ۋە ئۆزلەشتۈرۈشنى

تېزلىتىش» نى «نېفىت شىركىتىدىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەڭ زور تىرىشچانلىق ۋە ئىشەنچى بىلەن، يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان ئېغىر ۋە مۇشكۇل ۋەزىپىنى كۆتۈۋېلىش» نى تەلەپ قىلدى. 1956 - يىلى 2 - ئايدا بېيجىڭدا چاقىرىلغان 1 - نۆۋەتلىك نېفىت چارلاش يىغىنىدا، كونا قاراماي رايونىدا چارلاش خىزمىتى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، يىل ئاخىرىدا كونا قاراماي تۈزۈلمىسىدە نېفىت ئېچىشنىڭ سانائەت قىممىتى بار - يوقلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىش تەلەپ قىلىندى. 4 - ئايدا، نېفىت مىنىستىرىنىڭ شۇ چاغدىكى ياردەمچىسى يولداش كاڭ شىئېن سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى گۇرۇپپىسىنى باشلاپ قاراماي ۋە ئورقۇغا كېلىپ، نەق مەيداننى تەكشۈردى. شۇ چاغدا ماي قاتلىمى بۇرغىلىنىۋاتقان ئالتە قۇدۇق بار ئىدى، كۆپچىلىكنىڭ مۇھاكىمە قىلىشى ۋە ئىسپاتلىشى ئارقىلىق، قارامايدىن ئورقۇغىچە 10 تالا چوڭ كەسمە يۈزنى قېزىپ چارلاش تەستىقلاندى.

1958 - يىلى 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى مۇئاۋىن رەئىس جۇدې قاراماينى كۆزدىن كەچۈرگىلى كەلدى. 10 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، مېنىڭ ھەمراھلىقىمدا مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنى كۆزدىن كەچۈردى، 11 - كۈنى قاراماي‌غا كېتىۋاتقان يول ئۈستىدە يەر تەۋرىتىش ئەترىتىنى كۆزدىن كەچۈردى، قاراماي‌غا بارغاندىن كېيىن، بۇرغىلاش ئەترىتى، قۇراشتۇرۇش ئەترىتى، نېفىت ئېلىش ئەترىتى ۋە باشقىلارنى كۆزدىن كەچۈر-

دى. ناھايىتى روھلۇق ھالدا كونا قارامايتاغقا چىقىپ، نېفىت-
لىكنىڭ پۈتۈن مەنزىرىسىگە نەزەر تاشلىدى. مىرزائاۋىن رەئىس
جۈدې ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى قوبۇل قىلدى ھەمدە نۇ-
تۇق سۆزلىدى. ئۇ كۆپچىلىكنى رىغبەتلەندۈردۈپ: «ئۈچ يىل
ئىچىدە قاقاس - چۆل جەزىرىدە 40 مىڭ كىشىلىك نېفىت شە-
ھىرى قۇرۇپ چىقىشىنىڭ ئۆزى قالتىس چوڭ نەتىجە؛ شۇنداقلا
كىشىنى تازا تەسىرلەندۈرىدىغان رىۋايەت» دېدى. ئۇ يەنە:
«نېفىت بولمىسا، ئېلىمىزدە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپ-
چىقىرىشىنى تېزلىكتە راۋاجلاندۇرغىلى بولمايدۇ، پارتىيە ۋە
ھۆكۈمەت سىزلەردىن بۇ ئۇلۇغ ۋە مۇشكۈل ۋەزىپىنى ئورۇن-
داشنى ئۈمىد قىلماقتا» دېدى. يولداش جۈدې: «20 مىڭ قۇ-
دۇق قېزىپ، 20 مىليون توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن
كۆرەش قىلايلى» دېگەن بېغىشلىمىنى يېزىپ بەردى، بۇ ۋەزىپى-
نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قارامايدىكى يولداشلار ھازىرغىچە
يەنە باتۇرلۇق بىلەن كۆرەش قىلماقتا.

1958 - يىلى 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، نېفىت سانائەت مى-
نىستىرلىقى قارامايدا ھەر قايسى نېفىتلىكنىڭ رەھبەرلىرى
قاتناشقان ئىش ئورنى يىغىنى چاقىردى. يىغىنغا شۇ ۋاقىتتىكى
مىنىستىر يولداش يۈچۈلى، مۇئاۋىن مىنىستىر كاڭ شىئېن رى-
ياسەتچىلىك قىلدى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتى-
كومىنىڭ شۇجىسى زىڭ دىمۇ يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا قاراماي-
دىكى بىرلەشمە جەڭدە يارىتىلغان بىرمۇنچە يېڭى ئۇسۇللار ۋە

نەتىجىلەر مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. يىلنىڭ بېشىدا يۈيىمىندا ئې-
چىلغان ئىش ئورنى يېقىنىدا يولداش جاڭ يۇنچىڭ باشچىلىقىد-
دىكى بۇرغىلاش ئەترىتى ( يەنى كېيىنكى داچىڭ 1202 - بۇر-
غىلاش ئەترىتى ) ئايىدا 1000 مېتر قېزىش، يىلدا 10 مىڭ
مېتر قېزىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يۈيىمىن كان ئىشلى-
رى ئىدارىسىنىڭ يولداش ۋاڭ جىنشى باشچىلىقىدىكى بۇرغىلاش
ئەترىتى (يەنى كېيىنكى داچىڭ 1205 - بۇرغىلاش ئەترىتى )
بۇنىڭغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشتى. بۇ ئىككى ئەترەت ئىككى رايوندا
پىداكارانە ئەمگەك قىلىپ ، بۇرغىلاشنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ يۇ-
قىرى سۈرئىتىنى ياراتتى. يىل ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ ھەر قايسى
بۇرغىلاش مېتراجىنى 10 مىڭ مېتىردىن ئاشۇردى، ئۇلارنىڭ شۇ
ۋاقىتتا تېخنىكىدا قوللانغان يۇقىرى بېسىم، تېز بۇرغىلاش،
چوڭ ھەيدەش مىقدارىدىن ئىبارەت تەدبىرى ھازىرقى پۈر-
كۈپ بۇرغىلاشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بىلەن ئوخشاپ كېتى-
دۇ. ئۇلارنىڭ يېتەكلىشى ئارقىسىدا، مەملىكىتىمىزدىكى بۇر-
غىلاش ئەترەتلىرى بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىدىغان مۇسابىقىنى
قانات يايدۇردى. بۇ مۇسابىقە شۇ ۋاقىتتىكى بۇرغىلاش سۈر-
ئىتىگە قارىتا ناھايىتى زور بۆسۈش رولىنى ئوينىدى. مۇشۇ-
نىڭدىن ئىلگىرى، بىر بۇرغىلاش ئەترىتى ئېيىغا كۆچەپ تۇرۇپ
ئاران 300 - 400 مېتر قازىدىغان بولغاچقا ، نەچچە يىللارغى-
چە بۇرغىلاش سۈرئىتىدە بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش تازا تەس-
تە توختاپ كەلگەنىدى. قاراماي ئىش ئورنى يېقىنىدىن كېيىن،



www.uyghurkitap.com

بۇرغىلاش سۇرئىتى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا يەنە ناھايىتى زو- دەرىجىدە يۈكسەلدى. قارامايىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى مەلۇماتىدىن قارىغاندا ، شۇ يىللاردا بار بولغان 78 بۇرغىلاش ئەترىتى ئايدا مىڭ مېترغا يەتكۈزۈشنى 250 ئەترەت قېتىم ئىشقا ئاشۇردى. و- ئايدا بۇرغىلاش 1 - داۋىيگە قاراشلىق 16 بۇرغىلاش ئەت- رىتى « ئېيىغا 1000 مېترغا يەتكۈزۈپ » ھەممىسى تەڭ ئىلگىرى- لەشنى ئىشقا ئاشۇردى، بۇ تەدبىرلەر چارلاش خىزمىتىنى كۈچەي- تىشتە مۇھىم روللارنى ئوينىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، گېئولوگىيىلىك چارلاش جەھەتتە، قارا- مايدا چارلاش باشلانغاندىن تارتىپ، ئالدىنقى بىر نەچچە يىل- دا يۈرگۈزۈلۈپ كەلگەن پەقەت تاغ ئالدى ئۆيۈلمىسىنى قېزىپ، پلاتفورمىغا ئاتلىنىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان كونا رامكا بۇ- زۇپ تاشلاندى. ئەينى ۋاقىتتا: «تاغ جىلغىسىنى بويلاپ تۇخۇم تېپىش، تۇخۇم كۆرۈلسىلا نېفىتنىڭ بار-يوقلىقى بىلەن كارى بولماي، قې- زېۋېرىش » دەيدىغان بىر قوشاق بار ئىدى، شۇڭا، قارامايدىن باشلاپ پلاتفورمىغا ئاتلىنىپ، يوشۇرۇن تۈزۈلمە تېپىش، ئۈزۈلمە قاتلام توسمىسىنى تېپىش چۈشىنىۋېلىندى، شۇندىن ئېتىبارەن، يوشۇرۇن نېفىت قاتلىمىنى تېپىش دېگەن بۇ چۈشەن- چە داچىڭدىكى چاڭيەن ۋە شەرقتىكى « غالىبىيەت» نېفىتلىكى ۋە باشقىلاردا غەلىبەتتىن ئۈيغىتىش رولىنى ئوينىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، قاراماي نېفىتلىكىنىڭ تېپىلىشى جۇڭگونىڭ نېفىت گې- ئوتېكتونىكىسىغا قوشۇلغان ناھايىتى چوڭ تۆھپە بولۇپ ھېساب-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لمىنىدۇ. يەنە ئالايلۇق، بۇرغۇ ماشىنىسىنى پۈتۈن گەۋدە بويىچە كۆچۈرۈش، نېفىت قۇدۇقلىرىدا ئىسسىقلىقنى يەرلىك ئۇسۇلدا ساقلاش، ئۇزۇن ئىس يولى بىلەن ئىسسىقلىقنى ساقلاش ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئاممىنىڭ شۇ ۋاقىتتا ئىجاد قىلغان كەشپىياتىدۇر. بۇ كەشپىياتلار ھازىر يەنە ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققى قىلدۇرۇلدى.

1958 - يىلدىن باشلاپ، نېفىت قاتلىمىنى كۆيدۈرۈشنى سىناق قىلىش ئېلىپ بېرىلدى. بۇ خىل سىناق تاكى 1964 - يىلغىچە داۋاملاشتۇرۇلۇپ، ئوتتۇرا، چوڭقۇر قۇدۇقلاردا ئوت يېقىپ سىناق قىلىشتىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇسكۈنىمىز ئۆتكەلدىن ئۆتەلمىگەنلىكى ۋەجىدىن، بۇ سىناق ئوتتۇرا يولدا توختىتىپ قويۇلدى.

يۇقىرىدا ئىزھار قىلىنغان ئەھۋاللار، ئامما تولۇق قوزغىتىلمىدىغان، كۆپچىلىك ئەقىل كۆرسىتىلمىدىغان ۋە كۈچ تەقدىم قىلىنمىدىغان، ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقى ئىشقا سېلىنمىدىغان بولسىلا، ئۆزگىچە سۈرئەت ۋە ئۈنۈمنى ياراتقىلى بولمىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

## VI ۋەتىنىمىز نېفىت بازىسىنى قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان قارامايلىقلار

شىنجاڭنىڭ نېفىت قۇرغۇچىلىرى 30 نەچچە يىل جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، ئەسلىدە بار بولغان نېفىت-

لىك ئاساسىدا، يەنە قارامايىنىڭ تاش كۆمۈر سىستېمىسىدىن يې-
ڭى زاپاس توپلانغان قاتلامنى تاپتى، بۇ قاتلامنىڭ زاپىسى ۋە
كۆلىمى ئەسلىدىكى زاپاس ۋە كۆلەمدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق،
ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدىن يەنە كۆرەڭ
ئۇندۇر، شىمالىي سەنتەي قاتارلىق يېڭى نېفىتلىك بايقالدى. رە-
قەملىك يەر تەۋرىتىپ چارلاش ئارقىلىق، ئويمانلىق پوندامېنتى-
نىڭ جايلىشىش ئەھۋالىغا قارىتا ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدى-
غان تونۇش ھاسىل قىلىندى، بۇ تونۇش چارلاشنى داۋاملىق
ئېلىپ بېرىشقا تېخىمۇ پايدىلىق. ئۇلار 7 - بەشيىللىق پىلانىدا
جۇڭغار ئويمانلىقىدىن ئىككى مىليارد توننا زاپاس تېپىشنى ئويلاش-
ماقتا، ئەگەر بۇ زاپاس 1% سۈرئەت بىلەن ئېچىلسا، يىللىق
مەھسۇلاتنى 20 مىليون تونىغا يەتكۈزگىلى بولىدۇ. بۇنىڭ بى-
لەن دۆلىتىمىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن
ناھايىتى چوڭ نېفىت زاپاس بازىسىنى تەييارلاپ بەرگۈسى.

ھەر قېتىم 50 - يىللاردا قارامايغا ئاتلىنىش ياكى ئاتلان-
ماسلىق ھەققىدە بولغان مۇنازىرىنى ئەسلىگىنىمدە، 50- يىللار-
دا نېفىت گېئولوگىيىسىگە دائىر بىلىمىنىڭ قانچىلىك يۈزە ئە-
كەنلىكىنى ھېس قىلماي قالمايمەن. 30 نەچچە يىل جاپاغا چى-
داپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ بىلىمى ۋە تەجرى-
بىسى چوڭقۇرلىشىپ، نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى. مەن شىنجاڭ
نېفىت سېپىدىكى پېشقەدەم سەپداشلارنىڭ داۋاملىق تىرىشچانلىق
كۆرسىتىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئىككى مىليارد توننا زاپاس-
نى چوقۇم تاپالايدىغانلىقىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

1986 - يىلى 9 - ئاي

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلەت مەھەممەد

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كونا قاراماي‍غا‌ باراي‍لى

## جاۋ‌مىڭيى

(1)

1955 - يىلى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، مايتاغ كان ئىشلار ئىدارىسىدىن ئەۋەتىلگەن لومىڭباۋ باشچىلىقىدىكى بۇرغىلاش ئەترىتى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال گىرۋىكىدىكى كونا قارامايدا قاراماي نېفىتلىكىنىڭ 1 - نومۇرلۇق قۇدۇقىنى قازدى، ھەمدە بۇ قۇدۇقتىن سانائەت خاراكتېرلىك ماي، گاز ئېقىمىنى قولغا كەلتۈردى. بۇ قۇدۇقنىڭ ئورنى 1955 - يىلى 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى بەلگىلىنىپ، 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى بۇرغىلاش باشلانغان ئىدى. 1 - نومۇرلۇق قۇدۇقتىن ماي چىققانلىقىنىڭ ئۆزى قاراماي نېفىتلىكىنى چارلاش ۋە ئۆزلەشتۈرۈشتە خۇشاللىنارلىق بىلەن تاشلانغان تۇنجى قەدەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1956 - يىلى 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، شىنخۇاشې مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا بۇ خۇش - خەۋەرنى ئېلان قىلىپ: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى قاراماي رايونى تازا ئۈمىدلىك بولغان چوڭ نېفىتلىك بولۇپ ئىسپاتلاندى دېدى. مەملىكىتىمىزدىكى خەلق بۇ خەۋەردىن ناھايىتى زور دە-

رىجىدە روھلاندى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. يولداش چىن يۈن نېفىت مىنىستىرلىقى بىلەن كېڭەش قىلىپ، ئىككى مىنىستىرلىقنىڭ مەسئۇللىرىنى مەخسۇس ئەۋەتىپ، ئۇلاردىن قاراماي نېفىتلىكىنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي سورىدى.

1956 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، مايتاغ كان رايونىنىڭ ئىچىدىكى ھەممە يەرگە: « كونا قاراماي‌تاغقا بارايلى! »، « دۆلەت ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان ۋە ئەڭ جاپالىق بولغان يەرگە بارايلى! » دېگەن شوئارلار چاپلىنىپ كەتتى. ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى قىزغىنلىق بىلەن ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىپ، كونا قاراماي‌غا بېرىشنى بەس-بەس بىلەن تەلەپ قىلدى. تولۇپ تاشقان ئىپتىخارلىققا چۆمگەن توپ-توپ نېفىت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى قاراماي‌غا يۈرۈش قىلدى، مەنمۇ شۇ چاغدا مايتاغدىن كونا قاراماي‌غا كەلگەنىدىم.

1956 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، قاراماي چارلاش باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، بۇ باشقارما ج ك پ مايتاغ كان رايونلۇق كومىتېتكە ۋە مايتاغ كان ئىشلار ئىدارىسىگە قاراشلىق بولدى، شىنجاڭ نېفىت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى چىن فىڭ قوشۇمچە باشقارما باشلىقلىقىغا، مايتاغ كان رايونلۇق پارتكومىنىڭ 3 - شۇجىسى زى جىنياۋ قوشۇمچە چارلاش باشقارمىسى شۆبە پارتكومىنىڭ شۇجىلىقىغا، ماجىشاڭ، ۋاڭ جاۋمىڭ، ليۇشىتەن، ليۇجەنساڭ باشقارمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، مايتاغ كان رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان پېقىر چارلاش باشقارمىسى شۆبە پارت-

كوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ قوشۇمچە باشلىقلىقىغا تەيىنلەندۇق.

(2)

قاراماينىڭ يەر ئاستى بايلىقى خېلى مول بولسىمۇ، لېكىن يەر ئۈستى بىپايان چۆل ئىدى، مانا مۇشۇ بىپايان چۆلدە ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلـغان، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك ياراتقان ئىنقىلابىي روھى مەندە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇردى.

1956 - يىلى قىش باشلىنىشتىن ئىلگىرىكى قاراماي‌دا، سۇ ئىنتايىن قىس ئىدى، توشۇپ كېلىنگەن سۇ ئاۋۋال قۇدۇق ئەتـرەتلىرىگە بېرىلەتتى، ئىچىدىغان ۋە ئىشلىتىدىغان سۇيىمىزنىڭ ھەممىسى شاۋشىخۇنىڭ سۈيى ئىدى، بۇ سۇدا: ئاچچىق، تۇزلۇق، قىرتىقلىقتىن ئىبارەت ئۈچ ئالاھىدىلىك بار ئىدى. كېيىن بۇ يەرگە جىق ئادەم كەلدى، ئۇلار بىر مەھەل چوڭقۇر قۇدۇقتىن فونتان بولۇپ چىققان، تەركىبىدە ھىدروگېن سۇلفىد بار سۇنى ئىشلەتتى، تېز بۇرغىلاش ئەترەتلىرى ئىچىدىغان سۇ چىقىدىغان قۇدۇقنى قېزىشقا تىت - تىت بولغان بولسىمۇ، نەتىجىدە بۇ قۇدۇقـلاردىن سۇ چىقماي ماي چىقتى. يومكا ئورنىتىلغان بىر قانچە ئاپتوموبىل 45 كىلومېتر نېرىسىدىكى ماناس دەرياسىدىن سۇ توـشۇشقا سېلىنىسىمۇ، توشۇپ كېلىنگەن بۇ سۇ ئېھتىياجنى قامدىيالـمايتتى. قايسى بىر بۇرغىلاش ئەترىتى خۇش - خەۋەر يەتكۈزۈپ كەلسە، ماناس دەرياسىنىڭ سۈيى مۇكاپات بۇيۇمى ئورنىدا بېرىـلەتتى، بۇ يەردە سۇ ئالتۇندىنمۇ قىممەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىـ

لى بولىدۇ.

بۇ يەردە چىۋىن كۆپ بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىچمەدىغان سۇ ئاچچىق بولغانلىقى ئۈچۈن بىر مۇنچە كىشىلەر دائىم ئىچى سۈرۈش ۋە تولغاق كېسەللىكىگە مۇپتىلى بولاتتى. پاشا - كۇمۇتىلارمۇ زەھەرلىك نەشتەرىنى سانجىپ كىشىنىڭ ھالىنى قويمايتتى، پاشا - كۇمۇتا چاقىقان يەر ھۆررەك - ھۆررەك ئىششىپ چىقاتتى. شۇ كەمدە ئورقۇ ئۇچاستىكىسى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغان يولداش جاڭ خۇڭ بۇ ئەھۋالنى تەسۋىرلەپ:
« ئادەمنى چېقىشتا پاشا - كۇمۇتىلارمۇ ئۈچ سىپىنا بويىچە ئالمىشىپ چاقىدۇ، ئاۋۋال كۆكۈيۈن كېلىپ چاقسا، ئارقىدىن كۇمۇتا، ئۇنىڭ ئارقىدىن پاشا كېلىپ چېقىپ، ئادەمگە ئارام بەرمەيدۇ »
دېگەن ئىدى. چىدىرلار يېتىشمىگەچكە، يېڭى كەلگەن بۇرغىلاش ئەترەتلىرى ئوچۇق دالىدا يېتىشقا مەجبۇر بولاتتى، ئىشقا چىققاندا يامغۇرنىڭ ياغقانلىقىغا، بوراننىڭ چىققانلىقىغا قارىماي، يۈك - تاقلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ دەستىلەپ قوياتتى، ئاخشىمى ئۇخلىغان ۋاقتىدا پاشا - كۇمۇتىلارنى قوغلاش، قاشقىر ۋە ياۋايى چوشقىلارنى قوغلاش ئۈچۈن، گۈلخان يېقىشقا دېجورنى قويىلاتتى. چىدىر ئىچىگە ئۈچ قەۋەتلىك كارىۋات قويۇلۇپ، ئۇنىڭدا ئۇخلىغان كىشىلەر تازا قىستا - قىستاڭچىلىقتا ئۇخلىسىمۇ، بۇنىڭدىن بىر قەدەر رازى ئىدى. ياز كۈنلىرى ھاۋاسىلسىيە 40 گرادۇستىن ئارتۇق ئىسسىپ، ئادەمنى چىدىغۇسىز دەرىجىدە كۆيدۈرەتتى، تەلۋە بوران توختىماي چىقىپ، قۇم - شېغىللارنى ئۇچۇرىتىپ، ئادەمنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن تورىسى
www.uyghurkitap.com

يلىز كۆزنگە ئۇراتتى، بەزىدە 12 بال بوران چىقىپ، چىدىرلى ئېلىپ قاچاتتى، ھەتتا بەزى ۋىشكىنىڭ ئىككى قەۋەتلىك سۇپىسىنىمۇ ئۇچۇرۇپ، يىراقلارغا ئاپىرىپ تاشلايتتى.

شۇ قەدەر قىيىنچىلىقلار، ھەر مىللەت نېفىت ئىشچىلىرىنى قورقىتالمىدى، ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقى ئىنتايىن ئۇستۈن بولدى، ئۇلار ۋەتەن ئۈچۈن نېفىت تېپىش يولىدا ھەر بىر پەيتنى قولدىن بەرمىدى. شۇ كەملەردە، بىردەم بۇ بۇرغىلاش ئەترىتى قۇدۇق قېزىشتا يېڭى رېكورت ياراتقان، بىر دەم ئۇ نېفىت سىناش ئەترىتى نېفىت سىناشتىن مۇۋەپپەقىيەت قازانغان خۇش - خەۋەرلەر ھەر كۈنى دېگۈدەك يەتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. كومپارتىيە ئەزاسى رېن رۇڭتاڭ باشچىلىق قىلدۇاتقان ئەترەت 29 - نومۇرلۇق قۇدۇقنى قازغاندا، يېڭى رېكورت يارىتىپ، پۈتۈن چارلاش رايونىدا شىددەتلىك جەڭ قىلىشقا يېتەكلەيدىغان بايراقدارغا ئايلاندى. پۈتكۈل چارلاش رايونىدىن خۇش - خەۋەرلەر ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ، كىشىلەر ئەلا نەتىجىلەرنى يارىتىپ، ئېچىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 8 - قۇرۇلتىيىغا مول سوۋغا تەقدىم قىلىشقا تەييارلاندى.

(3)

شۇ چاغدا كونا قارامايىنىڭ يېنىغا بىر نەچچە ئاددىي زېمىلانكىلار قاتار ياسىلىپ، چارلاش باشقارمىسىنىڭ ئىش بېجىرىدىغان ئورنى مۇشۇ زېملانكىدا تەسىس قىلىندى. مەن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىي سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ

شۇجىسى يولداش ليۇ شاۋۋۇ بىلەن بىر زىملانكىدا ياتاتتىم. يولداش ليۇ شاۋۋۇ شۇ چاغدا چارلاش رايونلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن قارامايغا كەلگەن، مۇشۇ مەزگىلدە، ئۇ لومىڭباۋ بۇرغىلاش ئەترىتىنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ئىنكاس قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان «قاراماي ئوچقۇنلىرى» دېگەن بىر كىتابنى يازدى.

يولداش ليۇ شاۋۋۇ مەن بىلەن كونا تونۇش. ئۇ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزگىللىرىدە شەنشى، چاخار، خېبېي ھەربىي رايونىنىڭ سىياسى بۆلۈمىدە «دۈشمەنگە قارشى» سانايى نەپىسىدە سىياسى مەسلىھەتچى بولۇپ ئىشلىگەن، ئازادلىق ئۇرۇش مەزگىلىدە 6 - كورپۇس سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولغان. ئۇنىڭ رەپىقىسى بىجەن مېنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى «يېڭى دەۋر» سانايى نەپىسىدىكى كونا سەپدىشىم بولۇپ، ئۇنىڭ رولغا چىقىشتىكى ماھارىتى قالتىس ياخشى ئىدى. خېبېي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ «يېڭى دەۋر» سانايى نەپىسىدە ئوپېرا ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ۋاقتىمدا، سانايى نەپىسىدىكى تىياتىر ئەترىتىنىڭ باشلىقى فۇدۇ بىللە بىلەن، سانايى نەپىس باشلىقى يولداش لياڭ بىننىڭ تاپشۇرۇقىنى ئېلىپ، خېبېي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، قوشۇمچە تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يولداش جاڭ لويىغا ئەگىشىپ، ياپون قاراقچىلىرى ئىستىھكام ياساپ، خەندەك قېزىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاتتىق قامال قىلىۋەتكەن بېيپىڭ-ۋۇخەن تۆمۈر يولىدىن ئۆتۈپ، 1941-يىلى 7-ئايدا شەنشى، چاخار، خېبېي چېگرا رايونىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان سەنئەت كۆرۈكىگە قاتنىشىش ئۈچۈن، خېبېينىڭ غەربىدىكى تاغلىق يەرگە كېلىپ، «دۈشمەنگە قارشى» سانايى نەپىسىدە ياتتۇق. بىز بىرىنچىلا «دۈشمەنگە قارشى» سانايى نەپىسىنىڭ باشلىقى يولداش ۋاڭ ياك، سىياسى مەسلىھەتچى يولداش ليۇ شاۋۋونىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق. 1949-يىلى ياز پەسلىدە، غەربىي شىمال جەڭ مەيدانىنىڭ پۈتۈن جېڭى مەزگىلىدە، مەن 4-كورپۇس 11-دىۋىزىيە 33-پولكىدا تەشۋىقات بۆلۈمچىسىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈمچە باشلىقى بولۇپ ئىشلىگىنىمدە، 11-دىۋىزىيىنىڭ شەنشىنىڭ تىڭشياڭدا ئۆتكۈزگەن ياچېيكا شۇجىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتناشتىم، مەن ئاتلىق تىڭشياڭدىن تىڭخې دەرياسى ۋە ۋېيخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، 6-كورپۇس سەنئەت ئۆمىكىنىڭ شىئەن «جەنگو» ناملىق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى تۇرۇشلۇق ئورنىغا كەلسەم، يولداش بىجەن بىلەن يولداش ليۇ شاۋۋو مېنى قىزغىن كۈتۈۋالغانىدى.

1956-يىلى ياز پەسلىدە، مېنىڭ يولداش ليۇشاۋۋو بىلەن قاراماي دىكى زىملانكىدا بىللە بولۇشۇم-بۇ ئۈچىنچى قېتىملىق بىللە بولۇش ئىدى. زىملانكىنىڭ ئىچى چوڭ ئەمەس، ئۇنىڭغا ئىككى كارىۋات ۋە ئىككى تاتىلىق بىرلا شىرەنى قويغىلى بولاتتى، بۇ شىرەنى يولداش ليۇ شاۋۋو بىلەن ئىككىمىز بىرلىشىپ ئىشلەتتۇق، «قاراماي ئوچېركلىرى» دېگەن مۇشۇ كىتابىتىكى

ماقالىلەرنىڭ زور كۆپ ساندىكىسىنى ئۇ مۇشۇ شەرەگە ئېگەشتۈر-
لىپ يېزىپ چىققانىدى.

يولداش ليۇشاۋۋۇ قارامايدا، بىر تەرەپتىن، نېفىت ئىشچى-
لىرىنى چۈشىنىپ، تۇرمۇشىنى ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۆگەندى، ئىك-
كىنچى تەرەپتىن، ئۇ يەنە قارامايدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلار تورپى-
نىڭ باشچىسى بولۇپ، قارامايىنىڭ خىزمەتلىرىنى قانداق خەۋەر
قىلىش مەسىلىسىگە ناھايىتى زور دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلدى، بو-
لۇپمۇ نېفىت كان پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان
چېغىدا كۈچلۈك مەدەت بەردى ۋە سەممىيلىك بىلەن يول كۆر-
سەتتى. مەن ئابرويلۇق يولداش ليۇ شاۋۋۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن «ئە-
جىر قىلساڭ ھالۋا پۇتتۇر غورىدىن» دېگەن تەمسىلنىڭ ھەقىقى
لەززىتىنى تېتىدىم ۋە بۇ جەھەتتە ئۇنۇملۇك ھاسىل
قىلدىم. مۇشۇ ۋاقىت مېنىڭ خەۋەرلەرنى بىر قەدەر كۆپ
يازغان بىر تارىخىي دەۋر بولۇپ قالدى. 1956 - يىلى يازنىڭ
باشلىرىدا «شىنجاڭ گېزىتى» مەن يازغان «ۋەتەن ئۈچۈن نېفىت-
نى كۆپ تاپايلى» دېگەن تېمىدىكى ماقالىنى باستى. 7 - ئايدا
قارامايدا تومۇز ئىسسىق ۋە قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلى-
نىپ، تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسى ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى.
ئارقىدىن «شىنجاڭ گېزىتى» يەنە مېنىڭ «قاتمۇ - قات قىيىنچى-
لىقلارنى يېڭىش داۋامىدا قولغا كەلگەن غەلىبە» دېگەن ماقالەمنى
باستى، مەن بۇ ماقالىنىڭ بېشىدا: 7 - ئايدىكى قۇياش جۇڭغار
ئويمانلىقىنى تونۇردەك قىزىتىۋەتتى ...... دەپ يازغانىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## (4)

قاراماي نېفىتلىكى ئېلىمىز خەلقىنىڭ غەمخورلۇقىغا ۋە
دىققىتىگە سازاۋەر بولدى. مەملىكىتىمىزدىكى ئاساسلىق گېزىتلەر
ئالايلۇق، «خەلق گېزىتى»، «ئىشچىلار گېزىتى»، شىنخۇاشې ئا-
گېنتلىقى «شىنجاڭ گېزىتى»، «جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق گېزىتى»
ۋە باشقا گېزىتلەرنىڭ ھەممىسى قارامايىنى زىيارەت قىلىشقا مۇخ-
بىر ئەۋەتتى. مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش، ئەينى ۋاقىتتىكى خىزمە-
تىمىنىڭ ئاساسلىق بىر مەزمۇنى بولۇپ قالدى. مەركەزدىكى ھۆج-
جەتلىك كىنو فىلىم ئىستودىيىسى كونا قارامايىنى زىيارەت قىلىش-
قا ئىككى مۇخبىر ئەۋەتىپ، نەق جايىنى سۈرەتكە ئالدى، مۇشۇ
ۋاقىت دەل مايتاغدىن قاراماي غىچە بولغان تاشيول پۈتۈپ، يولداش
چېن فىڭ لېنتا كېسىش ۋە ئاپتوموبىل قاتناش مۇراسىمىغا رىيا-
سەتچىلىك قىلىۋاتقان ۋاقىتقا توغرا كەلگەنىدى، شۇ كۈنى، ئىك-
كى مۇخبىر تارىخىي خاراكتېرلىك بىر مۇنچە كۆرۈنۈشلەرنى رەسىم-
گە ئالدى. قاراماي نېفىتلىكىنى چارلاش ۋە ئۆزلەشتۈرۈشتە ئالا-
ھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن چېن فىڭ، ماجىشاڭ، ۋاڭ بىڭچىڭ،
لوڭباۋ قاتارلىق يولداشلار بۇ كۆرۈنۈشكە چۈشتى.

مۇشۇ مەزگىلدە، قارامايدىن ھال سوراش ئۈچۈن، كۆپ سەنئەت
ئۆمەكلىرى، ئالايلۇق، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاممىۋى تىياتىر
(جىڭجۈ) ئۆمىكى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي ناخشا - ئۇسسۇل ئۆ-
مىكى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مىللىي ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى قا-
تارلىق ئۆمەكلەر كەلدى. مۇشۇ ھال سوراش ئۆمىكىدىكى ياش

گەر - ئايال ئارتىسلەر ئەدەبىي سەنئەت نومۇرلىرىنى بۇرغىلاش ئەترەتلىرىگە، قۇدۇق مەيدانلىرىغا ئاپىرىپ ئوينىدى. نېفىت سىنا-ناش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قۇدۇق بېشىدا، ئۇلار يەنە ئىش كىيىم-لىرى پۈتۈنلەي مايغا چىلىنىپ كەتكەن نېفىت ئىشچىلىرىنى تەك-لىپ قىلىپ بىرلىكتە ئۇسسۇل ئوينىدى. ئىشچىلار: نېفىت سىناشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانىدۇق، بىزدىن هال سوراپ كەپتۇ سەن-ئەت ئۆمىكى، بۇ ھەقىقەتەن خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق دېيىش-تى.

سەنئەت ئۆمەكلىرى هال سوراپ ئويۇن قويغىلى بارغانلى-كى يەردە، مەيدانلار ئىنتايىن خۇشاللىققا چۆمدى. كىشىلەرنىڭ قەلبى سۆيۈنۈپ كەتتى، مەن مۇشۇ هال سوراش ئۆمەكلىرىنىڭ قاراماي‌دىكى بارلىق پائالىيەتلىرىگە قاتناشتىم.

(5)

1956 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، مەن پارتكومنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە قاراماي كان ئىشلار ئىدارىسىنى قۇرۇشقا تەي-يارلىق كۆرۈش خىزمىتىنى ئىشلىدىم، ھەمدە كان ئىشلار ئىدارى-سىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تەبرىكلەش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدىم.

شىنجاڭ نېفىت شىركىتى (شۇ چاغدا شىنجاڭ نېفىت ئىدا-رىسى دەپ ئاتىلاتتى) نىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى يولداش چيەن پېڭ شىر-كەت پارتكومىغا ۋاكالىتەن تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆز قىلدى، يىغىندا قاراماي كان ئىشلار ئىدارىسىدىكى پارتىيە، مەمۇرىيەت، ئىشچىلار ئۇ-يۇشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى ئاساسىي مەسئۇللىرىنىڭ ئىسمىلىكى ئېلان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىندى، سابىق شىركەت پارتكومى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يولداش جاڭ زىلىن قاراماي كان ئىشلار ئىدارىسى پارتكومىنىڭ شۇجىلىقىغا، يولداش زى جىنياۋ ئىدارە باشلىقلىقىغا ...... تەيىنلەندى. مايتاغ كان ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يولداش شۈي شىجە يىغىنغا كېلىپ، قاراماي كان ئىشلار ئىدارىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلىدى، ھەمدە يىغىنغا لەۋھە تەقدىم قىلدى، يىغىننىڭ ئېچىلىشى كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇردى. شۇندىن ئېتىبارەن، قاراماي نېفىتلىكىنى چارلاش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى.

1956 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، قاراماينىڭ تەرەققىيات تارىخىدا شەرەپلىك بىر كۈن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قاراماي كان ئىشلار ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇمايتاغ كان رايونى بىلەن بولغان تەۋەلىك مۇناسىۋىتىدىن ئايرىلىپ، بىۋاسىتە شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارايدىغان بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، مەن مايتاغ كان رايونلۇق پارتكومىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىدىن ئۈرۈمچى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ تېخنىكا مائارىپ باشقارمىسىدا ئىشلەشكە يۆتكىلىپ، مايتاغ ۋە قاراماي بىلەن خەيرلەشتىم.

1985 - يىلى 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلەت مەھەممەد

# ئۆچكىلىك نىفىتلىكىنىڭ تېپىلىشى

شياگوڭجون

جۇڭگو - سوۋېت نېفىت شىركىتى 1952 - 1954 - يىلىلىرى
تەڭرىتاغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى تەخمىنەن 50 مىڭ كىۋادرات
كىلومېتىر دائىرە ئىچىدە $\frac{1}{20}$ تۈمەنلىك ماسشتاب بىلەن گېئولوگى-
يىلىك ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەمدە ئايرىم-ئاي-
رىم ھالدا δU، UD تىپلىق بۇرغا ستانوكلىرىنى ئىشلىتىپ، بىر
قىسىم ستروكتورىلارنى بۇرغىلاپ چارلاپ بەزى گېئولوگىيىلىك
نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. تارىم ئويمانلىقىنى گېئولوگىيىلىك چار-
لاشنى ئومۇمىيۈزلۈك قاناتىيايدۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭ نېفىت ئى-
دارىسىنىڭ گېئولوگىيىلىك چارلاش باشقارمىسى 1957- يىلى تا-
رىم گېئولوگىيىلىك چارلاش داڈۈيى قۇردى، جاڭ جيادا، چېن-
جىبىن قاتارلىق پېشقەدەم كادىرلار داڈۈي باشلىقى بولۇپ، مەن
گېئولوگ بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىدىكى 560 مىڭ كۋادرات كىلو-
مېتىر يەرنى گېئولوگىيىلىك چارلاش خىزمىتىگە بىر تۇتاش رەھ-
بەرلىك قىلدۇق.

گېئولوگىيىلىك چارلاش خىزمىتى ئىككى چەڭ مەيدانىغا ئاي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رىلىپ ئېلىپ بېرىلدى. بىر جەك مەيدانىدا گېئولوگىيە دۆيى-ئۈلچەش دۆيىنى ئاساس قىلىپ، تەگرىتاغ، كۇئىنلون تېغى ئال-دىدا گېئولوگىيىلىك ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش، تەپسىلى تەكشۈ-رۈپ خەرىتە سىزىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش قانات يايدۇرۇلدى. يەنە بىر جەك مەيدانىدا گىراۋىي ماگنىت كۈچى، توك ئۆسۈلى، يەر تەۋرىتىش دۆيىنى ئاساس قىلىپ چۆل - قۇم-لۇق رايونلاردا گېئو فىزىكىلىق ئەسۋابلار بىلەن يەر ئاستىدىكى گېئولوگىيىلىك ستروكتورىغا دائىر خەۋەرلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

گېئولوگىيە دۆيىدە ئىككى نەپەر ياش قىز دۆيجاڭ بار ئى-دى. ئۇنىڭ بىرى دەيجيەن بولۇپ، ئۆچكىلىك ستروكتوروسىدا تەپسىلى تەكشۈرۈش ئىشلىنى ئىشلەيتتى. يەنە بىرى گوۋېيخوڭ بولۇپ، تۈگۈر مەن ستروكتوروسىدا تەپسىلى تەكشۈرۈش بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇ ئىككى ستروكتورونىڭ ئارا تۇتاش بولۇپ، ئىش رايونى مۇرەككەپ تاغلىق يەر ئىدى. جەنۇبى شىنجاڭنىڭ تاغلى-رىنىڭ مۇنداق بىر نەچچە ئالاھىدىلىكى بار:

1. كۆپىنچىسى تاقىر، گىياھ ئۈنمەيدىغان تاغلار بولۇپ، تاغقا چىقىدىغان چاغدا تۇتىدىغان بىرەر نەرسىمۇ تېپىلمايدۇ.

2. تىك چوققىلار كۆپ بولۇپ، بەزى تاغلارغا بىرلا يول بىلەن مېڭىپ چىقىپ شۇ يول بىلەن چۈشۈشكە توغرا كېلىدۇ. خۇددى «خۇاسەندە بار ئەزەلدىن بىر يول» دېگەندەك خەتەرلىك.

3. جىلغىلار بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ بۇ جىلغىلارنىڭ كۆپىنچىسىدە يالغۇز چوققا بار.

مۇشۇنداق يەر شارائىتى گېئولوگىيىلىك چارلاش ئۈچۈن ئوڭايلىق يارىتىپ بەردى. لېكىن يەر شارائىتىنىڭ يامانلىقى يە- نە خىزمەتلەرگە قىيىنچىلىقمۇ پەيدا قىلدى. 50- يىللاردىكى چار- لاش دۈيىنىڭ ئەزالىرى تاغلىق جايلاردا ئىشلەشكە كۆنۈش ئۈ- چۈن بىر چېنىقىش جەريانىنى باشتىن كۆچۈردى. دە يجيەن، گوۋېيخوڭ ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ۋەكىللەر. ئۇ ئىككىسى 55- يىلى غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ گېئولوگىيە كەسپىنى پۈت- تۈرگەنلەر بولۇپ، شىنجاڭغا كېلىپ دالىدا ئىشلەشكە ئۆز ئىختى- يارى بىلەن تىزىملاتقانلار ئىدى. پراكتىكا ۋاقتىدىلا تاغقا يامې- ىش سىنىقىغا دۇچ كەلدى: تىكراق تاغلارغا ياماشقاندا، ئۇلار- نىڭ كۆزى ھەمىشە تاغ ئاستىدىكى چوڭقۇر ھاڭغا تىكىلەتتى، پۇتى تېيىلىپ چۈشۈپ كېتىشتىن قورقۇشاتتى، يۈرىكى پوكۇلداپ سو- قۇپ، پۇتلىرى ئىختىيارسىز تىترەيتتى. باشقىلارنىڭ تاغقا چى- قىپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ تاغقا چىقىشقا جۈر- ئەت قىلالمايۋاتقانلىقىنى ئويلىشىپ، تىت - تىت بولغىنىدىن يىغ- لىغۇسى كېلەتتى، مۇنچاقتەك تەرلەر پېشانىسىدىن توختىماي ئې- قىپ چۈشەتتى. ئۇلار كۆڭلىدە مۇنداق يەر شارائىتى يىگىتلەرنىڭ چېنىقىشىغا باپ كېلىدىكەن، تېنى ئاجىز قورقۇنچاق قىزچاقلارغا ھەقىقەتەن تەس ئىكەن دەپ ئويلىشاتتى .... باشقا يولداشلار قوللىرىنى سۇنۇپ ئۇلارنى تاغقا چىقىشقا تارتسا، تەرسا قىزلار ئۇنى رەت قىلىشاتتى. لېكىن ئۇلار يەنە، ئۆزىمىز گېئولوگىيە كەسپىگە ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن خەتلەتكەن ۋە شىنجاڭغا كېلىش-

نى ئەلتىماس قىلغان تۇرساق، تاغقا يامىشىشقا جۈرئەت قىلالمىساق گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشنى قانداق ئېلىپ بارىمىز؟ ئېمىشقا ئەر يولداشلار تاغقا چىقالايدۇ- يۇ بىز چىقالمايمىز؟ دېگەننى ئېسىگە ئېلىشاتتى. كۆچلۈك كەسپچانلىق ۋە غۇرۇر ئۇلارنىڭ قەلبىنى قاپلىۋالدىدە، جاسارىتى ئاشتى، پۈتى تىترىمەيدىغان بولدى. چىشىنى چىشلەپ، يامىشىپ دېگەندەك تاغقا چىقىشتى. ئادەمنىڭ جاسارىتى ئۈزلۈكسىز چېنىقىشتىن كېلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى بىردەملىك ئىچىدە پەيدا بولغان قىيىنچىلىقتىن قورقۇش كەيپىياتىنى تەكشۈرۈپ، تېخىمۇ جاپاغا چىداپ چېنىقىپ، ئەر يولداشلارغا ئوخشاش تاغلىق يەردىكى گېئولوگىيە خىزمىتىگە ئادەتلىنىپ كەتتى.

دالادىكى گېئولوگىيىلىك چارلاشتا ھەم جاپالىق جىسمانى ئەمگەك سىڭدۈرۈشكە، تېخىمۇ مۇھىمى ئەقلى ئەمگەك سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. تاغقا يامىشىش ھەر بىر تاغ چوققىسىدىكى ئوخشىمىغان تاغ جىنسلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆزىتىپ، بۇنىڭدىن نېفىتنىڭ ھاسىل بولۇش، يۆتكىلىش، توپلىنىش، پارچىلىنىش، ساقلىنىشىغا دائىر ماتېرىياللارغا ئىگە بولۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. گېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى يەر ئاستىغا چوڭقۇر كۆمۈلگەن نېفىت قاتلىمىنى بىۋاستە كۆزىتەلمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ تەرەپلىمىلىك ماتېرىياللارنى ئاساس قىلىپ ئەقلى ھۆكۈم چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ كىشىلەردە بىر قەدەر كەڭ بىلىم دائى-

رىسى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، دەپ جېيەن، گوۋېيخوڭ دالاداپراك-
تىكا قىلغاندا بىر قەدەر تىرىشچانىدى. ئۇلار كۈندۈزى گې-
ئولوگىيىلىك ھادىسىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتسە ۋە سۈرەت-
لىسە، كەچتە چېدىرغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خىرە چىراغ
يورۇقىدا بىر تەرەپتىن ماتېرىياللارنى رەتلىسە، بىر تەرەپتىن كى-
تاب ئوقۇيتتى. ئۇلار نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۇرۇش ئار-
قىلىق،كەسپتە مەلۇم دەرىجىدە ئالغا ئىلگىرىلىدى دېيەلەيمىزكى، ئەتەي
ئۇلارنى خەرىتە سىزىشقا قويدى. تەكشۇرۇش ئارقىلىق قىسمەن
يەر قاتلاملىرىنىڭ خاتا سىزىلىپ قالغانلىقى، خەرىتىنىڭ لايا-
قەتلىك بولمىغانلىقى، قايتىدىن سىزىشقا توغرا كېلىدىغانلىقى سې-
زىلدى. قىزچاقلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆگىنىشىنىڭ تېخى پۇختا ئەمەس-
لىكىنى ئاستىرىتتىن ئويلاشتى. بىر قېتىم ئوگۇشسىزلىققا ئۇچرى-
ساڭ بىر قېتىم ئەقىل تاپىسەن دېگەندەك كېيىنكى خىزمەتلەردە
ئۇلار ئوخشىمىغان يەر قاتلىمىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۆز-
گىرىش قانۇنىيىتىنى تۇتۇۋېلىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى.
ئىككى - ئۈچ يىللىق ئەمەلىي چېنىقىش ئارقىلىق ئۇلار يېڭى
بىر ئەۋلاد تايانچىلاردىن بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلدى. 1958- يىلى
ئىككىلىسى كېئولوگىيىلىك تەپسىلى چارلاش دۈيىسىنىڭ باشلىقلى-
قىغا ئۆستۇرۇلدى.

گوۋېيخوڭ رەھبەرلىك قىلىۋاتقان دۈيىسىنىڭ ئىش رايون-
نىڭ يەرشەكلى يامان بولۇپ، تاغلىرى ئېگىز، جىلغىلىرى چوڭقۇر،
كېئولوگىيىلىك ئەھۋالىمۇ مۇرەككەپ ئىدى. ئىش ئۇنۇمىنى ئۆستۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رۇش ئۈچۈن يولنى تەكرار ماڭماسلىق ياكى ئاز مېڭىش كېرەكمىدى. ئۆزلىرى جاپانى كۆپرەك چېكىشكە رازى بولۇپ، دائىم جۇگا، موما، سۇدان قاتارلىقلارنى كۆتۈرۈپ تاغدا ئىشلەيتتى. كەچ كىرگەندە شۇ يەردىلا ئۇخلاپ قالاتتى، سۇ، ئوزۇقلۇقى تۈگەپ كەتكەندە ئاندىن تۇرار جايىغا قايتىپ كېلەتتى. جىسمانى كۈچ بەك زىيادە سەرپ بولۇپ كەتكەنلىكتىن دۈينىڭ بەزى ئەزالىرىنىڭ سۈيى يېتىشمەي، ئاغزى قۇرۇپ چاپلىشىپ كېتەتتىمە، ئۆزلىرىنىڭ سۈيدۈكىنى ئىچىشكە مەجبۇر بولاتتى. يەنە ئايرىم دۈي ئەزالىرى تاغ تىك، تاشلار سىيرىلىپ چۈشۈپ تۇرغاچقا ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ چۈشۈپ، ئاغزى- بۇرنى قانغا بۇيىلىپ كېتەتتى، ھەتتا ئېغىر زەخىملىنىپ كېتەتتى. گېئولوگىيە دۈيىنىڭ ئەزالىرى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ چىدىشى تەس بولغان جاپالىق مۇھىتتا ھەربىر گېئولوگىيىلىك نۇقتىغا يېتىپ بېرىش، ئۇنى كۆرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەم تارقالغان ستروكتورىدىكى نېفىت، گاز ئالامەتلىرىنى ئېنىقلىدى، غەربىي ئېگىزلىك نۇقتىسىدىكى قورشالمىنى ئەمەللەشتۈردى، ھەم ئۆزلىرىنى جاپاغا، ھېرىش چارچاشقا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، كەسپىي بىلىمى، كەسپچانلىقى بولغان تايانچ گېئولوگىيە كۈچلىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقتى.

ئۆچكەلىك ستوروكتورىسىنىڭ چوققىسىدا بىر يورۇش قىزىل قاتلام بولۇپ، ماكرو جەھەتتە ئوخشاشتەك كۆرۈنىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرى ئۇنى ئوخشاش دەۋردىكى تىرىئاس سىستېمىسى دەپ بېكىتكەن. بىزنىڭ تەتقىقات دۈيىمىز قىزىل

قاتلام ئىچىدە ئىككى توتاشمىغان ئايرىلىش يۈزى بارلىقىنى بايقاپ، ئۇنىڭ ئوخشىمىغان ئۈچ دەۋردىن تەشكىل تاپقانلىقىنى بېكىتتى. گېئولوگىيىلىك تەپسىلى چارلاش خەرىتىسىدە ئالدى بىلەن قاتلام تەرتىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك ئىكەن. بۇ تونۇش بىر چوڭ بۆسۈش بولدى. دەي جيەن قاتلامغا بۆلۈشتە كېيىنكى پىكىرنى قوبۇل قىلىپ، ئالدى بىلەن ستروكتورىنىڭ چوققىسىنى ئېنىقلاپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ستروكتورىنىڭ شەرقى قىسمىدا داۋاملىق خەرىتە سىزدى. 8- ئاينىڭ 18- كۈنى دەي جيەن ۋە ئىككى دۆي ئەزاسى لى يۆردىن، جاڭ يىرۇڭ تاڭ سەھەردە يولغا چىقىپ، رەڭگى تۇتۇق بىر قات قۇم جىنسىنى كۆرۈپ، دەي جيەن دەرھال بىر پارچىسىنى چېقىپ ئالغاندا شۇئان قويۇق نېفىت پۇرۇقى كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە تاغ جىنسىدا تامچا پەيدا بولدى. بۇ نېفىت تېشى ئىدى! ئۇيەر ئاستىدا نېفىت ئۇۋۇسى بارلىقىدىن بىشارەت بېرەتتى. بۇ بايقاش ئۇلارنى خۇشاللىققا چۆمدۈردى.

تاغ يېرىنىڭ كىلىماتى بىر دەمدىلا ئەچچەخىل ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۇلار نېفىت تېشى ئۆلگىسىنى ئېلىۋاتقاندا ئاسماننى بۇلۇت قاپلاپ، تۇيۇقسىز چاقماق چېقىپ، ئارقىدىنلا گۈلدۈرماما چاققاندەك بولۇپ، بىردەمدىلا غايەت زور مۆلدۈر يەر زېمىننى قاپلاپ كەتتى، جىلغىنى شۇ زامات كەلكۈن بېسىپ كەتتى، جىددى ئېقىۋاتقان كەلكۈن سۈيى ئېتىلىپ كەلگەندە، ئۇلار ئۈچى قوللىرىنى چىڭ تۇتىشىپ چىداشلىق بىرىپ تۇراتتى، تۇساتتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غايەت زور بىر دولقۇن ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتتى.

جاك يەرۇڭ 21 ياشلىق شاڭخەي قىزى بولۇپ، 58 - يىلى بېيجىڭ گېئولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئاساسىي پەنلەرنى پۈتتۈر - گەن ئوقۇغۇچىسى ئىدى. مەكتەپ پۈتتۈرۈپ تەقسىم قىلىنغاندا، ئەسلىدە شاڭخەيدە ئىشلەشكە تەقسىم قىلىنالايتتى. ئۇ خاتىرجەم- لىكنى قوغلاشماي، ئىنقىلابىي ئۇرۇش مەزگىللىرىدىكى پارتىزان- لارغا قول قويغانلىقتىن، ھەمدە تىنچلىق مەزگىلىدىكى پارتىزان بولۇشقا ئىرادە باغلىغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇ - رۇش ئۈچۈن ئۆزىنى تىزىملاتقان بىرىنچى ئارزۇسى شىنجاڭغا كېلىش بولغان. ئۇ ۋەتەننىڭ پايتەختىدىن ئايرىلىپ تۈمەن چا- قىرىم يىراقلىقتىن ئۆچكىلىككە پراكتىكا قىلىشقا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، كەلكۈننىڭ ھۇجۇمىغا يولۇقۇپ قالغاندا، دولقۇن بىلەن ئېقىپ مېڭىپ، تۇيۇقسىز بىر چوڭ تاشقا ئۇرۇلۇپ، كۈچەپ جېنى- نىڭ بارىچە ئۇنى قويىۋەتمەي تۇتىۋېلىپ، ئادەتتىن تاشقىرى چىدام بىلەن كەلكۈن سۈيى ئازايغىچە قەيسەرلىك بىلەن چىڭ تۇرغان. ئۇ خەۋپتىن قۇتۇلۇپ، تۇرالغۇ جايغا قايتىپ كەلسە، چىدىرنى كەلكۈن سۈيى ئېقىتىپ كەتكەن. ئۇ ئىككى سەپدىشىنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكىدىن خەۋەر يوقلىقىنى ئويلاپ، ئۆزىنىڭ ھەم ئاچ ھەم مەينەت بولۇپ، ھېرىپ - چارچاپ كەتكەنلىكىگە قارىماي، كېچىلەپ ئۆلچەش دۈيىنىڭ باشلىقى يەنلىننى تېپىپ، ئىككىسى بىللە ئادەم ئىزدىگەن. كېچە - كۈندۈز توختىماي ئىز - دەپ، ئەتىسى كېچە سائەت بىردە تاشيولدىن يىراق بولمىغان بىر

چۆلدىن دەي جيەن، لى يۆرىنىنىڭ جەسىدىنى تاپقان. شۇ كۈنى گوۋبيخوڭ دۈيىدىن لى نەيجۈن، ياڭ شيۈلۈگمۇ قىزىلئۆي جىلغىسىدا بەختسىزلىككە ئۇچرىغان، بۇ تۆت نەپەر ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ ھەممىسى 20 ياشتىن ئەمدىلا ئاشقان ياشلار ئىدى.

بۇ قېتىمقى كەلكۈن سۈيى زىيان سالغان دائىرە ناھايىتى چوڭ بولدى. دادۈي خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئاكتىپ ئورۇنلاشتۇرغاندىن باشقا، دەرھال خەلق ئاۋئاتسىيىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ تاغلىق يەردىكى ھەنىڭۋا دالا ئەترەتلىرىگە بىر قېتىم ھاۋادىن ئوزۇقلۇق تاشلاشنى تەشكىللىدى. ئۇندىن كېيىنلا بارلىق دالا ئەترەتلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىپ قىسقا مۇددەت تەرتىپكە سېلىپ، تەجرىبە-ساۋاقلارنى خۇلاسىلىدى، بىخەتەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئادەم ئاۋارىيىسى چىقىشنىڭ ئالدىنى ئالدى. يولداشلار كېيىن ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ جەسىدىنى كۆمۈپ، يېشىنى سۇرتۇپ، يېڭىباشتىن تەشكىللىنىپ، يەنە جىددى جەڭگە ئاتلاندى.

جەنۇبىي شىنجاڭ چارلاش رايونى كەڭ بولۇپ بۇ رايون بىر قەدەر كۆپ ترانسپورت ئاپتوموبىللىرىغا ۋە ئۆزىمىز ئىشلەتىدىغان مايغا ئېھتىياجلىق ئىدى. شۇ چاغدا جەنۇبىي شىنجاڭدا نېفىتلىك يوق بولۇپ، ئارىلىقى ئەڭ يېقىن نېفىتلىكمۇ مىڭ كىلومېتىردىن يىراق ئىدى. ماي توشۇش ئىنتايىن قىيىن ئىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چارلاشنى ئۇزاقىچە داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، شۇ رايوننىڭ ئۆزىدىن نېفىتلىك تېپىش جىددى زۆرۈر ئىدى. دا-

دۇنيامىز ئەندىلا قۇرۇلۇپ، گېئولوگىيىلىك چارلاش قوشۇنى ئاتلىنىپلا نېفىتلىكنىڭ بوسۇش ئېغىزىنى ئىزدەشكە كىرىشىپ كەتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى 13 - ئاۋىئا ئۆلچەش دۇنيانىڭ گېئولوگىيىلىك تەپسىلى چارلىشى ئارقىسىدا كۆچار ئولتۇرۇشمىسىدا تۆت رەت ستروكتورا بەلبېغى، 56 ستروكتورا ئېنىقلاندى. قەشقەر ئولتۇرۇشمىسىدا بىر رەت ستروكتورا بەلبېغى، نەچچە ئون ستروكتورا ئېنىقلاندى. بىزگە يۈزگە يېقىن قىسمەن ستروكتورا ئىچىدىن ئەڭ ياخشى ستروكتورىنى تاللاپ، بۇرغىلاپ چارلاشقا توغرا كەلدى. 1952 - 1955 - يىللىرىدا جۇڭگو - سوۋېت نېفىت شىركىتى تىرىئاس سىستېمىسىنى ئاساسىي مەقسەتلىك قاتلام قىلىپ، قەشقەر ئولتۇرۇشمىسىدىكى قەشقەر ستروكتورىسى، تاڭ ئاتار ستروكتورىسى، ياغىيە ستروكتورىسى؛ كۆچار ئولتۇرۇشمىسىدىكى قاسساپ توقاي ستروكتورىسىنىڭ غەربىي ئېگىزلىك توچكىسى قاتارلىق تۆت ستروكتورىدا بۇرغىلاپ چارلاش ئېلىپ باردى. بىز ئۇلارنىڭ چارلاش نەتىجىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆزىمىز قولغا كەلتۈرگەن ماتېرىياللارغا بىرلەشتۈرۈپ، نېفىت تېپىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. 57 - يىلىنىڭ ئاخىرى تارىم گېئولوگىيىلىك چارلاش دادۇيى مۇزاكىرە قىلىپ، بۇرغىلاپ چارلاش فاكچېنىنى، يورا سىستېمىسىغا ئاساسلىق ھۇجۇم قىلىش، قوشۇمچە تىرىئاس سىستېمىسىغا ئېتىبار بېرىش دەپ قارار قىلىپ، بىرىنچى تۈركۈمدە كۆچار ئولتۇرۇشمىسىدىكى تۆت ستروكتورىنى جۈملىدىن بىرىنچى رەت ستروكتورا بەلبېغىدىكى ئۈچ ستروكتورىنى: تۈگۈرمەن ستروكتور-

سىدىكى غەربىي ئېگىزلىك نۇقتىسى، ئۆچكىلىك ستروكتورىسىدىكى
شەرقىي ئېگىزلىك نۇقتىسى، قۇم كېلەم ستروكتورىسىنى تەستىق
لىدى. ئۇلارنىڭ مەقسەتلىك قاتلىمى يۇرا سىستېمىسى ئىدى
ئىككىنچى رەتتىكى ستروكتورا بەلبېغىدىكى قاسساپ توقاي سترو
تورىسىنىڭ شەرقىي ئېگىزلىك نۇقتىسىنىڭ مەقسەتلىك قاتلىم
ئىلگىرىكى تېرىئاس سىستېمىنىڭ گاز قاتلىمى ئىدى. 58 - يىلى
ئىدارە، گېئولوگىيىلىك چارلاش باشقارمىسى بۇ بۇرغىلاپ چارلاش
پىلانىنى ئايرىم - ئايرىم تەستىقلىدى. شۇ يىلى 4 - ئايدا ئىدار
مىنىۋ قاتارلىقلارنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتتى. چاڭ جيادا ۋ
مېنىڭ قاتنىشىشىم بىلەن نەق مەيداندا دۆلەتىمىز ئۆزى لايىھە
لىگەن بىرىنچى تۇركۇم قۇدۇق ئورنى بېكىتىلدى.

1958 - يىلى چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش يىللىرى بولۇپ
ئىدارە پارتكومى «جۇڭگىغارنى سۇپۇرۇپ، تارىمنى ئاستىن - ئۈس
تۈن قىلىش» دېگەن جەڭگىۋار شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەم
دە 8 - ئايدا تارىم كان ئىشلار ئىدارىسىنى قۇرۇپ تېپىمىز بۇرغى
لاش چۈيدۈينىڭ يۆتكىلىشىنى ۋە بۇرغىلاش ئالدىدىكى تەييارلىق
خىزمەتلىرىنى تېزلەتتى. ئىنقىلابىي قۇربانلار قۇربان بولغان كۈن
نىڭ ئەتىسىلا ئۆچكىلىككە توشۇلىدىغان بىرىنچى ماشىنا بۇرغى
تۇرۇبىسى ئىش مەيدانىغا يېتىپ كەلدى. بۇرغىلاش ستانوكلىرى
شىمالىي شىنجاڭدىن كەينى - كەينىدىن نەق مەيدانىغا توشۇلۇپ
كېلىنگەندىن كېيىن ۋاقىتىي، سۈرئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن
بۇرغىلاش ئىشچىلىرى تۈمەن يول مۇساپە باسقان ھاردۇقىغا قا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رىماي، ھېچكىم يۈك - تاقلىرىنى يەشمەي بۇرغا ستانوكىنى قۇ - راشتۇرۇش كۈرىشىگە تېزدىن كىرىشىپ كەتتى. بىر نەچچە كې - چە - كۈندۈز جىددى ئىشلەش ئارقىلىق بۇرغىلاش ستانوكى قۇ - راشتۇرۇلۇپ بولدى، ئۇلار ئاندىن يۈك - تاقلىرىنى يەشتى. ئۈچ - كىلىك 1 - قۇدۇقنى قېزىش تەييارلىقى پۈتتى، لېكىن سىغىزلىق ئېرىتمە ماتېرىياللىرى توشۇپ كېلىنمىگەن ئىدى. ۋاقىت ئادەمگە ساقلاپ تۇرمايتتى. چۈيدۈي دەرھال كۈچ تەشكىللەپ سىغىزلىق ئېرىتمە ماتېرىيالى ئىزدىدى. يېقىن ئەتراپتىن تېزلا سىغىزلىق ئېرىتمە ياساشقا بولىدىغان بىر خىل تۇپا تېپىلدى. دەسلەپكى قەدەمدە سىناق قىلىش نەتىجىسىدە خۇسۇسىيەت تەلە - پىگە ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇن چىقتى. 9 - ئايدا ماشىنىلار گۈكىرەشكە باشلىدى، ئۈچكىلىك 1 - قۇدۇقنى قېزىش باشلاندى. قېزىپ 468 مېترغا كەلگەندە گېئولوگىيە خادىملىرى سىغىزلىق ئې - رىتمەنوكىشىنىڭ يۈزىدە نېفىت تامچىلىرىنى سەزدى. كان ئىشلار ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى بىۋاسىتە نەق مەيدانغا بېرىپ، سۈزۈك سۇنى سىغىزلىق ئېرىتمە ئورنىغا ئىشلىتىپ سىناپ كۆردى. سۇنى ئالماشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، سۇيۇقلۇق يۈزى تۆۋەنلەشكە باش - لاپ، 5 - 4 سائەت ئۆتكەندىن كېيىن قۇدۇق ئاغزىدىن گاز ئارى - لاش سۇ چىقىشقا باشلىدى. بۇرغىلاش دۈيى دەرھال كالون چۈ - شۈرۈشنى ئۇيۇشتۇردى، كالون چۈشۈرۈپ 200 مېتردىن ئاشقاندا نېفىت، گاز بارغانسېرى قاتتىق فونتان بولۇپ، داۋاملىق ئىشلە - ۋېرىشكە مۇمكىن بولمىدى، قۇدۇق ئېغىزىنى كونترول قىلغىلى

بولماي قالدى، كېيىنچە ئېتىلىپ چىققان نېفىت جىلغىنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلاپ كەتتى. دەسلەپكى قەدەمدە ئۆلچىگەندە كۈنلۈك مەھسۇلاتى 100 توننا ئۆپچۆرىسىدە بولدى. ئىككىنچى يىلى گېئو-لوگىيىلىك تەپسىلى چارلاش دۈيىنىڭ ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن ستروكتورىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى «جيەن - رېن جىلغىسى» دە ئۆچكىلىك 10-قۇدۇقنى قېزىش بېكىتىلىۋىدى، ئۇنىڭدىنمۇ نېفىت چىقتى. دولقۇنلاپ ئاققان نېفىت ئېقىمى ئىنقىلابىي قۇربانلار قان ئاققۇزغان يەرلەرنى بېسىپ كەتتى. ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىس-سىق قېنى بەدىلىگە جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇنجى نېفىتلىك تېپىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا نېفىت چارلاشتا تۇنجى نامايەندە تىكلەندى. نېفىت چارلاشتا ئۆزىنى قۇربان قىلغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، كان ئىشلار ئىدارىسى پارتكومى دەي جيەن-لى يۈرىن قۇربان بولغان جىلغىنى «جيەن - رېن جىلغىسى» دەپ ئاتاشنى قارار قىلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئۆچكىلىك كان رايو-نىدا يەنە ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارىسى ئورناتتى.

مەتىمىن تۆمۈر تەرجىمىسى

# شىنخەي ئىنقىلابىدىن ئاۋۋالقى شىنجاڭ نېفىت سانائىتى

## ۋاڭ لىيەنفاڭ

ئىزاھات: شىنجاڭ نېفىت سانائىتى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەيىنىدە بىخلىنىش مەزگىلىدە تۇراتتى. شىنخەي ئىنقىلابىدىن بۇرۇن شىنجاڭ نېفىت سانائىتىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللار كۆپ بولمىسىمۇ لېكىن مۇشۇ مەزگىلدىكى ماتېرىيالنى مۇنداق تۆت مەخسۇس تېمىغا: بىرىنچى، قەدىمكى خاتىرىلەر؛ ئىككىنچى، چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدىكى تۇتۇقبەگ مەھكىمىسىنىڭ نېفىتقا ئېتىبار بېرىشى؛ ئۈچىنچى، «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى» دا خاتىرىلەنگەن بىر قانچە جايدىكى ماي ئالامەتلىرى؛ تۆتىنچى، چار روسىيىنىڭ شىنجاڭنىڭ نېفىتىغا شۆلگەيىنى ئېقىتىشى دەپ ئايرىشقا بولىدۇ، ئوقۇشقا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن، ئەسلى تېكستە تىنىش بەلگە قويۇلمىغان ۋە ئابزاسقا ئايرىلمىغان يەرلەرگە تىنىش بەلگىسى قويۇلدى. ھەممە ئابزاسقا ئايرىلدى، ئازساندىكى ماقالىنىڭ ئىچىدە ياكى ماقالىنىڭ ئاخىرىدا «تەھرىر ئىلاۋىسى» شەكلى ئاساسىدا ئازتولا چۈشەندۈرۈش بېرىلدى. مۇشۇ قىسىمغا مۇھەررىرنىڭ «شىنجاڭ نېفىت تارىخىي ماتېرىياللىرىدىن قىسقىچە توپلام» (قەدىمكى، يېقىنقى زامان قىسمى) غا ئاساسەن يېزىپ چىققان ئىزاھاتلىرى كىرگۈزۈلدى.

## I قەدىمكى خاتىرىلەر

كۇسەن دۆلىتى، تۇتۇقبەك مەھكىمىسى لوپنۇرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئاقباش تاغنىڭ جەنۇبىغا 170 كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان چوڭ شەھەر بولۇپ، ئۇ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە كونا دۆلەت ئىدى. ...... بۇ، دۆلەتنىڭ غەربىي شىمالىدىكى چوڭ تاغ ئىچىدە، مەلھەمگە ئوخشاش بىر نەرسە ھەممە يەرگە يېيىلىپ، نەچچە ئون چاقىرىم يەرگە ئېقىپ بارىدۇ، ھالىتى خۇددى شىلىمدەك بولۇپ، خېلىلا سېسىق ئىدى، ئۇ ئېچىلسە، چىشىنىڭ ئورنىغا چىش چىقىراتتى، بىمارلار ئىشسە كېسەللىرى سەللىمازا ساقىياتتى. شۇندىن تارتىپ بۇ نەرسە تارتۇق ئورنىدا ئوردىغا سۇنۇلدى.

شىمالىي چى بەگلىكى، ۋېي شۇ: ۋېي پادىشاھلىقى تارىخىي 90 - جىلىت».

كۇسەن دۆلىتى تۇتۇقبەك مەھكىمىسى لوپنۇرنىڭ غەربىي شىمالىغا، ئاقباش تاغنىڭ جەنۇبىغا 170 كىلومېتىر كېلىدىغان يەر- گە جايلاشقان چوڭ شەھەر بولۇپ، ئۇ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە كونا دۆلەت ئىدى...... بۇ، دۆلەتنىڭ غەربىي شىمالىدىكى چوڭ تاغ ئىچىدە، مەلھەمگە ئوخشاش بىر نەرسە ھەممە يەرگە يېيىلىپ، نەچچە ئون چاقىرىم يەرگە ئېقىپ بارىدۇ، ھالىتى خۇددى شىلىمدەك بولۇپ، خېلىلا سېسىق ئىدى، بۇ نەرسە ئىچىلسە، چىشىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئورنىغا چىش چىقىراتتى. بىمارلا ئىششە كېسىلى سەللىمازا ساقىياتتى. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ نەرسە تارتۇق ئورنىدا ئوردىغا سۇنۇلدى.

تاڭ سۇلالىسى، لى يەنشۇ: «شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى تارىخى 85-جىلىت»

تەھرىر ئىلاۋىسى: «ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ تارىخى» شىمالىي چى بەگلىكى تيەنباۋنىڭ 2 - يىلىدىن 5 - يىل (مىلادى 551 - 554 - يىل) غىچە يېزىلىپ چىققان، «شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» تاڭ گاۋزۇڭنىڭ شيەنچىڭ 4 - يىل (مىلادى 659 - يىل) دا كىتاب بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇ كىتابقا مەزمۇنى ئوخشاش، يېزىقىدا ئازغىنا ئۆزگىچىلىكى بولغان «غەربىي دىيار تەزكىرىسى» دېگەن ئىككى كىتابتىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن. «ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ تارىخى.120 - جىلدتە تەكشۈرۈپ ئىسپاتلانغان ئەھۋال» دىن قارىغاندا، ۋېي شۇنىڭ كىتابلىرى يوقاپ كەتكەن، مەزكۇر جىلىت (تەھرىر ئىلاۋىسى: يەنى يۇقىرىدا ئىزاھ قىلىنغان نەقىللەر خاتىرىلەنگەن مۇشۇ بىر جىلىت) دە پۈتۈنلەي «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى، غەربىي دىيار تەزكىرىسى» يېزىلغان. بۇنىڭدىن مۇشۇنىڭغا دائىر مەزمۇنلارنىڭ «شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» يېزىلىشتىن بۇرۇن بار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، ھازىر ساقلىنىپ قالغان «ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ تارىخى» دېگەن كىتاب كېيىن كۆچۈرۈپ تولۇقلانغان.

«كۈسەن» بۈگۈنكى كۇچارنى كۆرسىتىدۇ. «ئاقباشتاغ» ئەگرى تاغنى كۆرسىتىدۇ. «غەربىي شىمالدىكى چوڭ تاغ» كۇچاردىكى باغراش تېغىنى كۆرسىتىدۇ. «مەلھەمگە ئوخشاش نەرسە، ھەممە يەرگە يېيىلىپ» دېگەن سۆز نېفىتنىڭ يەر ئۈستىگە ئېقىپ چىققان ئەھۋالىنى كۆرسىتىدۇ. «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى. بىنا قىلىش 3-جىلىت» دە «ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ تارىخى» ئىزھار قىلىنغان ماقالە نەقىل كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدا: «بۇ-

گۈنگمچه ئۆززۈلمەي نېفىت چىقىۋاتىدۇ» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. 30-يىللا
دا، دۆلىتىمىزنىڭ يېقىنقى زامان گېئولوگىيىسىگە ئاساس سالغان جاڭ خۇ
زۇ تويلاپ نەشىر قىلغان «قەدىمكى كان خاتىرىسى»دا «شىمالىي سۇلۇڭ
لالىسى تارىخىي» شىنجاڭدىكى نېفىت ئىشلىرىنىڭ قەدىمكى كان ماتېرىيال
سۈپىتىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن.

بەشبالىق تۇتىۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى..... بەشبالىقنى (تەھرىر ئىلاۋىسى: بۈگۈنكى شىنجاڭ جىمسار ناھىيىسىنىڭ شىمالىي) دىكى شيەنچىڭ شەھىرىنىڭ غەربىگە 60 چاقىرىم كېلىدىغان ساببۇ دېگەن شەھەردە بوقال ساقچى بار، يەنە فىڭلۇدا بوقال ساقچى بار، يەنە 80 چاقىرىمدىكى يېلىي شەھىرىدە بوقال ساقچى بار، يەنە 80 چاقىرىمدىكى جۇيلۇ شەھىرىدە بوقال ساقچى بار، يەنە 100 چاقىرىم ئارىلىقتىن ئۇررۇمتاي ناھىيىسىگىچە (تەھرىر ئىلاۋىسى: بۈگۈنكى ئۈررۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى سانجى ئەتراپلىرى) دا، يەنە 50 چاقىرىم ئارىلىقتىكى جاڭ باۋ شەھىرىدە بوقال ساقچى بار، يەنە لىدىجەن دەرياسى (تەھرىر ئىلاۋىسى: چىڭ سۇلالىسى، شۇسۇڭ «غەربىي دىياردىكى ئېقىن دەريالا»دا تىلغا ئېلىنغان بۈگۈنكى ماناس دەرياسىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى ئالاۋۇۋۇسۇن) دىن ئۆتكەندە، 70 چاقىرىمدىكى ۋۇزەيدە بوقال ساقچى بار، يەنە دەم دەرياسىدىن ئۆتكەندە، يەنە 70 چاقىرىمدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي رايونى بار، يەنە يېيىخى دەرياسىدىن ئۆتكەندە، 70 چاقىرىم ئارىلىقتىكى يېيىخى دەرياسىدا بوقال ساقچى بار، يەنە قار سۇدىن ئۆتكەندە، 70 چاقىرىم ئارىلىقتىكى قار سۇدا بوقال ساقچى بار (تەھرىر ئىلاۋىسى: بۈگۈنكى شىنجاڭ شى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خو ناھىيىسى)، يەنە 70 چاقىرىم ئارىلىقتىكى شەرقىي ئورماندا بوقال ساقچى بار، يەنە 70 چاقىرىم ئارىلىقتىكى غەربىي ئورماندا بوقال ساقچى (تەھرىر ئىلاۋىسى: يەنى چىلىك سۇلالىسى دەۋرىدە شىخو تاللىقتا قارا سۇدىكى چېرىكلەرنىڭ گازارمىسى) دا، يەنە چىملىق كۆل، چوڭ قۇملۇق، كىچىك قۇملۇق ئارقىلىق شىچېخى دەرياسىدىن ئۆتسە، چىلىك تاغ تىزمىسىدىن ئاشسا، گۇڭيۈچىڭ شەھىرى (تەھرىر ئىلاۋىسى: بۈگۈنكى شىنجاڭ غۇلجا شەھىرىنىڭ ئەتراپى) غا بارىدۇ، سىخۇيچۈەن تۈزلەڭلىكى، جىشىمچىڭ شەھە-رىدىن ئۆتسە، ئېبى دەرياسىدىن، يەنە بىر ئىسمى دېدىخي دەر-ياسىدىن ئۆتسە، سۈيئاپ چېگرىسىغا بارىدۇ، يەنە غەربتىن چى-قىپ مىڭ چاقىرىم يول يۈرسە سۈيئاپ شەھىرىگە بارىدۇ.

سۇڭ سۇلالىسى. ئوۋياڭشۇ، سۇڭچى «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخىي. جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى»

تەھرىر ئىلاۋىسى: «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخىي» شىمالىي سۇڭ سۇ-لالىسىنىڭ رىنزۇڭ جانەن 5-يىل (مىلادى 1060- يىل)دا يېزىلغان. «شىن-جاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى. بىنا قىلىش 2-جىلىت»دا: «شىچېخى(موم-سىر) دەرياسى ياكى جىڭخې (پارقىراق) دەرياسى ئۆزىنىڭ كونا نامى بى-لەن ئاتالغان. تاللىقتا شىخو چېرىكلەرنىڭ گازارمىسىغا بارىدىغان يول غەر-بىي شىمالدا تۈدۈق چېرىكلەرنىڭ گازارمىسىدىن ئۆتىدۇ. بۇ يول قۇمۇش-لۇق بولۇپ، تۆمۈشلىرى ئادەمنى چۆكۈرىدۇ. يەنە غەربىي شىمال تەرىپىدە قۇم دۆڭلىرى بار، بۇ يولدا ماڭماق قىيىن. شۇڭا، بۇ يەرلەر چىملىق كۆل، كىچىك قۇملۇق دەپ ئاتالغان»، پارقىراق دەريا يەنى بۈگۈنكى جىڭخې، شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكى جىڭ ناھىيە چېگرىسى ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ

دەريا جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي گىرۋىكىدىكى تاغلىق رايونلاردىن باشلىنىدۇ، تىرناس سىستېمىسىنىڭ بەر قاتلىمى بۇ يەردە مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ماي قاتلىمىنىڭ ئورنى ئويمانلىقنىڭ جەنۇبىدىكى ماي تاغ نېفىتلىكىنىڭ ماي قاتلام ئورنى بىلەن ئوخشاش. «تاش-سىر» دېگەن سۆز مەملىكىتىمىزدە نېفىتنىڭ قەدىمكى بىر ئاتالمىسى. چىڭخىي تالڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تاش سىر دەرياسى دەپ ئاتالغان، بۇ ئاتالغۇ ئەينى يىللاردا نېفىتنىڭ ئېقىپ چىققانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## II چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدىكى تۇتۇقبەگ مەھكىمىسىنىڭ نېفىتقا ئېتىبار بېرىشى

شىنجاڭنىڭ شەرقىي بىلەن غەربىنىڭ ئارىلىقى، جەنۇبىي بىلەن شىمالىنىڭ ئارىلىقى 2000 چاقىرىم كېلىدۇ. ھاۋا شارائىتى، يەر شارائىتى ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن ئانچە چوڭ پەرقلەنمەيدۇ. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي مۇنبەت ئېتىزلار بىلەن قاپلانغان، جىلغا - سايلىرى بۈك-باراخسان، پايانسىز دالىسىدا ئات، تۆگە، كالا، قوي، قىم - قىم قىلىدۇ، ئۇنىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ، يۇڭىدىن بېسىلغان كىگىز - شىرداقلىرىنىڭ نامى يېقىن يۇرتلارغا ۋە چوڭ شەھەرلەرگە داڭ كەتكەن، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، كۆمۈر، نېفىت، سىماب سۇلفىد بايلىقى ئاجايىپ خاسىيەتلىك، قەدىمدىن بېرى قېزىلغىنى يوق.

چىڭ سۇلالىسى، ۋاڭ شۇنەن قاتارلىقلار: «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى. سانائەت 1 - جىلت»

يېقىنقى يىللاردىن بېرى خان ئوردىسى كان ئىشلىرىغا ئەھ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ـمىيەت بەرگەچكە، شىنجاڭنىڭ چوڭ - چوڭ ئەمەلدارلىرى ۋە
يۇقىرىدىن ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن خادىملار يول - يولغا بۆلۈنۈپ،
كان بايلىقىنى چارلاپ چىقتى، مۇشۇنىڭغا دائىر يازمىلارنى توپ-
لاپ، پايدىلىنىش يۈزىسىدىن ئۇنى كۆچۈرۈپ كىتاب قىلدى. شۇ-
نىڭ بىلەن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ يېرىم كان مەھ-
سۇلاتى بىردىنلا ئايان بولدى.

چىڭ سۇلالىسى، ۋاڭ شۇنەن قاتارلىقلار: «شىنجاڭنىڭ
جۇغراپىيىلىك تەپسىلاتى. سانائەت 2 - جىلىت»

شىنجاڭدا نېفىت جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەممە
يېرىدە تېپىلىدۇ، ئېلىش، چەككىلەش ئۇسۇلى ئەپلىشىپ بەرسىلا،
پۈتۈن ئىشلىتىشقا پايدا يەتكۈزگىلى بولىدۇ، يېقىندا ماشىنا سېتى-
ۋېلىپ سىناق قىلىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

چىڭ سۇلالىسى، ۋاڭ شۇنەن قاتارلىقلار: «شىنجاڭنىڭ
جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى. تاغ تىزمىسى 2 - جىلىت»

نىھايەتكى، شىنجاڭنىڭ كان مەھسۇلاتى شۇنچە مول بول-
سىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىزگە يەتكۈزۈدىغان پايدىسى شۇنچە تەس-
كە توختاۋاتىدۇ، نېمىشقا ئۇنىڭ گۈللىنىدىغان ۋە خاراب-
لىشىدىغان سەۋەبىنى ئۆزىدىن ئۈزلۈكسىز بىلىۋالغىلى
بولمايدىكەن! گۇاڭشۈنىڭ 33 - يىلى، شىنجاڭنىڭ چوڭ ئە-
مەلدارلىرى ئالدىنقى ئىشلاردىن ئىبرەت ئېلىپ،
بىر، ئىككى كاننى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوزۇپ چىقىشنى ئىزدەندى،
ماشىنا ئىشلىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق بۇ كاننى رونااق تاپقۇزماقچى

بولدى. ئۇلار جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا نۇرغۇن كانلارنى
ئارىلاپ، يالغۇزلا نېفىتنىڭ مول ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر
تۇن ئىقلىمغا پايدا يەتكۈزگىلى بولىدىغانلىقىنى بايقىدى، موس
ئارقىلىق، رۇسىيە، ئامېرىكىنىڭ چەتتىن كېلىپ پايدا شىلىۋېلى
شىغا قارشى تۇرماقچى بولدى، شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئەمەلدارلار
شىخو ئەتراپلىرىدا نېفىت،موم مىنېراللىرىنى رۇسىيە زاۋۇتلىرىغا
ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ قىممىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى سىناپ كۆر
دى، زاۋۇت قۇرۇپ، ماشىنا سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئېلىشنى سىناقتە-
رىقىسىدە يولغا قويدى، ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى بىر ئەتىگەندىلا ئەمەس
تۆت، بەش يىلدىن كېيىنلا كۆرگىلى بولىدۇ.

شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ئوندىن ئارتۇق يەر-
دە چوڭ-كىچىك بولغان نېفىت كانى بار، پەقەت قارا ئۇسۇن ۋا-
لى مەھكىمىسىگە قاراشلىق بولغان مايتاغدىن چىقىۋاتقان ماينىڭ
سۈپىتى ماناسىنىڭ بۆرتوڭگۇ، سانجىنىڭ تۇدىڭخې دەرياسى، تار-
باغاتاينىڭ چىڭشىشا، نەنسەندىكى داكەي،شاۋكەي، كۇچاردىكى كونا
مىس زاۋۇتى،بىيسەن ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش جايلارغا سېلىشتۇر-
غاندا ئېسىل، موم چىقىۋاتقان يەردىكى ۋالى مەھكىمە جاجىنىڭ
ئېغىزى ( گېنېرال جىلغىسى ) دېگەن يەردىكى تاغ ئىچىدە بولۇپ،
ئۇ يەردىكى مومنىڭ سۈپىتى سېغىزغا ئوخشايدۇ، سۈپ-سۈزۈك
بولۇپ، ئوت ياقسىلا كۆيىدۇ.ئۇ ئالاھىدە ئېسىل بۇيۇمدۇر، گۇاڭ
شۇنىڭ 33-يىلى، موم رۇسىيىگە قاراشلىق كاسپىي دېڭىزدىكى
قەدىمكى جاي باكوغا سىناق قىلىپ كۆرۈپ بېقىشقا ئەۋەتىلدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رۇسىيە ئۇستىكارلىرى بۇ مومنى ئايرىم- ئايرىم تۇردە چەككىلەپ كۆرگەن، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ مايىنىڭ رەڭگى قارا بولۇپ، ھەر يۈز جىڭ موم‌دىن 60 جىڭدىن ئارتۇق مايىنى چەككىلەپ ئې- لىپ، ئامېرىكا قىتئەسىدە چىقىۋاتقان ماي بىلەن تەڭ كېلەلەيدى- كەن، موم‌دىن شام ياساپ چىققىلى بولىدۇ. ئىلگىرى شام ياساپ چىقىمىشتا، ئۇنىڭغا كۆپ كالا، قوي مېيى ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلاتتى، ئەمدى مۇنداق نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىدى، يەنە كېلىپ، كالا، قوي مېيى ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان شامغا قا- رىغاندا، موم‌دىن ياسالغان شام ياخشى يورۇقلۇق بېرىدۇ، چىدام- لىق بولىدۇ، ھەقىقەتەن، ئۇ، تەبىئىي خام ئەشيادۇر. ئەگەر بۇ خىل كان مەھسۇلاتى مول بولسا پۈتۈن ئىقلىمغا چوڭ پايدا يەت- كۈزگىلى بولاتتى. شۇئەنتۇڭنىڭ بىرىنچى يىلى، رۇسىيەدىن سېتىۋېلىنغان ماشىنا توشۇپ ئەكىلىنىپ، زاۋۇت قۇرۇش باشلاندى. ھەمدە سېتىۋېلىنغان بىر دانە ماي قېزىش ماشىنىسى مايتاغقا توشۇپ ئەكىلىنىپ، چوڭقۇرلۇقى 7 - 8 جاڭ كېلىدىغان نېفىت قۇدۇقى قېزىلىشقا باشلىدى، قۇدۇق ئىچىدىن چىققان ئاۋاز خۇددى دولقۇنغا ئوخشايدۇ، نېفىت، گاز ئۆرلەپ، ئۇدۇل ئېتىلىپ چىقىپ، ئوت بولۇپ يانماقتا، ئۇنىڭ يالقۇنى نەچچە چى ئېگىزلىككە ئۆرلىمەكتە. ھازىرچە بۇ ئىش مۇشۇنداق باشلىنىپ، ئاۋۋال مايتاغدىن ئىبارەت بىرلا يەردىن نېفىت ئېلىنىدۇ، كېيىن ئۇنىڭدىن نەپ تېگىپ قالسا، ماناس قاتارلىق ئورۇنلاردىن نېفىت ئېلىنىدۇ، مۇشۇ ئاساستا كېڭەيتىلىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى . ۋاڭ شۇنەن قاتارلىقلار : « شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى . سانائەت 2 - جىلىت »

ئاۋۋال ئۆلكە مەركىزىدە ھۈنەر - سەنئەت ئىدارىسى تەسىس قىلىندى ، بۇ ئىدارىنىڭ كۆلىمى تار ، ئۇستىلىرى ناباپ بولغاچقا ئۇلارنىڭ ياسىغان ئەسۋاب ئۈسكۈنىسى قائىدىگە ئۇيغۇن كەلمەدى شىنجاڭ رۇسىيە ، ئەنگىلىيە بىلەن سودا مۇئامىلىسى ئېلىپ بارغان دىن بۇيان ، چەتنىڭ ماللىرى كۆنسايىن كۆپىيىپ كەتتى ، شۇڭا ھۈنەر - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ، چەتنىڭ ماللىرىنى بايقۇت قىلىشنى ئويلانماي بولمايدۇ ، رۇسىيە ، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتتىن ھۈنەر - سەنئەت ئۆگىنىپ كېلىشكە ئەۋەتىلگەن ئەمەل - دارلار ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ ، ماشىنا سېتىۋېلىپ قايتىپ كەلدى . ئەگەر كونا قائىدە - تۈزۈملەر ئۆزگەرتىلىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى قائىدە تۈزۈملەر ئورنىتىلسا ، يەر تۈزلىنىپ زاۋۇت قۇرۇلسا ، بۇ زاۋۇتقا ، كاتول ، ئىككى باش ماشىنا ، تۆت قوشۇم چە ماشىنا قۇراشتۇرۇلسا ، نېفىت دەمىسى ، موم دەمىسى سوپۇن دەمىسى ، سەرەڭگە دەمىسى ، ئېلېكتر دەمىسى ، كۆچلىك شولتا دەمىسى ئەيتاۋۇر ھەر قانداقلىكى نەرسىنى ئىشلەپ چىقارغىلى بولىدۇ مۇشۇ قائىدىلەرگە رىئايە قىلىنىپ قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلسا ، شىن جاڭدا نەچچە مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن كونىلىقنى يېپىشـ ۋالىدىغان ئادەت ئانچە ئۇزاققا بارماي بىردىنلا ئۆزگىرىدۇ .

چىڭ سۇلالىسى، ۋاڭ شۇنەن قاتارلىقلار: «شىن جاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى سانائەت 2 - جىلىت»

تەھرىر ئىلاۋىسى: «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى» — شىنجاڭدىكى مۇلكى مەھكىمىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە يېزىلىپ چىققان شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تەزكىرىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ تەزكىرە شۈەنتۇڭنىڭ 1- يىلى (1909-يىلى)دا تۈزىتىلىپ چىققان، شۈەنتۇڭنىڭ 3-يىلى (1911-يىلى)دا نەشىر قىلىنغان. بۇ تەزكىرىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ئاساسلىق ئۈستىگە ئالغان ۋاڭ شۇنەن (1899-1936-يىلى)دا ئۆتكەن يېقىنقى زامان ئالىمى بولۇپ، ئۇ، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىنچىڭ شەھىرىدىن. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 32- يىلى (1906-يىلى)دىن شۈەنتۇڭنىڭ 2-يىلى (1910-يىلى)غىچە، ساتراپ (يەنە مۇئەككەل دەپ ئاتىلىپ، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ مالىيە، خەلق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش)قا تەيىنلەنگەندە، «يېڭى سىياسەت»نى پائال تەشەببۇس قىلىپ، شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنى يولغا قويۇشقا قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان ئەمەلدارلارنىڭ بىرى. ۋاڭ شۇنەننىڭ يەنە «شىنجاڭنىڭ تاغ قىزمىسى تەپسىراتى» دېگەن ئەسىرى بار، بۇ ئەسەر چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭنىڭ 1-يىلى (1909-يىلى مەتبەئەدىن چىققان)، يەنى «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى» دېگەن ئەسەردىن كېيىنلا «تاغ تىزما تەپسىراتى» دېگەن ئەسەر مەتبەئەدىن چىققان.

شىنجاڭنىڭ نېفىت كانلىرى: دىخۇا (ئۈرۈمچى)، ساۋەن، شىخو، كۇچار، ئاقسۇ كونىشەھەر، يەكەن، تارباغاتاي، يېڭىشەھەر قاتارلىق جايلاردا بار. دىخۇا نېفىت كانى دىخۇانىڭ غەربىدىكى 40 چاقىرىم كېلىدىغان سىساگۇ جىلغىسىنىڭ ئالدىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ شەرقىي ۋە غەربىدە جەمئىي يەتتە قۇدۇق قېزىلغان، بۈگۈنگىچە بۇ قۇدۇقتىن ئىككىسىلا ساقلىنىپ قالدى، ئۇنىڭدىن كۈنىگە 7، 9 جىڭدىن 10 جىڭغىچە ماي ئېلىنىدۇ. ساۋەن كانى ساۋەننىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭدىن كۈنىگە

تەخمىنەن 70 جىڭ ماي ئېلىنىدۇ . شىخونىڭ يېقىن ئەترا
ماي چىقىدىغان يەرلەر ناھايىتى كۆپ. گۇاڭشۇ لى
30 - يىلى، يېڭى ئۇسۇل بىلەن كان ئېچىشنى ئوي
شىپ رۇسىيەدىن ماشىنا سېتىۋېلىندى، بۇ، ماشىنا رۇسىيە ئۇ
تىكارلىرى بىلەن بىللە ئانچە ئۇزۇنغا قالماي دۆلىتىمىزگە كەل
رۇلۇپ ئۆز جايىغا قويۇلىدۇ. ئىشمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ.
چار كانى كۇچارنىڭ غەربىگە 90 چاقىرىم كېلىدىغان، ماي ئە
كۆپ چىقىدىغان قارا يۇلغۇنغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ يەردە ما
چىقىدىغان بەش بۇلاق بار، ماي ئەڭ ئەلۋەك بولغان ۋاقىت
كۈنىگە تەخمىنەن 120 جىڭدىن ئارتۇق ماي ئالغىلى بولىدۇ. يە
كەن نېفىت كانى يەركەننىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى شاۋۇپۇ ( يۇ
قىرى ئاستانە ) غا جايلاشقان بولۇپ، ماي ئەلۋەك بولغان ۋاقىت
تا، بۇ كاندىن كۈنىگە تەخمىنەن 70، 80 جىڭ ماي ئالغىلى بول
دۇ. تارباغاتاي نېفىت كانى تارباغاتاينىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى
چىگىشتانىڭ كونا قارامايتاغ دېگەن يېرىدە جايلاش
قان، مۇندىن ئىلگىرى بۇ يەردىن ئەڭ كۆپ ماي بۇلاقلىرى باي
قالغان، ھازىر بۇبۇلاقتىن توققۇزى ساقلىنىپ قالدى، تاغ چوققىسى
دىكى بىر بۇلاق ئەڭ چوڭ بولۇپ، ماي ئەلۋەك بولغان ۋاقىتتا
بۇ بۇلاقتىن كۈنىگە 200 نەچچە جىڭ ماي ئالغىلى بولىدۇ. يېڭى
شەھەرنىڭ غەربىدە نېفىت كانى بار، يېقىنقى يىللاردا ماشىنا سې
تىۋېلىپ كان ئاچماقچى بولغان بولساقمۇ، مالىمانچىلىق تۈپەيلى
دىن، نەتىجە چىقمىدى.

ليۇ جىنزاۋ: «چىڭ سۇلالىسى ھۆججەتلىرىنىڭ ئومۇمى داۋامى. سانائەت 13 - جىلت»

تەھرىر ئىلاۋىسى: «چىڭ سۇلالىسى ھۆججەتلىرىنىڭ ئومۇمىي داۋامى» بولسا «چىڭ سۇلالىسى ھۆججەتلىرى ئومۇمىسى»نىڭ داۋامىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ كىتابتا چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 51-يىل (1786-يىل)دىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى (1911-يىلى)دىكى سىياسىي ئىشلار بايان قىلىنغان، 1921-يىلى مەتبەئەدىن چىققان.

شىنجاڭدا سانائەتنى يولغا قويۇشنى جىددىي ئويلىشىپ بېقىشقا تېگىشلىك ئىش دەپ قارايمەن. بۇنىڭ ئىچىدە شۇنىڭغا دائىر لازىمەتلىك ھەم ئالاھىدە ئېتىبارلىق نەرسىلەر بار، ئۇ بولسىمۇ كىرسىندۇر. بۇ خىل كان مەھسۇلاتى شىخو، ماناس، ئۈرۈمچى، تارباغاتاي تۆت ناھىيىنىڭ يەرلىرىدىن بايقالدى، شىخو، ماناس ئىككى جايدىكى نېفىتلىك سۈپىتى ياخشى ھەم زاپىسى كۆپ، كۆپ يىل يەرلىك ئۇسۇل بىلەن ئېچىشنى ئېلىپ بارغاندا، ھەم ئىش ھەققى جىق كەتتى، ھەم نادانلىق بىلەن چەككىلەندى، مالنىڭ سۈپىتى يامان، باھاسى قىممەتلىشىپ، بازىرى كاسات بولدى. چىڭ سۇلالىسىدىن ئاۋۋالقى گۇاڭشۈنىڭ 33 - يىلى ( تەھرىر ئىلاۋىسى: 1907 - يىلى ) دىۋان ۋازارەت مەھكىمىسىنىڭ ساتراپى ۋاڭ شۇنەن خادىملارنى رۇسىيىگە ماي چەككىلەش ۋە قۇدۇق قېزىش ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىشقا ئەۋەتىپ، يېڭى ئۇسۇلنى ئۆلگە قىلىپ، سانائەتنى روناق تاپقۇزۇشقا كۈچىنىڭ بېرىچە تى-

رىشتى. ماشىنا سېتىۋېلىنىپ شىنجاڭغا توشۇپ ئەكېلىندى.

قۇرۇلۇپ، ئۈسكۈنىلەر قۇراشتۇرۇلدى. يەنە رۇسىيەدىن

كان ئىشلىرىغا دائىر بىلىملەردىن خەۋىرى بار ئۇستىكارلار

لىپ قىلىنىپ، بۇ ئىش تازا يولغا قويۇلغان ئىدى، بىراق،

ئىش دەل دۆلەت غەزىنىسىدىن پۇل چىقىرىپ، ئىلى، شىنجاڭ

ئەسكەرلەرنى تۈزەپ چىقىش (تەھرىر ئىلاۋىسى: شىنخەي ئىنق

لابىغا ئاۋاز قوشقان ئىلى قوزغۇلىڭىنى كۆرسىتىدۇ) قا توغرا ك

لىپ قالغاچقا، سابىق پەرمەتدار يۈەن داخۇا بۇيرۇق چۈشۈرۈ

توختىتىپ قويدى.

ياڭ زىڭشىن: « سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار »

تەھرىر ئىلاۋىسى: ياڭزىڭشىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا شى

جاڭدا ئۇرۇمچىنى تىنچلاندۇرغۇچى بەگ قوشۇمچە قانۇن تەپتىشى بولۇپ تە

يىنلەنگەن، شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن شىنجاڭدا تۇتۇق بەگ، قوشۇمچ

ساتراپ، تۇتۇق سەركەردە، ئۆلكە باشلىقى ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش ئارمىيە

ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ ئالىي ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن، 1628- يىلى قەتلى قىلىن

غان.

ھەر خىل كان مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىشتا پەقەت مايتاغ نې

فىت زاۋۇتى شۇۋەنتۇڭنىڭ 1- يىلى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭدىن ھازىرغى

چە توختىماي نېفىت ئىشلىنىۋاتىدۇ.

دىڭ زەنشيەن: « شىخو ناھىيىسىنىڭ تەزكىرىسىنىڭ دا

ۋامى » (1918- يىلى).

تەھرىر ئىلاۋىسى: دىڭزەنشيەن 1917- يىلى 5- ئايدىن 1919- يىلغىچە شى

خو ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى (ھاكىمى) بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغان ( 1884 - يىلى چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى مەمۇرى ئۆلكە قىلىپ تەسىس قىلىشنى قارار قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ ) دىن كېيىن، ئارمىيە، ھۆكۈمەتنىڭ تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان بەزى تەدبىرلەرنى قوللاندى ...... ھۆكۈمەت ئاقساقاللار باشقۇرۇش، سودىگەرلەر باشقۇرۇش ۋە ئاقساقال، سودىگەرلەر بىرلىشىپ باشقۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئالايلۇق، خوتەن، تارباغاتايدا ئالتۇن كانى، باي، كورلىدا مىس كانى، شىخودا نېفىت كانى ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش يەرلەردە كان بايلىقىنى ئاچتى. بولۇپمۇ رۇسىيەدىن ماي قېزىش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، ماي ئېلىۋاتقان شىخودىكى مايتاغ نېفىت كانى شىنجاڭنىڭ سانائىتىدە ماشىنىنى قوللىنىپ ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارغان كانلىرىنىڭ پېشۋاسى.

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللىي تەتقىقات ئورنى: « ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخىنىڭ توپلانمىسى » ( دەسلەپكى ئورگىنال )، ( 1963 - يىل )

ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى بۇگۈنكى كانلارنىڭ تەگدىن تولىسى چىڭ سۇلالىسىدىن ئاۋۋال قۇرۇلغان ...... بۇ كانلارنى قۇرۇشتىكى ئۇسۇل - چارە بىردەك ئەمەس ...... بۇنىڭ ئىچىدە شەخسىلەر قۇرغان ياكى ھۆكۈمەت كۈچى بىلەن قۇرۇلغان كانلارمۇ بار،

-ئۇلار تىجارەتتە شىركەتلەشكەن، دەسمايە تـوپلاش يـولى بىـ
كېڭەيگەن، هۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسلار بىرلىشىپ قۇرغان كار
نىلار، ئـالايلۇق ...... شىنجاڭـدا نېفىت ئېلىنىۋاتقان كـارخـانـ
مۇشۇ دائىرىگە كىرىدۇ.

« جۇڭگو هۆكۈمىتى باشقۇرۇۋاتقان كارخانىلارنىڭ قىـقـ
تارىخي » ( جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان سانائىتىگە دائىر تارىخ
ماتېرىياللار ) ئىككىنچى قىسىمدىن كـۆچۈرۈۋېلىندى، جۇڭخۇا كـ
تاب ئىدارىسى، ( 1962 - يىل )

شىنجاڭ، ئۈرۈمچى، ماناس، شىخو، تارباغـاتاي قـاتـارلىـ
ناهىيىلەرنىڭ هەممە يېرىدە نېفىت كانلىرى بار. گۇاڭشۈنىڭ 30
يىلى شىنجاڭدا سودا ئىشلار ئىدارىسى تەسىس قىلىنىپ، بۇ ئىدا
رە خېرىدار چاقىرىپ كان ئېچىشنى هۆددىگە بەردى، هـازىر ماي
يـەرلىك ئـۇسـۇلدا چـەكـلـىـنىۋاتىدۇ. 33-يىلدا بـۇ كـانلا
هۈنەر-سەنئەت زاۋۇتىنىڭ هۆددىگەرچىلىك قىلىشىغا ئۆزگەرتىلدى
شۇنداقتىمۇ، بۇنىڭدىن ئېلىنىۋاتقان پايدا تولۇمۇ ئاز بولغاچقا، هازىر
بۇ كانلارنىڭ كۆپ قىسمى توختىتىپ قويۇلدى، هازىر مايىنى خەلق
ئارىسىدا شەخسلەر قېزىۋاتىدۇ.

ۋىڭ ۋىنخاۋ: « كىرىسىن كانلىرى هەققىدە قىسقىچە بايان »
( 30 - يىللار، قول يازمىسى )

شىخو ناهىيىسىنىڭ ئەتراپلىرىدىن ماي ناهايىتى كۆپ چىقـ
تى، چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 30 - يىلى، يەرلىك هـۆكۈمەتنىڭ
ئاقساقاللىرى مايىنى يېڭى ئـۇسـۇلدا ئېلىشنى ئـويلىشىپ، رۇسـىيە

دىن 300 مىڭ سەر تەڭگىگە ماشىنا سېتىۋېلىش پىلانىنى ھەدەپ ئىشلەۋاتىدۇ، بىراق، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ئىشقا مەسئۇل ئاقساقاللىرى ئىش سەۋەبى بىلەن خىزمەتتىن يۆتكىلىپ كەتتى، رۇسىيە ئىنژېنېرلىرىنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقماي، ئۇلارمۇ خىزمەتنى تاشلاپ دۆلىتىگە قايتتى، بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن توختاپ قالدى.

گۈڭ شۈېسۈي: «شىنجاڭنىڭ نېفىت كانلىرى ۋە دۇنيا نېفىت مەسىلىسى» («نېفىت ۋە تاش كۆمۈر»)، (سودا ئىشلىرى مەتبەئە سارىيى، 1928 - يىل)

چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 30 -يىل ئاخىرلىرىدا، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاقساقاللىرى ماينى يېڭى ئۇسۇلدا ئېلىشنى ئويلىشىپ، رۇسىيىدىن 100 مىڭ سەر تەڭگىگە ماشىنا سېتىۋېلىش پىلانىنى ھەدەپ ئىشلەۋاتىدۇ، بىراق، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ئىشقا مەسئۇل ئاقساقاللىرى ئىش سەۋەبى بىلەن خىزمەتتىن يۆتكىلىپ كەتتى، رۇسىيە ئىنژېنېرلىرىنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقماي ئۇلارمۇ خىزمەتنى تاشلاپ دۆلىتىگە قايتتى، بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن توختاپ قالدى.

ياڭ داچۈەن: «ھازىرقى زامان جۇڭگو سانائىتى تەزكىرىسى»، (سودا ئىشلىرى مەتبەئە سارىيى، 1932 - يىل).

مايتاغ ...... چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ دەۋرىدە، يەرلىك ئەمەلدارلار مەبلەغ توپلاپ ماشىنا سېتىۋېلىپ، نېفىت ئېچىش بىلەن شۇغۇللىنىشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، لېكىن مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلالمىغاچقا، بۇ ئىش تۈگەشتى.

ئۇشاۋلىن: «شىنجاڭنىڭ ئۇمۇمىي ئەھۋالى» (لەن
«رىنشىن» مەتبەئە ئىدارىسى، 1932 - يىل)

چىڭ سۇلالىسىدىن ئاۋۋالقى گۇاڭشۇنىڭ 30 - يىلى،
جاڭدا سودا ئىشلار ئىدارىسى تەسىس قىلىنىپ، بۇ ئىدارە خ
دار چاقىرىپ كان ئېچىشنى ھۆددىگە بەردى، ھازىر ماي ئۆلكە
توشۇپ ئەكىلىنىپ يەرلىك ئۇسۇلدا چەككىلىنىۋاتىدۇ. گۇاڭشۇ
33 - يىلىغا كەلگەندە، بۇ كانلار ھۆنەر - سەنئەت زا
تىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، بۇنىڭدىن ئېلىنىۋاتقان پا
بەك ئاز بولغاچقا، ھازىر بۇ ئىشلار توختىتىپ قويۇلدى......
«جۇڭگو ئىگىلىكىنىڭ يىلنامىسى» (سودا ئىشلىرى مەتبەئە -
رىيى، 1934 - يىل)

بىر تاغ چوققىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مايتاغنىڭ ئەتر
پىدىكى ئون چاقىرىمدىن ئارتۇق ئارىلىقنىڭ ھەممىسى تۇزلە
لىك بولۇپ، بۇ تۇزلەڭلىكنىڭ ئۈستىدە شور لەيلەپ تۇرىدۇ،
سۇنىڭ تەركىبىدە ماي بار، بۇ تۇزلەڭلىك 5،3 مېتر چوڭقۇرلۇق
قېزىلسىلا، سۇ شۇھامان بولدۇقلاپ چىقىدۇ، مايمۇ سۇغا قوش
لۇپ ئاستا لەيلەپ چىقىدۇ. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇنىڭ 23- يىلى
يەنى 1897 - يىلدا، شىنجاڭنىڭ سودا ئىشلار باش ئىدارىسى
يەردە ماي كانى ئاچتى، شۈەنتۇڭنىڭ 1 -يىلى، 1907-يىل (تەھر
ئىلاۋىسى ئەسلى تېكىستى بىلەن ئوخشاش، شۈەنتۇڭنىڭ 1 -يىلى يە
1909 - يىل )دا رۇسىيەدىن يېڭى تىپتىكى ماشىنىنى سېتىۋېلىپ ب
كاننى كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىش، قۇدۇقنى 7،8 گەز چوڭقۇرلۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

تا قېزىش قايتا مۇزاكىرە قىلىنىپ بېكىتىلدى، بۇ كانىنىڭ مايـ زاپىسى ناھايىتى مول.

ۋاڭ جىنسېيۇ: «غەربىي شىمالنىڭ جۇغراپىيىسى» (بېيجىڭلى دا كىتاب ئىدارىسى، 1932 -يىل)

تەھرىر ئىلاۋىسى: ۋاڭ جىن فۇنىڭ يەنە «غەربىي شىمالنىڭ جۇغراپىيىسى ۋە ئانتروپولوگىيىسى» (سودا ئىشلىرى ئىدارىسى، 1935 - يىل) دېگەن ئەسىرى بار، بۇ ئەسەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن سۆزلەرنىڭ مەزمۇنى يۇقىرىدىكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. نۆۋەتتە، مايتاغ نېفىت كانىنىڭ چىلىڭ سۇلاسى گۇاڭشۇنىڭ 23 - يىل (1897 - يىل) دا ئېچىلغانلىقى ھەققىدە كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەر مۇشۇ ئەسەردىن كېلىپ چىققان، مۇبادا توغرا بولـسا بۇنى ئىسپاتلايدىغان باشقا ماقالىلەرمۇ بار.

1906 - يىلىنىڭ ئالدى- ئارقىسىدا، شىنجاڭنىڭ پەرمانداري رۇسىيە جاھانگىرلىكىدىن ماي چەككىلەيدىغان كاتول ۋە باشقا ئۈسكۈنىلەرنى زاكاز قىلدى، ھەمدە بۇ ئۈسكۈنىنى قۇراشتۇرۇش، مايتاغدا تەبىئىي نېفىت ئېلىش ۋە بۇ نېفىتنى توپلاپ چەككىلەش ئۈچۈن، رۇسىيەدىن ئىككى تېخنىك ئىشچىنى ئۈسكۈنە بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە كېلىشكە تەكلىپ قىلدى، تەكلىپ قىلىنغان بۇ ئىككى كىشى مۇتەخەسسىس ئەمەس، ئىككىسى تېخنىك ئىشچى بولۇپ، پەقەت ماشىنا زاپچاسلىرىنى قۇراشتۇرۇشنى بىلىدۇ، مايتاغنىڭ گېئولوگىيىسىنى قانداق ئىلمىي ئۇسۇللار بىلەن تەھلىل قىلىشنى، تەبىئىي نېفىتنىڭ تەركىبىدە

قانداق خىلمۇ خىل تەركىبىنىڭ بالدىمنى ۋە ماي قۇدۇقلە
قانداق قېزىپ چارلاشنى زادىلا بىلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ما
نېفىت كانى ئەينى ۋاقىتتا تېگىشلىك ئۆزلەشتۈرۈش ئىمكانى
گەئىگەبولالمىدى. . . . . . مۇبادا، دۆلەت مايتاغىنىڭ مېيىنى
كىلەيدىغان بولسا، جىق مەھسۇلات ئالالمايدىغانلىقى تۇرغان گ
تەننەرقىنىڭ يۇقىرى بولۇشى شەك-شۈبھىسىز، بۇنىڭ بىل
رۇسىيىدە چىقىۋاتقان نېفىت بىلەن رىقابەتلەشكىلىبولمايدۇ.
شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، دۆلەت قۇراشتۇرىدىغان ماشىنىلا
رەسمىي ئىش باشلانماي، بۇ ماشىنىلار مەدەنىي يادىكارلىق
ۋە يەردىن قېزىپ ئېلىنغان قەدىمكى ئاسار ئەتىقىلەرنى قوي
غان كۆرگەزمەخانا (مىن دى لوكوچىسى) نىڭ ئارقىسىدىكى ئ
باردا تاشلاغلىق تۇرىدۇ.

فەن زۇخۇەن: «شىنجاڭنىڭ كانچىلىقلىرىغا دائىر ئىمك
ئىشنى ئەسلەپ، نېفىت كانى توغرىسىدا»(«شىنجاڭ تارىخىي ما
رىياللار» بەشىنچى قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يى
4-ئاي)

1903- يىل (چىڭ سۇلاسى گۇاڭشۈنىڭ 29 - يىلى)توشقا
12 مۇچەللىنىڭ 4- سى)

شۇ يىلى، ئۈرۈمچىدە «باۋشەن ئىدارىسى» «باۋشەن شى
كىتى »گە ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى، بۇ شىركەت نېفى
مۇم، سوپۇن ۋە باشقا ھۈنەر - سەنئەت بىلەن شۇغۇ
لاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

1905- يىل (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 32 -يىلى) 10دەۋرى بەلگىسىنىڭ 3-سى

شۇ يىلى، ئۈرۈمچىدە نېفىت شىركىتى تەسىس قىلىندى، بۇ شىركەت يەرلىك ئۇسۇل بىلەن ماي چەككىلىندى.

«ئۈرۈمچىنىڭ ئىككى يۈز يىللىق چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» «ئۈرۈمچى تارىخي ماتېرىياللار» 6- قىسىم، شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى، (1983 - يىل)

## Ⅲ «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى» دا خاتىرلەنگەن بىر قانچە جايدىكى ماي ئالامەتلىرى

تەڭرى تاغنىڭ بىر ئۇچى قارا ئۈزۈق تېغىدىن باشلىنىپ، تەخمىنەن كاشغەرنىڭ شىمالىدىكى ئىت يولىغا، قوزغۇنغا، كانسۇغا، ئاچىئاچقا سوزۇلىدۇ، بۇ تاغلاردا مىس كان ۋە تاش كۆمۈر، ياغاچ كۆمۈرە نېفىت قاتارلىق نەرسىلەر بار، بۇ نەرسىلەر نەچچە يۈز چاقىرىم يەرگە سوزۇلۇپ، يەر ئۈستىگە چىقىپ تۇرىدۇ.

.... ئارىلىقى قوزغۇن تېغىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 380 چاقىرىم كېلىدىغان كاشغەر كونا شەھەر ناھىيىسىدىكى تاغ تېزمىسى تۈز ئالسۇندىكى كىچىك ۋە ئېگىز تاغلاردىن شاخلىنىپ شەرقىي جەنۇبقا بارىدۇ، چاقماق دەرياسىنىڭ جەنۇبىنى ئەگىپ ئۆتىدۇ، بۇ تاغدا ئېگىزلىكى 10 چاقىرىمدىن ئاشىدىغان چوققا بار، تاغلىرى قارىغاي بىلەن قاپلانغان، بۇ تاغدىن ياغاچ، كۆمۈر ۋە

نېفىت چىقىدۇ، تاش يېرىقلىرىدىن ئېقىپ چىققان نېفىت جا
لارغا تولۇپ كەتكەن.

چىك سۇلالىسى، ۋاڭ شۇنەن قاتارلىقلار: شىنجاڭنىڭ جۇ
راپىيىلىك تەپسىراتى، سانائەت 2-جىلىت»

قۇزغۇن تېغى تۇز ئالسۇندىكى كىچىك ۋە ئېگىز تاغلا
دىن شاخلىنىپ شەرقىي جەنۇبقا بارىدۇ، چاقماق دەرياسىدىن ئ
كىپ ئۆتىدۇ، بۇ تاغدا ئېگىزلىكى 10 چاقىرىمدىن ئاشىدىغان ب
چوققا بار، شىمالىي تەرىپىنىڭ تاغ تۇزۇلىشى ھەم ئېگىز ھەم خ
تەرلىك،جەنۇب تەرەپتىكى تاغ قارىغاي بىلەن قاپلانغان، بۇ تا
دىن كۆمۈر، نېفىت چىقىدۇ. قۇزغۇننىڭ سۈيى غەربتىن ئېقىپ
چىقىدۇ، ئاچاچىنىڭ سۈيى شەرقتىن ئېقىپ چىقىدۇ . . . . .

شۇنىڭغا پەخەس بولۇش كېرەك: تۇز ئالسۇندىكى ھەم ئې
گىز ھەم كىچىك تاغلارنىڭ جەنۇب تەرەپتىكى بىر ئۇچى قايرى
لىپ شەرققە بېرىپ، قوزغۇن تېغى بىلەن قوشۇلىدۇ. خۇيرىنلار
«يەرييغى» دەپ نام بەرگەن نېفىت تاش يېرىقلىرىدىن ئېقىپ چى
قىدۇ. قوز غۇننىڭ چوڭ تاغلىرىدا نېفىت ئېقىپ چىقىدىغان مۇ
شۇنداق تاش - يېرىقلىرى بار.

چىڭ سۇلالىسى، ۋاڭ شۇنەن قاتارلىقلار: « شىنجاڭنىڭ
جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى. تاغ تىزمىسى1-»

تەھرىر ئىلاۋىسى: «خۇيرىنلار» يەرلىك ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ، «يەر
يېغى» دېگەن سۆز ئۇيغۇرچە تەلەپپۇزدا «يەردىن چىققان ماي» دېگەن مە
نىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۇچار شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى سۇ بېشى دېگەن يەردە مىس زاۋۇتى بار، يەنە شىمالدىن شەرققە قايرىلسا ئۇ يەردە مىس چىقىرىدىغان تاغ بار. ئۆگەن دەرياسى قاينام - تاشقىنلىق بىلەن ئاقىدۇ، دەريانىڭ شەرقىي ۋە غەربىنى بويلاپ كەتكەن ئىككى تاغ بىر-بىرىگە قاراپ تىك چوقچۇيۇپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدە مىس كۆپ، نېفىت كۆپ.

سۇبېشى كۇچار شەھىرىنىڭ شىمالىغا 40 چاقىرىم كېلىدۇ. سۇ بېشىنىڭ شىمالىدىن چىقىپ 20 چاقىرىم يول يۈرۈلسە كونا مىس زاۋۇتىغا بارىدۇ، يەنە شىمالدىن چىقىپ، 40 چاقىرىم يول يۈرۈلسە، يېڭى مىس زاۋۇتىغا بارىدۇ، زاۋۇتنىڭ غەربىدىن چىقىپ 15 چاقىرىم يول يۈرۈلسە، تاغ ئاغزىغا كىرىدۇ، تاغ ئاغزىنىڭ شەرقىنى بويلاپ، 10 چاقىرىم يول يۈرۈلسە، دەريا سۈيى ئايلىنىپ ئاققان يەرگە بارىدۇ، مىس تاغ مانا مۇشۇ يەردە ......

يەنە مىس تاغنىڭ يامزىلىدىكى بىر قانچە جايدا نېفىت چىقىدىغان يېرىق بار. ئالدىنقى نەچچە يىلدا يەرلىك ئاھالە بۇ يېرىقتىن نېفىت ئالدى. بىر ئادەمنىڭ كۈنىگە ئالغان نېفىتى 2، 3 جىڭغا يېتىدۇ. ئەپسۇسكى، چەككىلەش ئۇسۇلى ئەپلىشىپ بەرمىگەچكە، بۇ ماي ئىشلىتىشكە باپ كەلمىدى، بۇنىڭدىن تېگىدىغان پايدىمۇ ئاز بولدى.

چىڭ سۇلالىسى، ۋاڭ شۇنەن قاتارلىقلار: «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى. سانائەت 2- جىلت»

مىس چىقىدىغان تاغنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭ ئۈستىدە مىس كۆپ، نېفىت كۆپ.

«شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىسى» دە: ئۆگەن دەرياسىنىڭ
بىي ياقىسىغا جايلاشقان مىس تاغ كۇچا شەھىرىنىڭ شىم
120 چاقىرىم كېلىدۇ؛ ئۆگەن دەرياسىنىڭ شەرقىي ياقىسىغا
لاشقان مىس زاۋۇتى كۇچا شەھىرىنىڭ شىمالىغا 150 چاق
كېلىدۇ دېيىلگەن.
«كۇاڭشۇ 10 دەۋرى بەلگىسىنىڭ 4 - سىدىكى يىللاردا
چارلاش ھەققىدە يېزىلغان ھۆكۈمەت مەلۇماتى» دا: كۇچارد
مىس تاغ بىلەن شەھەرنىڭ ئارىلىقى 120 چاقىرىمدىن ئاشە
شىمالىي قۇۋۇقتىن چىقىپ، ئالاھەزەل 44 چاقىرىم يول يۈرۈ
سۇ بېشىغا بارىدۇ، بۇ يول توپ - توغرا سۇ بېشىنىڭ شىمالىد
چىقىپ، 20 چاقىرىم يول يۈرۈلسە، كونا مىس زاۋۇتىغا بارىد
بۇ زاۋۇت ئاللا بۇرۇن ئىشتىن توختاپ قالغان. يەنە شىمالد
چىقىپ 44 چاقىرىم يول يۈرۈلسە، يەنە مىس زاۋۇتىغا بارىد
زاۋۇتنىڭ غەربىدىن چىقىپ، 10 چاقىرىم يول يۈرۈلسە، تاغ ئا
زىغا كىرىدۇ، يەنە تاغ ئاغزىنىڭ شەرقىنى بويلاپ تەخمىنەن
چاقىرىم يول يۈرۈلسە، بىر قانچە كىچىك ئېرىقلاردىن ئۆتۈپ
مىس تاغنىڭ يامزۇلىغا بارىدۇ ...... كونا مىس زاۋۇتىنىڭ ش
مالىدىن چىقىپ تەخمىنەن 10 چاقىرىم يول يۈرۈلسە، تاغقا كىرىد
يەنە 10 چاقىرىم يول يۈرۈلسە، بۇ يول ئوڭغۇل-دوڭغۇل، بىر قانچە جاي
نېفىت چىقىدىغان ئۆڭكۈر بار. ئالدىنقى بىر نەچچە يىلدا يەرلىك ئاھا
بۇ ئۆڭكۈردىن نېفىت ئالدى، كۈنىگە تەخمىنەن 2، 3 جىڭ ئا
ھىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىڭ سۇلالىسى، ۋاڭشۇنەن قاتارلىقلار: «شىنجاڭنىڭ جۇغ-راپىيىلىك تەپسىراتى. تاغ تىزىمىسى2- جىلىت»

قارا شەھەر چېگىرىسىدا: ئېبوت، كىياقتا، قۇربان دەيدى-غان ھەم كىچىك ھەم ئېگىز ئۈچ تاغ بار، جېرغىلاڭ دەرياسى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە سېرىق ئالتۇن كۆپ. ئۇنىڭ شەرقىي شىمالىدا ئېرەن قابىرغا دېگەن تاغ بار. كۆيتۇڭ دەرياسى مۇشۇ تاغنىڭ تەسكەي تەرىپىدىن باشلىنىدۇ، تاغ ئى-چىدە، ئالتۇن، كۆمۈچ؛ گۈڭگۈرت، تۆمۈر، كۆمۈر، نېفىت قاتار-لىق كان قاتلىمىنىڭ چىقىپ تۇرغانلىقى كۆزگە چېلىقىدۇ.

ئېرەن قابىرغا قۇرباندىكى ھەم كىچىك ھەم ئېگىز تاغنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ، قارا ئۇسۇن (تەھرىرئى-لاۋىسى: بۇگۈنكى شىخۇ ناھىيىسى) نىڭ جەنۇبىغا 130 چاقىرىم كېلىدۇ، كۆيتۇڭ دەرياسىنىڭ مەنبەسى، تۇرغات قەبىلىسى(تەھ-رىر ئىلاۋىسى: مۇڭغۇل مىللىتىنىڭ تارمىقى)نىڭ چارۋا باقىدى-غان يېرى. تاغ ئىچىدە كۆمۈش، تۆمۈر، گۈڭگۈرت، كۆمۈر، نې-فىت قاتارلىق كان زاپىسى مول توپلانغان .....

چىڭ سۇلالىسى، ۋاڭ شۇنەن قاتارلىقلار: «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى. سانائەت 2- جىلىت»

ئېرەن قابىرغا تېغىدا كۆمۈش كۆپ ،تۆمۈر كۆپ، گۈڭگۈرت كۆپ، كۆمۈر،نېفىت كۆپ.

چىڭ سۇلالىسى، ۋاڭ شۇنەن قاتارلىقلار: «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى. تاغ تىزىمىسى 2- جىلىت»

مايتاغدىن نېفىت چىقىدۇ. «قارا ئۇسۇننىڭ يۇرت تە
رىسى»: مەمۇرى مەھكىمىسى جايلاشقان شەھەرنىڭ شەرقىي
نۇبىغا ئون چاقىرىم كېلىدىغان يەردە، كۇيتۇڭ دەرياسىنىڭ
تەرىپىدە توپىسىنىڭ رەڭگى قىزىل تاغ بار، بۇ تاغ ئەترا
100 چاقىرىمدىن ئاشىدۇ، بۇ تاغدىكى كاندىن چىقىۋاتقان نې
نىڭ رەڭگى قارا بولۇپ، بۇ تاغنىڭ تىزمىسى نەنسەندىن بې
لىنىدۇ، نېفىت ئالامەتلىرى توپا ئۈستىگە چىقىپ تۇرىدۇ. نە
ھېتر قېزىلسىلا، سۇ ئۈنىڭدىن شۇ ئان چىقىدۇ، سۇ ئۈستىگە
لەپ چىقىدىغان نېفىت يازدا ئاۋۇپ، قىشتا يوقاپ كېتىدۇ.
نە شەھەرنىڭ غەربىگە 70 چاقىرىم كېلىدىغان موماج
غىسىنىڭ، 90 چاقىرىم كېلىدىغان جاڭ جىنىنىڭ ئاغزىنى
ھەممە يېرىدە نېفىت بار.

چىڭ سۇلالىسى، ۋاڭ شۇنەن قاتارلىقلار: «شىنجاڭنى
جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى. تاغ تىزمىسى 2- جىلىت».

مايتاغنىڭ نېفىتى: قارا ئۇسۇن مەمۇرىي مەھكىمىسى ج
لاشقان شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، كۇيتۇڭ دەرياسىنىڭ
ياقىسىدىكى چۆللۈك ئىچىدە، مايتاغ دەپ ئاتىلىدىغان بىر چو
بار، بۇ چوققا ئەتراپىتا تەخمىنەن 100 چاقىرىمدىن ئاشىدۇ، تا
توپىسى قوڭۇر مىنېرال بوياققا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدا نېفىت چىقى
غان ئىككى بۇلاق بار: بۇ بۇلاقنىڭ بىرسى جەنۇبىي يامزىلى
ئىككىنچىسى غەربىي يامزىلىدا بولۇپ، ئۇنىڭدىن تۇق سۆس
رەڭدىكى نېفىت چىقىپ، سۇ ئۈستىدە لەيلەپ تۇرىدۇ، يازدا

ۋۇپ، قىشتا قۇرۇپ كېتىدۇ. يەنە مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا كېلىدىغان موما جىلغىسى، 90 چاقىرىم كېلىدىغان جاڭ جىنىنىڭ ئاغزى، جەنۇبىغا ئۇدۇلمۇ - ئۇدۇل كېلىدىغان 90 چاقىرىم چېگىشۇردا، يەنە ماناسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 150 چاقىرىم كېلىدىغان بۆرتۇڭگۇ، خۇڭگۇ، كازىۋان دېگەن ئۈچ جاي بار. سانجى شەھەرىنىڭ جەنۇبىغا 70 چاقىرىم كېلىدىغان تودۇڭخابادىكى بىر جايدا نېفىت چىقىدۇ. گۇاڭشۈنىڭ 33- يىلى سودا ئىشلار باش ئىدارىسى خادىملارنى ھەر قايسى جايدىن چىقىۋاتقان مايىنى رۇسىيىگە ئېلىپ بېرىپ، زاۋۇتتا تەجرىبە قىلىپ بېقىشقا ئەۋەتتى، پەقەت مايتاغ بىلەن خۇڭگۇدىن چىققان نېفىتنىڭ سۈپىتى ئەڭ ياخشى ئىكەن، مەھسۇلاتىمۇ يۇقىرى ئىدى؛ بۆرتۇڭگۇدىن چىقىۋاتقان ماي سۇلغات، كۆمۈر، مىنېراللىرى ئىچىدىن فونتان بولۇپ چىقىدۇ، رەڭگى ھەم ئاق ھەم قارا بولۇپ، ئېقىشىنىڭ رەڭگى سۈپسۈزۈك، قارىسىنىڭ سۈپىتى قويۇق، ئەگەر بۇماي ماشىنا ئارقىلىق چەككىلەنسە، ئىشلىتىشكە يارايدۇ. تۇدۇڭخابادىن چىقىۋاتقان مايىنىڭ رەڭگى قارا بولۇپ، ئۇ سىرغا ئوخشايدۇ، بۇ ماي كۆمۈر مىنېراللىرى ئىچىدىن چىقىدۇ. قېتىپ مۇنەك بولىۋالىدۇ، سۈپىتى ناچار بولغاچقا، بۇماي تېخى ئىچىلمىدى.

چىڭ سۇلالىسى، ۋاڭ شۇنەن قاتارلىقلار: «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى. سانائەت 2- جىلدى»

جاڭ جىنىنىڭ ئاغزىدىكى موم: موم جىنىس يېرىقلىرىدىن چىقىدۇ، سۈپىتى قېتىشقاق بولۇپ، خۇددى مايغا ئوخشاش قېتى-

ۋالىدۇ، رەڭگى سۇس قىزىل، ئۇنىڭ تۈم قارىلىرىمۇ بار،
ياقىسلا كۆيىدۇ، بۇنىڭدا ئەجەبىي ئۇسۇلدا شام ياسالسا، بۇ
پارقىراپ تۇرىدۇ، كالا، قوي مېيى بىلەن ياسالغان شامدىن
ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدۇ، موم كۆپرەك نېفىت كانلىرىدا ئىشلە
قىرىلىدۇ، موم جاك جىنىنىڭ ئاغزى، مۇماجىلغىسىدىن ئىبار
ئەككى جايدا ئەڭ ئەلۋەك.

چىڭ سۇلالىسى، ۋاڭ شۇنەن قاتارلىقلار: «شىنجاڭنىڭ
جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى. سانائەت 2- جىلىت»

تارباغاتاي شەھىرى (تەھرىر ئىزاھاتى: يەنى بۇگۈنكى
چۆچەك بازىرى كۆرسىتىلىدۇ) ..... دا سۇخايىتۇ دېگەن تاغ با
مۇشۇ تاغنىڭ جەنۇبىدا چىڭشىشا دېگەن يەر بولۇپ، بۇ يەرنىڭ
ئاستىدىن ماي چىقىدۇ، بۇماي يوشۇرۇن ئېقىپ ماناسقا كېتىد
(تەھرىر ئىزاھاتى: ماناس - بۈگۈنكى ساۋەن ناھىيىسىنى، شىخەن
زە شەھىرىنى ۋە قاراماي شەھىرىنىڭ شياۋگەي يېزىسىنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان) بۆرتۈڭگۇدىكى ماي بۇلاق، مۇشۇ يوشۇرۇن ئې
قىمدىن ھاسىل بولغان.

چىڭشىشانىڭ غەربىي شىمالدا چۆچەك شەھىرى بىلەن
بولغان ئارىلىقى 600 چاقىرىمدىن ئاشىدۇ، سۇخايىتۇ تېغىنىڭ جە-
نۇبىي ماناس بىلەن تۇتىشىدۇ. كونا قاراماي تاغدىن چىققان ماي
ئېقىپ تاغ يامزىلىغا يېيىلىدۇ، سۈپىتى بەك قويۇق. ئەگەر بۇماي
ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇلسا، مۇنەك بولىدۇ، بۇ مۇنەك ئېرىتىلىپ
ئوت ماشىنىسىنىڭ يولىغا يېيىلسا (تەھرىر ئىزاھاتى: ئەسلى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تارقىتىش ئادرېسى

تېكىستتا شۇنداق، ئاپتوموبىلنى كۆرسىتىدۇ)، يول چىدامىلىق بولاتتى. يەرلىك ئادەملەر بۇ ماينى ئېچىپ، چىراغ يېقىشقا ئىشلەتمەكتە.

چىڭ سۇلالىسى، ۋاڭ شۇنەن قاتارلىقلار: «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى. سانائەت 2- جىلىت»

چىگشىشا دېگەن يەردىن نېفىت چىقىدۇ. شۇنىڭغا پەخەس بولۇش كېرەك .... چىگشىشانىڭ غەربىي شىمالىنىڭ شەھەر بىلەن بولغان ئارىلىقى (تەھرىر ئىلاۋىسى: چۆچەك بازار ئىچىنى كۆرسىتىدۇ) 600 چاقىرىمدىن ئاشىدۇ، سۇخايتۇ تېغىنىڭ جەنۇبىي ماناس بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇ يەردىن چىقىدىغان نېفىتنىڭ سۈپىتى بەك قويۇق، ئەگەر قۇرۇتۇلسا مۇنەك بولىدۇ، مۇبادا بۇ مۇنەك ئېرىتىلىپ ئوت ماشىنىسى (تەھرىر ئىلاۋىسى: ئەسلى تېكىستتا شۇنداق، ئاپتوموبىلنى كۆرسىتىدۇ) نىڭ يولىغا يېيىتىلسا، يول چىدامىلىق بولىدۇ، ئەگەر چەككىلەش ئۇسۇلى قاملاشقان بولسا، پۈتۈن ئىقلىمغا زور دەرىجىدە پايدا يەتكۈزگەن بولاتتى.

چىڭ سۇلالىسى، ۋاڭ شۇنەن قاتارلىقلار: «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى. تاغ تىزمىسى 6- جىلىت»

تەھرىر ئىلاۋىسى: چىگشىشا بۈگۈنكى كونا قارامايتاغنى ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى رايونلارنى كۆرسىتىدۇ، بۇنى 1906-يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 32-يىلى)دا نەشر قىلىنغان «كونا شىنجاڭ خەرىتىسى»دىن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ.

## IV چاروسىيەنىڭ شىنجاڭنىڭ نېفىتىغا شۆلگىمىيىنى ئېقىتىشى

ئۇزۇن يىللار مابەينىدە، غەربىي دىيارنى ساياھەت قـ
غان غەربلىكلەر باپكانىڭ موكسىدەك كېلىپ، شەرتلىك بـ
گىلەر قويۇلغان خاتىرىلەرنى يېزىپ ئېلىپ كەتتى، ئۇلار جۇڭگ
نى كان بايلىقى جەھەتتە يەر شارى بويىچە بىرىنچى ئورۇن
تۇرىدۇ، شىنجاڭنى كان بايلىقى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە بـ
رىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ دەپ ھەدەپ ماختاۋاتىدۇ. ئۇلار ماختاۋا
قان ۋە خاتىرىگە يېزىۋاتقان نەرسىلەر ئىچىدە، ئومۇمەن، ئۇلا
شەخسەن باشتىن كەچۈرگەن، شەخسەن تەتقىق قىلغان ئىشلا
كۆپ.

گۇاڭشۈنىڭ 15- يىلى رۇسىيىلىك كونىمۇسىغىسكى يازغان
ساياھەت خاتىرىسىدە: «بۇندىن باشقا، قارا قۇرۇمنىڭ شىمالى
تەرىپىدىكى قىيپاشلىقنى بويلاپ، شەرققە قاراپ ماڭسا، خوتەن
ئەتراپىغا يېقىنلاپ بارىدۇ، رۇسىيىلىك بىيفۇساپىنىڭ نىيا (تەھـ
رىر ئىلاۋىسى: بۇگۈنكى نىيە ناھىيىسىنىڭ چېگرا ئىچى) دە ئىـ
كەنلىكىنى، يەنە خوتەندە كېئولوكلارنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىدۇق
شۇنىڭدىن كېيىن، بىفۇساپ ھەزرەتلىرى تۇرغان نىيا شەھرىنى
زىيارەت قىلدۇق، بىفۇساپىنىڭ كېئولوكلارنى باشلاپ، شەرقتىن
تۇرپانغىچە بولغان يەرلەردە كان ئالامەتلىرىنى تەكشۈرگەنلىكى
دىن، بىيفوفاساپىنىڭ ئۆزخاتىرىسىگە بىر مۇنچە ئالتۇن، مىس چىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىغان يەرلەرنى يېزىۋالغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق» دېيىلگەن.

يەنە يېقىنقى يىللاردا رۇسىيەنىڭ باش كونسۇلى ھەر قاي-سى دۆلەتلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ كان بايلىقىنى تەكشۈرۈش ھەققى-دە يازغان خاتىرىلىرىنى توپلاپ بىر كىتابچە قىلىۋالغان. بۇ كى-تابچىنىڭ رۇسچە، ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە، نېمىسچە يېزىقتىكى نۇسخىسى بولغاندىن باشقا، يەنە تۈركچە، يەنە مۇڭغۇلچە، چەن-خۇي (تەھرىر ئىلاۋىسى: يەنى ئۇيغۇر) چە يېزىقتىكى نۇسخىسى بار. كىتابچىدىكى خەرىتە، جەدۋەللەر كۆزگە يارقىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، بۇ كىتابلار تولىمۇ ئېغىر.

چىڭ سۇلالىسى، ۋاڭ شۇنەن: «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى . سانائەت 2- جىلد»

بۇنىڭ ئىچىدە يالغۇزلا ئۈرۈمچىنىڭ سىساگو دېگەن يېرى-دىكى بىر كاننىڭ چەتئەللىكلەر بىلەن ئالاقىسى بار، بۇ كان گۇاڭشۈنىڭ 19- يىلى (تەھرىر ئىلاۋىسى: 1893- يىلى) مەزكۇر ئۆلكىنىڭ ئۆلچەم بېگى ياڭ جىنباڭ بىلەن رۇسىيىلىك ئىۋانوۋ-نىڭ شېرىكچىلىكىدە قۇرۇلغان، ھۆكۈمەت تەرەپ بۇنىڭغا ئىككى ئۈلۈش، ئىۋانوۋ بىر ئۈلۈش پاي سالغان، شۇنىڭدىن ئېتىبا-رەن، نېفىت ئېلىش، نېفىت چەككىللەشتىن ئۈنۈم بولمىغاچقا، بۇ كاننى سودا ئىشلىرى ئىدارىسى ئۆتكۈزۈۋالدى.

گۇاڭشۈنىڭ 32- يىلى (تەھرىر ئىلاۋىسى: 1906 - يىل) رۇسىيىلىك سودىگەر كوكوبايوف شىخودىكى مايتاغ كاننى ئىجا-رىگە ئېلىپ ئېچىشنى ئىلتىجا قىلغانىدى، بۇ ئىلتىجا دەرھال

رەت قىلىندى.

گۇاڭشۇنىڭ 24- يىلى (تەھرىر ئىلاۋىسى: 1898- يىل) سىيەنىڭ كونسۇلى سودا ئىشلار ئىدارىسىدىن تاربىاغاتايدى چىڭشىشانى ئىجارىگە ئېلىپ ئېچىشنى ئىلتىجا قىلغانىدى. ئىلتىجامۇ سىپايى گەپلەر بىلەن رەت قىلىندى.

ۋىڭ ۋىنخاۋ «كىرسىن كانلىرى ھەققىدە قىسقىچە بايان» (تەخمىنەن 30- يىللار، قولىيازما)

نېفىت كان بايلىقلىرى تۆۋەندىكى جايلار: كۇچارنىڭ ئە... راپىغا، ئۈرۈمچىنىڭ غەربىگە 15 چاقىرىم كېلىدىغان يەرگە. كۆي... تۇڭ بىلەن يەنسخەينىڭ ئارىلىقىغا، شىخودىن ماناسقىچە بو... غان تاشيولنىڭ غەربىي ياقىسىغا ھەمدە ئۇرقىنىڭ ئاياق تەر... پىدىكى تاغ ئىچىگە جايلاشقان.

ئۈرۈمچىنىڭ ئەتراپىدىكى نېفىت،دەريادىكى سۇنىڭ ئۈستە... دە لەيلەپ تۇرىدۇ. قۇياشنىڭ سۇ ئۈستىدىكى رولى قانچە زو... چۆلۈچ بىلەن سۇ يۈزىدىن ئالغىلى بولىدۇ، بىراق نېفىت قاتلىمى قىلىن ئەمەس. بىر رۇسىيىلىك سائەت ئۇستىكارى جۇڭگو ھۆكۈ... مىتىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، بۇ يەردىن نېفىت ئېلىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى، ئەمما بۇ كارخانىچىنىڭ نېفىت ئېلىشقا دائىر بىلىمى يېـ تەرسىز بولغانلىقى، يەنە كېلىپ، ئۇنىڭدا زۆرۈر بولغان ئۆلچەش ئاپپاراتلىرى، ئۇسكۈنە ۋە قورال - سايمان يوق بولغانلىقى ۋە- جىددىي، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. كېيىنرەك

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ كارخانىچىنىڭ ئۈرۈمچىدىن كېتىپ قالدى، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۇنى دوراپ سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپ باقتى، ئۇلارنىڭ ئوخشاشلا مەغلۇپ بولدى. ئۇنىڭدىن چەككىلەنگەن كىرسىنىنىڭ رەڭگى سېرىق بولۇپ، ئۇ كۆيگەن ۋاقىتتا ساپ - سېرىق بولۇپ ياناتتى، ناھايىتى كۆپ ئىس چىقىراتتى، بۇ نېفىتنى ئېچىش ۋە چەككىلەشكە بەكمۇ زور خىراجەت كەتتى، شۇڭا، ئۇنىڭ باھاسى ناھايىتى يۇقىرى بولغاچقا، خېرىدار چىقماي، ئېچىلىشتىن توختاپ قالدى.

كۈيتۇڭ بىلەن يەنسەخەي ئارىلىقىدا نېفىت ئېچىش خىزمىتى ئازغىنە ياخشىراق، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قۇدۇقلارغا قارىغاندا، بۇ يەردە نېفىتنىڭ مەنبەسى مول بولۇپ، ئۇ، ئېچىشقا ئەرزىيدۇ، شۇڭا، شىنجاڭنىڭ پەرمەتدارى بۇنىڭدىن زوقلىنىپ پۇل ئاجراتتى ھەمدە ئاساسلىق باشقۇرۇشقا بىر ئەمەلدارنى ئەۋەتتى. بۇ ئەمەلدار ھېلىقى رۇسىيىلىك بىلەن بىرلىكتە نېفىت سانائىتىنى باشقۇرغاندا، بەزى نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالغان ئەمەلدار ئىدى، بۇ ئەمەلدار رۇسىيىدىن نېفىت چەككىلەش ماشىنىسىنى تۇشۇپ ئەكەلدى، ئۈرۈمچىنىڭ ئەتراپىدىن چىقىۋاتقان نېفىتنىڭ رەڭگى دېگەندەك قارا بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭدا يەنە ئازتولا سېرىقلىق بار، ئۇ چەككىلەشكە ئەپلىك. ئېلىنىۋاتقان نېفىت شۇجاينىڭ ئۆزىدە چەككىلەنمەستىن بەلكى ئۈرۈمچىگە تۇشۇپ ئاپىرىپ، مەخسۇس قۇرۇلغان زاۋۇتتا چەككىلىنىۋاتىدۇ؛ بىراق چەككىلەش تېخنىكىسىنىڭ تولىمۇ ناچار بولغانلىقىدىنمىكىن، ئەيتاۋۇر، بۇنىڭدىن چەككىلىنىپ چىققان كىرسىنىنىڭ سۈپىتى ياخشى بولمىدى،

بازىرى كاسات، يەنە كېلىپ يەرلىك ئاھالە ئۈچۈن بەك
مەتكە توختىسىدى،ھەر بىر فۇتى تەخمىنەن 5 روبلىغا باردۇ
گەر بۇ نېفىت مەيدىلەپ چەككىلەنسە، ئۇنىڭدىن مومغا ئوخ
دىغان ئالاھىدە بىرخىل ماددىنى چەككىلەپ ئالغىلى بولىدۇ.
زۇلار ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ شام ياساۋاتىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاندا، ئۇشقا بارىدىغان يول ئۈستىدىكى
لۇغچات دېگەن يەرنىڭ ئەتراپىدا موم ۋە تەبىئىي ئاسفالت
قىدىغان كان بايلىقلىرى بار.

ئۆلكە مەمۇرى دائىرىلىرى نېفىت ئىشلىرىنى زور كۈچ ب
لەن راۋاجلاندۇرۇشقا بەك تەقەززا بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ كەسى
نىڭ ئېپىنى بىلىدىغان ئادەم يوق .جۇڭگولۇقلار چەت ئەللىك ئ
ۋېنېرلارنى تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىشكە تازا خۇشتار بولسىمۇ، لېكى
بۇ ئىنژېنېرلارغا زور دەرىجىدە ئىش ھەققى بېرىشنى خالىمايدۇ.
شۇ ۋەجىدىن ، بۇ ئىش ئاخىرقى ھېسابتا روناق تاپالمىدى .

( روسىيە ) ن . ۋ بوگيافۇلىنىسكى :

«سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى جوڭگونىڭ غەربىي رايونى»
(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېت چەت ئەل تىل فاكولتېتىنىڭ رۇس تىلى
كافېدراسى تەرجىمە قىلغان ، سودا ئىشلىرى سارىيى ؛ 1980-يىل.
ئەسلىدىكى كىتاب 1906 - يىلى نەشر قىلىنغان )

تەھرىر ئىلاۋىسى: ن، ۋ، بوگيا فۇلىنىسكى. چاررۇسىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇ-
رۇشلۇق باش كونسولى بولغان.



1906 - يىلى ، رۇسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەر تەكشۈرۈپ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى
www.uyghurkitap.com

74 جايدا نېفىتلىك بارلىغىنى بايقىدى . تۇنجى نېفىتلىك يەنسې
خەينىڭ جەنۇبىدىن بايقالدى . يەنە شۇنىڭغا تەخمىنەن 20 كىلو-
مېتىر كېلىدىغان جايدىن بىر قانچە نېفىتلىك بايقالدى . نېفىت
چىقىدىغان بۇ رايوننىڭ ئۇزۇنلىقى 120 كىلومېتىر كېلىدۇ ، بۇ
نېفىتلىك جۇڭگونىڭ غەربىدە نېفىتكە ئەڭ باي رايوننىڭ بىرى
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ نېفىتلىكنىڭ جەنۇبىدىن غەربىگىچە بول-
غان كۆلىمى ناھايىتى زور . مايىور دوستكراي (DOCKraV)
(MajOr) رۇسىيىلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكرىگە ئاساسەن،
مەزكۇر نېفىتلىكنى باكۇدىكى داڭلىق نېفىت بۇلىقى بىلەن تومۇر-
داش دەپ ھېسابلىدى . نېفىت چىقىدىغان بۇ رايون بۇ كۈنگىچە
ئېچىلغىنى يوق . يەرلىك ئاھالە ئۆزلىرىگە كېرەكلىك بولغان ئاز-
غىنە نېفىتنى ئىنتايىن نادان ئۇسۇللار بىلەن ئېلىپ ئۆز ئېھتىيا-
جىنى قامداۋاتىدۇ . يەنسخەي ۋە ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىدا مۇشۇن-
داق نېفىت بار .

بۇ نېفىت تومسك (TOMSK) ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەجرى-
بىخانىسىدا ئانالىز قىلىنغان ئىدى ، ئەپسۇسكى ، ئانالىز نەتىجى-
سى قولدا بولمىغاچقا ، ئېلىپ چىقىپ كۆرسىتىشكە بولمايۋاتىدۇ .
شۇنداقتىمۇ ، بۇ نېفىت قويۇق سۇپەتلىك نېفىتقا كىرىدۇ ، ئۇنىڭ
خاراكتېرى باكۇدىكى نېفىتنىڭ خاراكتېرى بىلەن ئوخشاش . شۇ-
نىڭدىن كېيىن رۇسىيىلىك ماشىنا ئۇستىكارلىرى ئىلىدا بۇ نېفىت-
نى ئانالىز قىلدى ، رەسمىي قۇرۇلغان تەجرىبىخانا بولمىغانلىقى
ۋەجىدىن ، بۇ نېفىتنىڭ سۈپىتىنى راستچىللىق بىلەن چۈشەندۇ-

رۋشكە بولمىدى ، ئەمما ، باشقىلارنىڭ ئۇسۇلىنى يىغىنچا
ئارقىلىق ئېرىشكەن نەتىجە ئاساسىدا ، ئوت مېيىنىڭ پىر
نىسبىتىنى ۋە ئۇنىڭ سۈپىتىنى مۇقىم ئىسپاتلىغىلى، سانائە
دانىدا تۇرۇپ ، بۇ نېفىتلىكنىڭ تىجارەت ئېلىپ بېرىشقا بول
نېفىتلىك ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ .

ئىككىنچى ، نېفىت رايونى ئورۇنچىنىڭ جەنۇبىدىن تېپى
بۇ رايوننىڭ كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بولۇپ ، بىر قىسمى جۇ
نىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن رۇسىيىلىك ئىنژېنېر
لىپىنىڭ قوماندانلىقىدا تىجارەت ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇق بىر
بۇ رايون ئۆزىدىن چىقىۋاتقان نېفىتنىڭ مول بىلەن ، ھې
دوسكرايىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىغان ئىدى ، بۇ رايوند
نېفىتنىڭ خاراكتېرى يەنىسەي ئەتراپىدىن چىقىدىغان نې
بىلەن ئوخشاش .

ئايار كۆلى ( ھازىرقى ئېلىكنۇر كۆلى ) چېگىرىسى ئى
مول بولغان ئاسفالت ۋە موم كانى تېپىلغان بولسىمۇ ، بۇ
بۈگۈنگىچە ئېچىلغىنى يوق .

رۇسىيىلىكلەر بىلەن چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەر شىنجاڭنىڭ نې
رايون ئىكەنلىكىنى، بۇ رايوننىڭ كۆلىمى، سۈپىتى، دۇنيا نېفىت ما
لىسىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئوخشاش دوكلات قىلدى

كىلامىشېۋ : « جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال قىسمىنىڭ ئى
سادى ئەھۋالى » ( ۋاڭ جېڭگۋاڭ تەرجىمە قىلغان ، سودا ئىشل
جەتبەئە سارىيى ، 1934 - يىل ).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوبرۇچېۋ باشچىلىقىدىكى رۇسىيە چارلاش ئەترىتى 1894- يىلى شىنجاڭغا ۋە ئىچكى ئۆلكىدىكى بەزى جايلارغا بىرىپ گېئو- لوگىيىلىك ئۆلچەشنى ئېلىپ باردى ، 9400 ئىنگلىز مىلى مۇسا- پىسىدە ساياھەت قىلىپ،گېئولوگىيەگە دائىر ماتىرىياللارنى توپ- لىدى . .... 1905 - يىلى چاررۇسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقى ئاسىيانى تەكشۈرۈش كومىتېتىنى قۇردى. ئارقىدىنلا ، چاررۇسىيەنىڭ ئاتالمىش چارلاش ئەترەتلىرى ئارقا- ئارقىدىن كەلدى ، ...... ئوبرۇچېۋ 1905 - يىلى ۋە 1906- يىلى ئىككى نۆۋەت شىنجاڭغا كىلىپ ، تارباغاتاي تاغ تىزمىسى بىلەن جوڭغار ئويمانلىقىنى تەكشۈردى .

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مىللىي تەتقى- قات ئورنى : «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى » 2 - قىسىم ،«شىن- جاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1980 - يىل »

تەھرىر ئىلاۋىسى: ب. ئا.ئوبرۇچېۋ (يەنە ئوبرۇچېۋ دەپمۇ تەرجىمە قى- لىنىدۇ). (1863-1956 )، گېئولوگ ۋە جۇغراپىيە ئالىمى، سىبىرىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇغراپىيىسى،گېئولوگىيىسىنى تەتقىق قىلىش بىلەن نام چىقارغان،چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا بىر قانچە مەرتىۋە شىنجاڭنى تەكشۈرگىلى كېلىپ، جوڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال گېئولوگىيە خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان ھەمدە ئورقىدىكى ئاسفالت تىزمىسى ۋە كونا قاراماي تاغ ئاسفالت ئىندىر- لىقلىرى ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش ماي تەركىبلىك ئالامەتلەر ھەققىدە خاتىرە يېزىپ قالدۇرغان.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلەت مەھەممەد

# ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردىكى شىنجاڭ نېفىت سانائىتى

ۋاڭ ليەنفاڭ

ئىزاھات: ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان 20 نەچچە يىل (1912-1933-يىللىرى) شىنجاڭنىڭ نېفىت سانائىتى يېڭى ئۇرۇشتىن توختاپ قىلىشقىچە بولغان مەزگىل بولدى. بۇ مەزگىلدە دۆلەت ئىچىدىكى نەشرىيات بۇيۇملىرىدا شىنجاڭنىڭ نېفىتىگە دائىر خاتىرىلەر ناھايىتى كۆپ بولدى، بولۇپمۇ جايلاردىكى نېفىت ئالامەتلىرى ۋە نېفىتنىڭ ئېلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى خاتىرىلەردە تەكرارلىنىش كۆپ بولدى؛ بەزى گۇۋاھچىلارنىڭ يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بېرى ئېلان قىلغان بەزى ئەسلىمە ماقالىلىرىدىمۇ بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتى بار. بۇ ئەندى ئۈچ مەخسۇس تېما بويىچە تۈزۈپ چىقىلدى: 1- بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋە روسسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە راۋاجلىنىشى؛ 2- چەت ئەللەرنىڭ شىنجاڭ نېفىت سانائىتىگە چاڭ سېلىشقا ئۇرۇنۇشى ۋە نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى شىنجاڭغا كىرگۈزۈش ئەھۋالى؛ 3-بايقالغان نېفىت ئالامىتى بار رايونلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېچىلىش ئەھۋالى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاز بىر قىسمى ئالدىدا قىسقارتىپ نەقىل كەلتۈرۈلدى، كېيىنكى قىسىملىرىدا ماقالىنىڭ مەزمۇنىنىڭ پۈتۈنلىكىنى ساقلاپ قېلىش مەق-

www.uyghurkitap.com

ـستىدە قىسقارتىلمىدى. كېيىنرەك چىققان كىتابلاردىكى ۋە يېڭى مەزمۇنى بولمىغان تەكرار خاتىرىلەر تولۇق كىرگۈزۈلمىدى. ئاز ساندىكى ماتېرىياللارنىڭ ئەسلى نۇسخىسىدا ئىنىش بەلگىلىرى ۋە ئابزاسلار بولمىغانلىقتىن بۇلارغا ئىنىش بەلگىلىرى قويۇلدى ۋە ئابزاسلارغا ئايرىپ چىقىلدى.

بەزى مۇناسىۋەتلىك بولغان ماتېرىياللارنى ئوقۇشقا ۋە تونۇشتۇرۇشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن ئاز بىر قىسىم ماتېرىيالنىڭ ئىچىگە ۋە ماتېرىيالنىڭ ئاخىرقى قىسمىغا «ئىلاۋە» شەكلىدە ئانچە-مۇنچە ئىزاھات بېرىلدى.

مەزكۇر قىسىم ئاپتور تۈزۈپ چىققان «شىنجاڭ نېفىت تارىخى ماتېرىياللىرىدىن قىسقىچە توپلام» (قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان قىسمى)نىڭ ئىككىنچى قىسمى.

**1- بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋە روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە خارابلىشىشى**

شىنجاڭغا قاراشلىق شىخو، ماناس، ساۋەن، ئۈرۈمچى، تارباغاتاي قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسىدىن نېفىت چىقىدىغانلىقى، بۇرۇندىنلا يەرلىك ئۇسۇلدا قېزىلىدىغانلىقى ئېنىقلاندى. بۇنىڭغا ھەم پۇل كۆپ كېتىدۇ، ھەمچەككىلەش ئۇسۇلىنى ئۇقمايدۇ، مال ناچار بولسىمۇ باھاسى قىممەت، ئىشلىتىش تەس. روسىيىلىكلەرنىڭ شىنجاڭغا توشۇپ كەلگەن نېفىتى ناھايىتى كۆپ، بۇرۇن ھەرجىڭنىڭ باھاسى بىر پۇتۇن ئۆلچەم 67 مىسقال بولغان بولسا، يېقىندىن بېرى ئالتە مىسقالغا چىقتى. ئۆز جايىمىزدىن نېفىت ئېلىشنى ياخشىلىمىساق پايدا تاپقىلى بولمايدۇ، ياخشىلايلى دېسەك شىنجاڭ ئۆلكىسىدە بۇ جەھەتتە

مەخسۇس بىلىمى بار تېخنىك خادىملار يوق، ماشىنىلارنى قاتداق ئىشلىتىش ۋە نېفىتنى قانداق چەككىلەشنى بىلىدىغانلار يوق. شۇڭلاشقا باشقىلارنى ئەينەك قىلىپ يېتەكلىمەي بولمايدۇ. تەكشۈرۈشىمىزچە شەنشىنىڭ يەنچاڭدا ئېچىلغىلى كۆپ يىل بولغان ماي زاۋۇتى بار ئىكەن، نەتىجىسى كۆرۈنەرلىككەن. مەن كان ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئومۇمى ئىشلارنى باشقۇرغۇچىسى ۋۇ-مىڭكۈينى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتمەكچى ھەمدە شاگىرتلاردىن بىر قانچىسىنى تاللاپ ئۆگىنىشكە ئەۋەتمەكچى بولۋاتىمەن. ئۇلار مۇشۇ يەرنىڭ مېيىدىن بىر قانچە ئون جىڭ ئالغاچ بېرىپ، شۇ زاۋۇتنىڭ ئۆزىدە سىناپ باقىدۇ. ئەگەر مەزكۇر كىشى ئۆگىنىشتىن نەتىجە ھاسىل قىلالىسا بىر قانچە ۋاقىتتىن كېيىن شىنجاڭغا قايتىپ نېفىت چەككىلەيدۇ. بۇنى بار كۈچىمىز بىلەن قوللىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ شىنجاڭنىڭ مالىيە ئىستىقبالىغا پايدىسى تەگمەي قالمايدۇ. ئادەم ئەۋەتىشكە خىراجەت تەييارلاش تەس بولسىمۇ، بۇ كۆللەندۈرۈش ئىشلىرىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا ئامال - چارە ئىزدەپ تەييارلاپ ، بۇ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقماي بولمايدۇ. ھازىرچە مەزكۇر ئومۇمى ئىشلارنى باشقۇرغۇچىنىڭ خىراجىتى، تاماق، يول كىراسى ئۈچۈن 4900 سەر كۈمۈش، شاگىرتلارنىڭ يول كىراسى، تاماق راسخوتى، ئۆگىنىش راسخوتى ئۈچۈن 600 سەر كۈمۈش، جەمئىي 5500 سەر كۈمۈش دۆلەت پۇلىدىن چىقىرىپ بەردىم. لېكىن ناھايىتى ئىقتىسادچانلىق بىلەن تېجەپ ئىش قىلدىم. بۇ خىراجەتلەر ۋاقىتلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىقىم قىلىنغانلىقى ئۈچۈن خامچوتقا كىرگۈزۈلمىگەن، بۇنى شىنجاڭدىن ئايرىم توپلانغان پۇللار ئىچىگە كىرگۈزۈپ، رەسمىي چىقىم قىلدۇرتىش كېرەك.

ياڭ زىڭشىن، «ساۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر» «شەنشىگە نېفىت چەككىلەش چارىسىنى تەكشۈرۈش ۋە شاگىرتلارنى ئۆگىنىشكە ئادەم ئەۋەتىش توغرىسىدا مەكتۇپ» (1916 - يىل 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى)

ئۇ (ئىلاۋە: ياڭ زىڭشىننى دېمەكچى) يەنى ۋۇ (ئىلاۋە: ۋۇمىڭكۈينى دېمەكچى، شۇ چاغدا كان ئىشلار ئىدارىسىنىڭ ئومۇمىي ئىشلارنى باشقۇرغۇچىسى ئىدى) نى شاگىرتلاردىن بىر قانچىنى باشلاپ شەنشىنىڭ يەنچاڭ نېفىت كانىغا بېرىپ نېفىت ئايرىشنى ئۆگىنىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. شۇ چاغدا ۋۇمىڭكۈينىڭ خىراجەت قىلىشى ئۈچۈن 4900 سەر، شاگىرت قاتارلىقلارنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن 600 سەر كۈمۈش بەردى. بۇ ۋۇمىڭكۈيگە شەرىققە كېتىپ، شىنجاڭغا قايتىپ كەلمىسىمۇ بولىدۇ دېگەندەك ئاشكارا يوليورۇق بەرگەنلىك.

فەن زۇخۇەن: «ياڭ زىڭشىننىڭ شىنجاڭنى باشقۇرۇشتىكى ھىيلە-مىكىرلىرى» («شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى» نىڭ 3 - قىسمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى 1979 - يىل 8 - ئاي)

مەزكۇر ئوقۇغۇچى چەككىلەپ چىققان مايىنى سىناق قىلىش نەتىجىدە ماي سۈزۈك بولۇپ، ئىشلىتىشكە لايىق كەلدى، ۋاقتى-

ىنچە مەزكۇر زاۋۇتنىڭ نېفىت چەككىلىگۈچى مېيخانىكى قىلىپ—
تەيىنلىنىدۇ، ئايرىم نامى چۈشۈرۈلمەيدۇ. 2-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن
باشلاپ زاۋۇتنى ئېچىپ، نېفىت چەككىلەيدۇ. ئىش ھەققى ۋە باشقا-
خىراجەتلەر زاۋۇت ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن نەتىجىسىنى تەكشۈ-
رۈپ، ھەر ئايدا قانچىلىك نېفىت چەككىلەيدىغانلىقى، خام ئەشيا-
دورىلارنى ۋە ئوتتۇن - كۆمۈرگە ئوخشاش بارلىق سەرپىيات تەن-
نەرقىنى چىقىرىۋەتكەندە قانچىلىك پايدا ئالغىلى بولىدىغانلىقى-
غا قاراپ، تەپسىلى ئېنىقلاپ تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن ئاندىن
بېكىتىلىدۇ ھەمدە زاۋۇت ئىش باشلىغان ۋاقىتتىن باشلاپ چى-
قىم قىلىپ بېرىلىدۇ. مەبلەغ دۆلەتنىڭ بولغاچقا زىيان تارتىش-
تىن ساقلىنىش كېرەك. كىزى كەلگەندە مەزكۇر مەھكىمىدىن
تەكشۈرگۈچى بېرىپ، نېفىت چەككىلەشكە نازارەت قىلىپ، ئىش
ئەھۋالىنى ئۇقۇپ تۇرىدۇ.

ھازىر بۇ زاۋۇت نېفىت چەككىلەۋاتىدۇ، ئۇنى كەلگۈسىدە قانداق كېڭەيتىشتە ئىش ئانچە مۇرەككەپ ئەمەس، بۇنى مەزكۇر ئوقۇغۇچى قوشۇمچە ئىشلەپ كەتسە بولىدۇ. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان ئادەم تاللاپ ئۆزىنىڭ ئورنىغا قويۇش ئىشى ھازىر ئويلىشىلمايدۇ.

ھاۋا ئىللىغاندا زاۋۇتنى ماناس ناھىيىگە يۆتكەپ نېفىت چەككىلەش ئىشىغا كەلسەك، نېفىت سېتىلىدىغان يەر ئۆلكە شەھى-
رىدە بولغاچقا، نېفىت چەككىلەيدىغان ئورۇنمۇ ئۆلكە شەھىرى-
دە بولغىنى تۈزۈك. خام ئەشيانى توشۇشقا توغرا كەلسىمۇ ئۆز ئورنىدىن ماتېرىيال ئالغانغا قارىغاندا چىقىم بىر ئاز كۆپ بول-
سىمۇ، ئۆي - ئىمارەتنى باشقىدىن سېلىش، پاز قازىنىنى يېڭى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جاشتىن ئورنىتىش ھاجەتسىز . ئىشلارنىمۇ تەكشۈرۈپ تۇرۇشقا قولايلىق بولغاچقا كۈتۈلمىگەن زىيانلاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ. شۇڭا ۋاقىتنىمۇ بۇرۇنقى پېتى بېجىرىۋېرىشكە بولىدۇ. ئەمدى دا- ئىرىنى قانداق كېڭەيتىشكە تەييارلىق كۆرۈش ئىشلىرىنى سانائەت نازارىتى-قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئەھۋالغا قاراپ بېجىرىشكە بولىدۇ.

ياڭ زېڭشىن: «سەۋەبلىكلەردىن ساۋاقلار»، «نېفىتنى ئۆگى- نىپ يۇتتۇرگەن ئوقۇغۇچى ياڭ چېڭشىنىڭ زاۋۇت ئېچىشىغا بەرگەن كۆرسەتمە» (1918 - يىلى 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى)

1916 - يىلى ۋۇمىڭكۇي باشچىلىقىدىكى بىر نەچچە ياشنى شەنشىدىكى يەنچاڭ نېفىت زاۋۇتىغا نېفىت ئايرىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مايتاغدا شۇ يەردىن چىققان نېفىتنى ئايرىدى. بۇ چىراغ يېقىشقىلا يې- تەتتى.

بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» (تارىخ ما- تېرىياللىرى نەشرىياتى 1984 - يىل)

ئىلاۋە: «مايتاغدا ئايرىدى» دېگەن مۇۋاپىق ئەمەس، يەنىلا ئۈرۈم- چىدە ئايرىغان.

مىڭگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا شەنشىنىڭ يەنچاڭدا نې- فىت ئىشلەپچىقىرىلدى. سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن رۇس- سىيىدىن كىرگۈزۈلىدىغان كىرسىن ئۈزۈلۈپ قالدى، ياڭ زېڭشىن خۇنەنلىك ياڭ فامىلىلىك بىر كىشىنى شەنشىگە نېفىت ئايرىش

تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. ئۇكىشى بىر يىلدىن كۆپرەك ئۆگىنىش قىلىپ قايتىپ كەلدى. مايتاغدىكى قايناپ چىققان مايـنى ئېلىپ كېلىپ، كونا، كىچىك پار قازىنىنى بىلەن كىرسىن ئىشلەپچىقتى. ئۇ، چاغدا كىرسىن بەكمۇ قىس ئىدى، بۇ ئادەم ئايرىغان ماينىڭ مىقدارى بەك ئاز بولغانلىقتىن ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايتتى. قەشقەر، ئاقسۇ كونىشەر، ساۋەن قاتارلىق جايـلاردىكى نېفىتلىكلەردە نېفىت چىقىرىشنى سىناق قىلغان بولسىمۇ، نېفىت ئايرىش ماشىنىلىرى ۋە مەخسۇس تېخنىك خادىملار بولـمىغانلىقتىن ئۇنۇم بەرمىگەچكە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ توختـتىپ قويۇلدى.

فەن زۇخۇەن: « شىنجاڭ كان ئىشلىرىغا ئائىت ئىككى ئىش توغرىسىدا ئەسلىمە، نېفىت كانى توغرىسىدا » (« شىنجاڭ تارىـخىي ماتېرىياللىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى 6- قىسىم. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل 12 - ئاي نەشرى.)

مىڭگۇنىڭ ئىككىنچى يىلى يەرلىك بىر ئاز تىنىچلانغانـدى، ئۇرۇمچى، ماناس نېفىت كانلىرىدا نېفىت بايقالغان يەرلەردىن نېفىت ئېلىشنى ھۆددىگە ئېلىشقاخېرىدار چاقىردۇق ئۇلار زاـۋۇتقا توشۇپ ئەكىلىدۇ، ئادەم ئەۋەتىپ ئايرىشنى باشقۇردۇق. نېفىت ئالغانلار كونا نېفىت چىققان جايدىنلا نېفىت سۈزدى، يېـڭى نېفىت كېنى تېپىش ئۈچۈن چوڭقۇرلاپ قۇدۇق قازمىدى، نېـفىت ئانچە جىق چىقمىدى. نېفىت ئايرىشتا ماشىنىنى ئىشلىتىشـنى ئۇقمىغاچقا، يەرلىك ئۇسۇل بىلەن ئىش كۆردى. ئايرىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىققان مايدا مۇنداق يېتەرسىزلىك كۆرۈلدى: بىرى، ماي سۇزۈك بولمىدى، ئىككىنچىسى، قارا ئىس چىقىپ كەتتى. ئۈچىنچىسى، سوغۇقتا توڭلاپ قېتىپ قالدى.شۇڭلاشقا رۇسىيىلىكلەردىن ئانچە-مۇنچە ئالمىساق بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

رۇسىيىلىكلەرنىڭ شىنجاڭغا توشۇپ كەلگەن نېفىتى ئاز ئەمەس، بۇ شىنجاڭدىكى بىر يېتىشسىزلىك. ئالدىنقى يىللاردا باھاسى ئانچە ئۆرە ئەمەستى، بىر جىڭغا پەقەت بىر پۇتۇن نۆلدە 67 مىسقال خەجلەتتۇق. بۇ يىل ھۆكۈمەت پۇلىغا 6 مىسقالغىچە ئۆرلەپ كەتتى، بۇنىڭغا ياۋروپادىكى ئۇرۇشتا مايغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ ئېشىپ كېتىپ، ماينىڭ ئالدىنقى سەپكە يۆتكەپ كېتىلگەنلىكى، مال ئازلاپ ، باھاسى ئۆرلەپ كەتكەنلىكى سەۋەب بولدى.

زاۋۇتىمىزدا ستىلىدىغان كىرىس ئۇبدان ئايرىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەرجىڭى ھۆكۈمەت پۇلىغا 3 مىسقالغا سېتىلىدۇ. بىز تەكرار ئويلىنىپ، رۇسىيە مېيىنى چەكلەپ ئۆزىمىزنىڭ مېيىنى كەڭ سېتىش ھەمدە كان مەمۇلاتلىرى ھوقۇقىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن تارتىۋېلىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەبلەغ توپلاپ، نېفىتنى ماشىنا بىلەن ئىشلەپچىقىرىپ، ئايرىمىساق بولمايدۇ. شۇڭا ھۆكۈمەت تەرەپتىن سودىگەرلەر بىلەن بىرلىكتە باشقۇرۇشنىڭ دەسمايىسى سوپىتىدە 30 مىڭ سەر كۈمۈش تەييارلىماقچىمىز. بۇنىڭ ئىچىدىكى 4-5 مىڭ سەرنى ھۆكۈمەت چىقىرىدۇ. قالغان 25 مىڭ سەرنى سودىگەرلەر چىقىرىدۇ. بىر تە-

رەپتىن ماشىنىلارنىڭ كەمتۈك، بۇزۇلغان جايلىرى بار - يوقلى-
قىنى تەكشۈرۈپ، تولۇقلاپ سىتىۋېلىپ، ياساپ تۈگەللەپ، زا-
ۋۇت ئىچىشقا تەييارلىق كۆرۈش لازىم؛ يەنە بىر تەرەپتىن،
ئوبدان بىر نېفىت كاننى تاللاپ، ماشىنىلارنى ئىشلىتىشنى پىش-
شىق بىلىدىغان ئۇستىلارنى تاللاپ، نېفىت ئىشلەپچىقىرىشنى ياخ-
شىلاش كېرەك. ھازىر زاۋۇت مەلۇم كۆلەمگە ئىگە بولدى، دەس-
لەپتە قۇرۇلغان چاغدىكىگە قارىغاندا ئاز كۈچ بىلەن كۆپ ئىش
قىلغىلى بولىدۇ. ئاۋۋال كىچىكرەك سىناق قىلىپ بېقىپ، بىرەر
ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، نېفىت مەنبەسى تولۇق بولۇپ،
ئوبدان پايدىغا ئېرىشكەندە ئاندىن يەنە مەبلەغ سېلىپ كېڭەي-
تىشكە كىرىشىش كېرەك.

مەبلەغ سېلىپ تىجارەت قىلىش ئەسلىدە سودا خاراكتېرى-
دە بولۇپ، ئاۋۋال زىيان تارتىپ ئاندىن پايدا ئالىدىغان، ئاۋۋال
ئازراق پايدا ئېلىپ، كېيىن چوڭ پايدا ئالىدىغان، باشتىن-ئاياغ
زىيان تارتىپ ئۆزىنى ئوڭشىيالمايدىغان ئىشلار بولىدۇ. يەر شا-
رىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە شۇنداق. مەنكى زىگىشىن نېفىت
كېنىنىڭ تىجارىتىنى كۆزىتىشىمچە، ئۇ مىتال كېنى ئاچقانغا ئوخ-
شىمايدۇ، ئىشەنچەم كامىل ئەمەس، كېلىشمەسلىك بولۇپ قالماس-
لىقى ئۈچۈن ئەندىشە قىلمايمۇ بولمايدىكەن. سودىگەرلەر پاي-
دىنى قوغلىشىپ دەسمايىسىنى زىيان تارتسا سودىدا تەلىيىمىز
ئوڭدىن كەلمىدى دەپ، پۇشمان قىلمىدىغاندەك تۇرىدۇ. ھۆكۈ-
مەت سالغان پاي دۆلەت غەزىنىسىنىڭ قۇرۇپ كېتىشى بىلەن تې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خىمۇ قىممەت توختىمغاچقا ئالاھىدە ئېھتىياتچان بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنى مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللاپ، كەسچىي زىياننى ھېسابلىمايدىغان قىلىش كېرەك، مۇشۇ 5000 سەر ھۆكۈمەت پېيى بولغىنى ياخشى ، ئەگەر ھۆكۈمەت دەسمايە سالماي، ساپلا سودىگەرلەرنىڭ پاي سېلىشى بىلەنلا ئىش كۆرۈلسە دازۇئىتوگىنىڭ كۈللەندۈرۈش، كان بايلىقلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئىرادىسى قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ.

يالڭ زىڭشىن: « سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار»، «پاي توپلاپ نېفىت ئايرىش شىركىتى قۇرۇش توغرىسىدىكى تېلېگرام » ( 1918 - يىل 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى)

تۆرلۈك كان ئىشلىرى بويىچە مايتاغ نېفىت زاۋۇتى شىنۋەنتوگىنىڭ بىرىنچى يىللىرى قۇرۇلغان بولۇپ، ھازىرغىچە نېفىت ئېلىنىۋاتىدۇ. ئەسلىدە يىلىغا 5 مىڭ جىڭ مەھسۇلات بېرەتتى، ئۇنىڭ قىممىتى 900 يۈەن ئىدى، يەرلىك ئۇسۇلدا قېزىۋېلىنىپ، ئۆلكە شەھىرىگە توشۇپ كېلىنىپ، ئايرىلاتتى، تەييار مەھسۇلاتتىن 4000 جىڭ ئالغىلى بولاتتى. ئۇنىڭ قىممىتى تەخمىنەن 1400 يۈەن كۈمۈشكە تەڭ كېلەتتى.

دېڭ زەنشەن: « شىخو ناھىيىسى ھەققىدىكى تەزكىرىسىنىڭ داۋامى » ( 1918 - يىلى، ماي باسمىسى)

بۆرتۇڭگۇ نېفىت كېنىنى مىڭگونىڭ 7 - يىلى يوجاۋلوڭ ئاچقان، ھۆكۈمەتكە 200 سەر كۈمۈش تاپشۇراتتى، ئۇ يەردىكى قۇدۇقتىن ھەر كۈنى تەخمىنەن 70 جىڭ ماي چىقاتتى، كۆپچىلى-

گى ئۇرۇمچى شەھرىدە سېتىلاتتى.

ئۇ شاۋلىن « شىنجاڭنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى » ( نەنجىن رېن شىڭ مەتبە ئىدارىسى، 1932 - يىل)

بۇرتۇڭگۇنى يۇجاۋلۇڭ كۆتۈرە ئېلىپ ئاچقان، كۈنىگە 70 جىڭ نېفىت چىققان، ھازىر توختاپ قالدى.

جىياڭ جۈنجاڭ: « شىنجاڭ ئىگىلىكى» ( جىڭجۇڭ مەتبە ئىدارىسى. 1936 - يىل )

ئۆلكە قۇرغان ھۈنەر ـ سەنئەت زاۋۇتىنىڭ دەسمايىسى چەكلىك، باشقۇرۇلۇش ياخشى بولمىغان، بۇ زاۋۇت مەزكۇر ئۆلكىنىڭ نېفىتىنى ئايرىشنى ئاساس قىلغاچقا، مەھسۇلاتى كۆپ ئەمەس، مەھسۇلاتىنىڭ سۈپىتى رۇسىيىلىكلەرنىڭكىدىن ناچار ئىدى. يەرلىك ئۇسۇللار بىلەن قېزىلغان نېفىتنى يېقىن ئەتراپتىكى نېفىت كانلىرىدىن ئالغاچقا، رۇسىيىلىكلەرنىڭ ھېيدىن ئەرزان سېتىلاتتى.

ئۇشاۋلىن: « شىنجاڭنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى » (نەنجىن رېن شىڭ مەتبەئە ئىدارىسى، 1932 - يىل).

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن ياڭ زېڭشىن « يېڭى سىياسەت » نى كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن، 1918 - يىلى 2 - ئايدا ئۇرۇمچى نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنى قۇردى. شەھەرنىڭ شەرقىگە 50 يول كېلىدىغان سۇ داچىڭدىن كۈندىگە 12 - 13 جىڭ، شەھەرنىڭ غەربىگە 40 لى كېلىدىغان سىساگو جىلغىسىدىن كۈنىگە 70 - 80 جىڭ نېفىت قېزىۋېلىپ، شەھەر ئىچىگە ئەكىرىپ، چىراغ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ياقىدىغان كىرسىن ئايرىدى، تەننەرقى يۇقىرى، سۈپىتى تۆۋەن بولغاچقا، رۇسىيىلىكلەرنىڭ «ئەجنەبىي يېغى» تەرىپىدىن كاسات قىلىنىۋېتىلدى.

زەلىيولىن: «ئۈرۈمچى تارىخىي ماتېرىياللىرى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى 1983 - يىل 3 - ئاي) چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى..... شۇ چاغدا شىنجاڭدا نېفىت چىقىدىغان ئورۇننىڭ كۆپلۈكى مەلۇم ئىدى. نېفىت شۇ چاغدىكى سانائەتتە ئىنتايىن زور رول ئوينايتتى. ئەگەر پۇرسەت بولۇپ شۇ جاينىڭ نېفىت كانىنى ئاچىدىغان بولسام، يەرلىككە ۋە دۆلەتكە پايدىسى بولغاندىن تاشقىرى ئۆزەمگىمۇ پايدا تېگىدىغانلىقىنى بىلەتتىم............

مەكتەپتىكى چېغىمدىلا نېفىتنىڭ دۆلەت ۋە شەخسكە چوڭ پايدىسى بارلىقىنى بىلەتتىم. ئۆكتەبر ئىنقىلابىدىن كېيىن رۇسىيىدىن كىرگۈزۈلىدىغان كىرسىن ئۈزۈلۈپ قېلىپ، شىنجاڭدا كىرسىن قىس بولۇپ باھاسى ئۆرلەپ كەتتى. ۋاسلىيوۋ ئىنژېنېرنىڭ تۆمۈر كان ئېچىش سىنىقى ۋۇجۇتقا چىقمىغانلىقتىن مەن ئۇنى نېفىتلىك ئېچىشقا تەكلىپ قىلدىم. شۇ چاغدا ئۈرۈمچىنىڭ غەربىگە 15 كىلومېتر كېلىدىغان چوڭ يولنىڭ بويىدا بىر بۇلاق بارلىقىنى بىلەتتىم. يەرلىكلەر بۇنى ماي بۇلاق دەپ ئاتايتتى. بۇلاقتىكى سۇنىڭ ئۈستىدە بىر قەۋەت بېغىررەڭ ماي دائىم لەيلەپ تۇراتتى، نېفىت پۇرىقى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. بۇ يەردىن ئۆتكەن ھارۋىكەشلەر بۇ ماي بىلەن ھارۋا چاقىنى مايلايتتى.

شۇڭا مەن بۇ يەردە جەزمەن نېفىت بار دېدىمدە ئىنژېنېر ۋا-
سلىيوۋنى تەكشۈرۈش يۈرگۈزۈشكە تەكلىپ قىلدىم. بۇلاقنىڭ ئورنى
بىر ئويمان يەردە ئىدى. ۋاسلىيوۋ بۇ يەرنى كۆرۈپ، قۇدۇق قې-
زىپ، نېفىت مەنبەسىنى تاپماقچى بولدى. ئۇ چاغلاردا بۇرغىلاش
ماشىنىسى يوق ئىدى. بىز تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ تۈۋرۈك تىكلى-
گەندە ئىشلىتىدىغان بۇرغىسىنى ئۆتنە ئالدۇق. 1920 - يىلى كۈزدە
ئىنژېنېر ۋاسلىيوۋ ئىككى ئادەم ياللاپ بۇرغا بىلەن قۇدۇق قازدۇردى.
ئىككى چاك قازغاندىن كېيىن قۇمساز گرانت قاتلىمىغا دۇچ كېلىپ
قالدى. گېئولوگىيە ئىلمىگە ئاساسلانغاندا، نېفىت قاتلىمى كۆپىنچە
قۇمساز گرانت قاتلىمىدا بولىدۇ. دېمەك بۇ ئەتراپتا نېفىت قاتلىمى
بارلىقى ئىسپاتلاندى. لېكىن ئارىيەت ئالغان بۇرغا بىلەن تاش قات-
لىمىنى تېشىشكە ئامال بولمىدى. ۋاسلىيوۋ ئىنژېنېر بۇرغىلاپ قې-
زىپ چىقىرىلغان توپىنىڭ سۈس كۆلرەك بولۇپ، نېفىت پۇرىقى
ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بىر سىقىم توپراقنى ئال-
قىنىغا ئېلىپ كۈچەپ سىققۇدى بارماقلىرىنىڭ ئارىلىقىدىن ماي
سىرغىپ چۈشتى. ئۇ بۇنى بىر خىل قاپلىق نېفىت دەپ قارىدى
(ئەسلى خېتى شۇنداق، مەنىسى چۈشۈنۈكسىز) ئۆز ۋاقتىدا بۇن-
داق قاتلامنى تېشىپ ئۆتىدىغان بۇرغىلاش ماشىنىسى بولمىغاچقا
توپراقتىن ھورلاندۇرۇپ نېفىت ئايرىۋېلىشنى ئويلىغان بولساقمۇ
ياك زىگشىن رۇسىيىلىك ماتېرىستىنى ئىشلىتىپ كۆرگەزمىخانا
ئىچىدە بىنكار تۇرغان، نېفىت ئايرىشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر قىسىم
پار قازىنىنى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئىككى چې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىگە يېڭىدىن قۇرۇلغان توك چىقىرىدىغان ئۆيگە يۆتكەپ ئاپىرىپ، ماتورنى ئىشقا سېلىپ توك چىقىرىپ، دوبەن مەھكىمىسىدىكى ھەر قايسى باشقارمىلارنى تەمىنلەشكە ئىشلەتكەن ئىدى.

ئىنژېنېر ۋاسلىيوۋ بۇ ئىشقا مەسئۇل كىشىنىڭ ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كېيىن، كۈندۈزى توك چىقارمايدىغان چاغدا زاكاز قىلىپ ئىشلەنگەن ياغاچ تۈگمىنى ئىشلىتىپ، تۆمۈر تۇرۇبىنى تۈگمىنىڭ بىر تەرىپىگە چۈشۈرۈپ، بىر تەرىپىنى پار قازىنى ئىچىگە سېلىپ، تۈگمىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە سوغۇق سۇ تۆكۈپ ئورنىتىپ، تۆمۈر تۇرۇبا بىلەن چوڭ تۇڭ ئىچىدىكى گازنى كىچىك تۇڭدىكى سوغۇق سۇ ئىچىدىن ئايلىنىپ ئۆتىدىغان كىچىك تۇرۇبا ئارقىلىق ئۆتكۈزۈپ سوۋۇتقاندىن كېيىن، كىچىك تۈگمىنىڭ سىرتىدىكى جۇمەكتىن سۈيۈق ماي ئاقتۇزۇپ چىقىرىلىدىغان بولدى.

بارلىق ئۈسكۈنىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن نېفىت بۇلىقىدىن قېزىپ ئېلىنغان سۇس كۆلرەڭ توپا چوڭ ياغاچ تۇڭ ئىچىگە قاچىلىنىپ، ھىملاپ ھورلاندۇرۇلدى. نەتىجىدە 20 جىڭ ئۆپچۆرىسىدە ماي ئېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە 15 جىڭدەكى كىرسىن قالغىنى تۈرلۈك ئېغىر ماي بولدى. ئىنژېنېر ۋاسلىيوۋ سىناقتىن مەمنۇن بولدى. مەن ياڭ زېڭشىنغا دوكلات يېزىپ كۆرگەزمىدە تاشلىنىپ ياتقان ئىككى پارقازىنىنى ۋە باشقا كېرەكلىك سايمانلارنى ئىشلىتىشكە ئارىيەت بېرىشىنى ۋە ھۆكۈمەتتىن مەبلەغ ئاجرىتىپ شىرىكلىشىپ باشقۇرۇشنى مۇراجىئەت قىلدىم، بۇ تەستىقلانمىدى. بىزگە پەقەت ئۆلكە پۇلىدىن 30 مىڭ سەر

قەرز بېرىشنى تەستىقلىدى. مەن ئۆلكە پۇلىدىن 8 مىلڭ سەرنى دەسمايە قىلىپ، زاۋۇت قۇرۇلۇشىنىڭ تەييارلىقىنى ئىشلىدىم. 1921 - يىلى ئەتىيازدا ماي بۇلاقىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ۋالڭ جاگۇدا بىر كىچىك ئۆستەڭ بولۇپ، گازنى مۇزلىتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش مۇمكىنلىكىنى تەكشۈرۈپ بىلدىم. ئىنژېنېر ۋاسلىيوۋ بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، ھەر ئېيىغا 200 سەر ئۆلكە پۇلى ئىش ھەققى بېرىدىغان بولدىم. (ئېنىق سان ئېسىمدە يوق) ئىنژېنېر ۋە ئىشچىلار ئۈچۈن بىر كورپۇس ياتاق سېلىنىپ، مۇۋاپىق جايغا زاۋۇت بىناسى قۇرۇپ چىقتىم. ئارىيەتكە ئېلىنغان ئىككى پار قازاننى ئورنىتىپ ماي ئاجرىتىش ئىشىنى يولغا قويدۇم. پار قازىنىنىڭ كەينىگە گاز قېچىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تۆگىيۇ مېيى، ھاك، قۇم توپا، تاگشى قاتارلىقلاردىن چالما كۆلچەكتىن بىرنى ياساتتىم. بۇ كۆلچەككە مايلىق توپىدىن 800 جىڭ ئۆپچۆرىسىدە سىغاتتى. پار قازىنىنىڭ ئالدىغا يىراق بولمىغان جايغا سوۋۇتۇش تۇرۇبىسى ئورنىتىپ، دەريا سۈيى ئۆتۈپ تۇرىدىغان قىلدۇق. پار قازىنىنىڭ ئۈستىگە توپا كۆلچىكىنى ھورلاندۇرىدىغان تۇرۇبا ئورنىتىلدى، يەنە بىر تەرىپىگە توپا كۆلچىكى ئىچىدىن چىققان گازنى سوۋۇتۇش ئۈسكۈنىسى ئىچىگە كەلتۈرىدىغان تۇرۇبا ئورنىتىلدى. شۇ ئارقىلىق گاز سۇيۇق نېفىتكە ئايلاندى. بۇنىڭدىن باشقا ئىنژېنېر رۇس تېخنىك ئىشچىدىن بىرنى يالللاۋالدى. ئۇنىڭ ئايلىق مائاشى ئۆلكە پۇلىغا 100 سەر قىلىپ بەلگىلەندى. بۇندىن باشقا يەنە ئون نەچچە ئىشچى ياللىۋالدۇق.

بۇلارنىڭ مائاشى 15 سەردىن 20 سەرگىچە بولدى. ماي بۇلاقتىن چىققان كۆلرەڭ ماي تۇپراقنى كۆلچەككە يۆتكەش ئۈچۈن هارۋا ئورۇنلاشتۇردۇق. يېرىم يىلدىن كۆپرەك تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق، شۇ يىلى ياز ئايلىرىدىن باشلاپ ماي ئاجرىتىشقا باشلىدۇق. ئىسمىدە قېلىشىچە كۈنىگە ئىشلەپچىقارغان ماي 100 جىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە قىزغۇچ رەڭلىك كىرسىن 50 جىڭ ئەتراپىدا، قالغان قىسمى تىكىش ماشىنىسىنى ياغلايدىغان ماي، قارا ئۆتلۈك مېيى قاتارلىقلار ئىدى. شۇ چاغدا بازاردا كىرسىن قىس بولغانلىقتىن، بىزنىڭ ئىشلەپچىقارغان مېيىمىزنىڭ سۈپىتى ناچار بولسىمۇ، بىر جىڭ ماي 7 مىسقال باهاسىدا سېتىلدى. تەننەرقىنى هېسابلىغاندا ئانچە كۆپ پايدا بەرمىدى. 1923 - يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرسىن ئىمپورت قىلىندى. هەر جىڭ كىرسىننىڭ باهاسى ئۆلكە پۇلىغا 3 مىسقال ئەتراپىدا بولدى. زاۋۇتىمىز ئىشلەپچىقارغان كىرسىن ئۇنىڭ بىلەن رىقابەتلىشەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ جاگۇدىكى نېفىت ئايرىش زاۋۇتى توختاپ كەتتى.

فەن زوخۇەن : «شىنجاڭ كان ئىشلىرىغا ئائىت ئىككى ئىش توغرىسىدا ئەسلىمە . نېفىت كانى توغرىسىدا » («شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى» خەنزۇچە نەشرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980- يىلى 4- ئاي )

ئىلاۋە: فەن زوخۇەننىڭ ماتېرىياللىرىدا تونۇشتۇرۇلۇشىچە، ۋاسلىيوۋ ئورال چويۇن زاۋۇتىدا ئىنژېنېر بولۇپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن شىمالغا قېچىپ كەلگەن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەت سانائەت نازارىتى ئۇنى

تەكلىپ قىلىپ شۇيەشىگىدا! چويۈن زاۋۇتى قۇرماقچى بولغان بولسىمۇ ئىشى ئەمەلگە ئاشمىغان.

...فەن زۇخۇەن ۋاڭ تاۋسەننى دىرېكتورلۇققا تەكلىپ قىلىپ ، شىسەن تېغىدىكى ۋاڭ جاگۇدا بىر نېفىت شىركىتى قۇردى. قۇدۇق قازىدىغان ئۈسكۈنىلەر بولمىسىمۇ ھارۋا بىلەن نېفىت لېيىنى توشۇپ كېلىپ ، نېفىت ئايرىپ چىققان بولسىمۇ سېتىش تەسكە چۈشۈپ توختاپ قالدى .

تۇگباۋ :«ياڭ زىڭشىن دەۋرىدىكى خاتىرىلەر » ( شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى » 3 - قىسمى . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1979-يىل 8-ئاي )

ئۈرۈمچىدە سودىگەرلەر ئاچقان نېفىت شىركىتىنى فەن دېگەن كىشى باشقۇرغان بولۇپ ، ئۆز جايىدىن چىققان نېفىتنى يەرلىك ئۇسۇلدا قېزىپ ئايرىغان ، لېكىن ئادەم ئىشلىتىشى مۇۋاپىق بولمىغانلىقتىن،جىق زىيان تارتىپ ئىشنى داۋاملاشتۇرۇشى تەسكە چۈشكەن .

ئۇشاۋلىن :« شىنجاڭنىڭ ئومومى ئەھۋالى » ( نەنجىن رىنشۇ مەتبەئە ئىدارىسى، 1932-يىل)

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى ئېچىلغان ئۈرۈمچى نېفىت شىركىتى ئايرىش تېخنىكىسىنىڭ ناچارلىقىدىن چەت ئەللەرنىڭ « ئەجنەبى مېيى »نىڭ زەربىسى ئاستىدا ئۇجۇقتۇرۇلۇپ كېتىش ئېھتىمالى بار ئىدى . 1915-يىلى ئۈرۈمچى باش سودا جەمئىيىتى تيەنجىندىن نېفىت ئايرىش تېخنىكى تەكلىپ قىلىپ ، نېفىت

ئايرش تېخنىكىسىنى تېزدىن ئۆستۈردى، شۇنىڭ بىلەن بۇزاۋۇت گون يىلدەك ئۆمۈر سۈرۈپ ، يەرلىك خەلقنى يورۇقلۇق ئېلىشقا گېرەكلىك ماي بىلەن ئاساسى جەھەتتىن قامدىدى.

زەن يولىن :«ئۈرۈمچى باش سودا جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى»(ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى، 6-قىسمى. شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى. خەنزۇچە نەشرى 1983-يىل-10-ئاي)

بۇ يەردىن ( ئىلاۋە : ئۈرۈمچىنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى نېفىت بۇلىقىنى دېمەكچى ) بەش كىلومېتىر جايدا بىر يېڭى زاۋۇت قۇرۇلدى . بۇ زاۋۇتتا ئۈچ ئۆرە پار قازىنى بولۇپ ، سېغىز توپا قازان ئىچىگە سېلىنىپ، بىۋاسىتە كۆيدۈرۈلەتتى، تازا قىزىپ ئۇنىڭدىن چىققان پار قازاندىن ئۆتكەندىن كېيىن نېفىت ئايرىلىپ چىقاتتى. بۇ ئاددى ئۇسۇل بىلەن ئاز ساندا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلاتتى.

چىققان نېفىتنى قىسمەن هورلاندۇرغاندىن كېيىن، ھەر يىلى ئىشلەپچىقىرىلىدىغان «ئوتياغ» يۈز قاداق ( ئىلا ۋە : ئەسلى تېكىستتە شۇنداق ، گۇمانىمىزچە كۈنلۈك مەھسۇلاتى بولۇشى مۇمكىن ) تىن ئاشمايتتى ،ئۇنىڭ مىقدارى ھەر كۈنى ئىشلەپچىقىرىلىدىغان نېفىتنىڭ تەخمىنەن يېرىمىغا تەڭ كېلەتتى . بۇنداق «ئوتياغ»نىڭ رەڭگى سېرىق بولۇپ، كۆيدۈرسە كۆمۈر ھاسىل بولاتتى ، بۇ زاۋۇتتا dephlegmator ( ئىلاۋە : مەيدىلەش مۇناري) بولمىغاچقا ئوتياغ ئىچىدىكى گۈڭگۈرت كىسلاتاسى ، ناترى ھىدروكسىد ۋە سۇ ئايرىۋېتىلمىگەن ئىدى.

كىرامشىۋ: «جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى» (ۋاڭ چىڭۋاڭ تەرجىمىسى «سودا مەتبەئە سارىيى» 1934- يىل)

## 2- چەت ئەللەرنىڭ شىنجاڭ نېفىت سانائىتىگە چاڭ سېلىشقا ئۇرۇنۇشى ۋە نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى شىنجاڭغا كىرگۈزۈش ئەھۋالى

شىنجاڭ ئۆلكىسى رۇسىيە بىلەن چېگرىداش بولغاچقا، رۇسىيىلىكلەر ئۇززۇندىن بېرى بۇ يەرگە كۆز تىكىپ كەلگەن. بولۇپمۇ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ كان بايلىقلىرىغا ئالاھىدە دىققەت قىلغان. ئۆتكەن يىلى كۈزدە رۇسىيىلىكلەر كانچىلاردىن بىر قانچىسىنى ئەۋەتىپ، ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئارقىلىق مەھكىمىزگە تونۇشتۇردى، شىخو، ماناس ناھىيىلىرىگە بېرىپ كان بايلىقلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشنى تەلەپ قىلدى. تاشقى ئىشلار مىنىسترلىقىدىن يولىيورۇق سورىغاندا، ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈشىگە يول قويۇشقا بولىدۇ دەپ جاۋاب بەردى ...... بۇ كانچىلار تەكشۈرۈپ بولۇپ دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق رۇسىيە كونسۇلىدىن: «بۇ كانچىلار ماشىنا سېتىۋاپتۇ، كېيىنچە شىخودىكى كان بايلىقىنى رۇسىيىلىكلەرنىڭ ئېچىشىنى تەلەپ قىلىشى مۇمكىن» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىدىم.

ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار»، «روسىيىكلەرنىڭ كانچىلىق ئوقۇتقۇچىلىرىنى قەشقەرگە تەكشۈرۈشكە ئەۋەتكەنلىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

توغرىسىدا مەكتۇپ» (1916- يىلى 6- ئاينىڭ 23- كۈنى)

شىنجاڭنىڭ نېفىت كانىنىڭ كۆپىنچىسى شىمالدا، تارقىلىشى كەڭ، ئۈرۈمچى، شىخو، ماناس، تارباغاتاي، كۇچار قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسىدە بار، زاپىسىنىڭ كۆپلىكىنى روسىيىگە قاراشلىق تۈركىستان نېفىتلىكى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ. ئىلگىرى جۇڭگو، ئەنگلىيە بىرلىشىپ شىركەت ئاچماقچى بولغان بولسىمۇ، ئۆلكە قارشى تۇرغانلىقتىن ئاچالمىغان. جايلارنىڭ گېئولوگىيىلىك ئەھۋالىمۇ بۇگۈنگىچە تەپسىلىي تەكشۈرۈلمىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ قېتىم روسىيىلىكلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ باققان بولسىمۇ، روسىيىلىكلەرنىڭ ئىقتىدارى،بىلىمى چاغلىق بولۇپ، شۇنداق مول بايلىقىمۇ تەكشۈرۈلمىگەن. مەزكۇر ئۆلكە روسىيىگە يېقىن بولغاچقا قاتناش جەھەتتە روسىيىنىڭ تۆمۈر يولىدىن پايدىلىنىلسا، ئەگەر كان بايلىقى مول بولىدىغان بولسا، ئېچىش ئېھتىمالىمۇ بولۇشى مۇمكىن .

خۇاڭ شۇشۇن: « جۇڭگونىڭ كان مەھسۇلاتلىرى» (1924-يىل)

شىنجاڭدا ماركىلىق سىمسىز تېلېگراف ئىدارىسىنى قۇرغان ئەنگلىيىلىك ئىنژېنېر توكس، شاۋىز ئىككىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بېيجىڭدىن شاڭخەيگە كېلىپ، ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ ئۈچ چوڭ نېفىت شىركىتى بىلەن شىنجاڭدىكى نېفىتنى قېزىش ھوقۇقىنى ئېلىش ئىشىنى مەسلىھەتلەشكەن. بۇ شىركەتلەر تېلېگرام ئەۋەتىپ ئۆز دۆلەتلىرىدىن تېزدىن مەخسۇس كىشىلەرنىڭ تەكشۈ-

رۇشكە كېلىشىنى سورىغان. ئامېرىكا سودىگەرلىرىدىن چوڭان شىر كىتىنىڭ ئادەملىرى بېيجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىلىشىشقا باش لىغان. ياپونىيە سودىگەرلىرىدىن سەنجىڭ شىركىتىنىڭ ئادەم لىرى يوشۇرۇن ھەرىكەتكە كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو ھە. چەت ئەل گېزىتلىرىدە ئەنگلىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا قورساق سوقۇشى بولىۋاتىدۇ دېگەن گەپ سۆزلەر تارقالغان.

گۇڭ شوسۇي: «شىنجاڭنىڭ نېفىت كانلىرى ۋە دۇنيانىڭ نېفىت مەسىلىسى» («نېفىت ۋە نېفىت كۆمۈرى» كە بېسىلغان. جۇڭخۇا سەنئەتچىلىك جەمئىيىتى تۈزگەن، سودا مەتبەئە سارىيى 1928- يىل)

ئىلاۋە: تۇكىس يەنە توكلىس دەپمۇ تەرجىمە قىلىنىدۇ. ئەنگىلىيە سو- دىگىرى ماكلى (يەنە ماركېلى، دەپمۇ تەرجىمە قىلىنىدۇ، خەنزۇچە) سىمسىز تېلېگراف چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىنژېنېرى، 1920-يىلى ئۈرۈمچى، قەشقەردە سىمسىز تېلېگراف ئىستانسىسى قۇرغان.

ئۈرۈمچىنىڭ غەربىگە 40 يول كېلىدىغان چوڭ ئىسمى سىساگۇ، كىچىك ئىسمى نېفىت بۇلاق دېگەن يەر بار ئىدى ..... بۇ يەردە بۇرۇن جۇڭگو بىلەن رۇسىيە بىرلىشىپ زاۋۇت قۇرغان، كېيىن ھۆكۈمەت باشقۇرغان بولسىمۇ نەتىجىسى بولمىغان.

ۋاڭ جىنپو: «غەربىي شىمال جۇغراپىيىسى» (بېيجىڭ لى دا كىتابخانىسى، 1932- يىل)

كونشەرنىفىت كىنى شەھەرنىڭ غەربىدە بولۇپ، نىفىتى مول نىفىتلىك ئىدى. مىنگونىڭ 7- يىلى شۇ يەردىكى ئەمەلدارلار بىلەن رۇسىيىلىكلەر بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىپ، كەڭ - كۆلەمدە ئاچماقچى بولغان بولسىمۇ، قالايمىقانچىلىق بولۇپ كېتىپ توختاپ قالغان.

ۋاڭ جىنپۇ: «غەربىي شىمال جۇغراپىيىسى» (بېيجىڭ لى دا كىتابخانىسى، 1932- يىل)

قەشقەر يېڭىشەھەرنىڭ غەربىي چېگرىسىدا نىفىت كانى بار ئىدى. مىنگونىڭ 7- يىلى مەزكۇر يەرنىڭ ئامغىچى سوۋېت رۇسىيىسىدىن ماشىنا سېتىۋېلىپ، نىفىت ئېلىش، ئايرىش بىلەن شۇغۇللانماقچى بولغان، كېيىن قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەنلىكتىن، بۇ پىلان ئەمەلگە ئاشماي قالغان.

شىنجاڭ نىفىتلىكى كەڭ بولسىمۇ، بۇ كانلار كېيۇلوگىيە جەھەتتىن تەپسىلىي تەكشۈرۈلمىگەن؛ بۇنىڭدىن بۇرۇن رۇسىيىلىكلەر بىلەن كۆپ قېتىم ئالا قىلىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇنى باشقۇرىدىغان رۇسىيىلىكلەرنىڭ ئىقتىدارى، بىلىمى چاغلىق بولغاچقا، شۇنداق مول نىفىتنىمۇ قېزىۋالالمىغان.

ياڭ داچۈەن: «ھازىرقى زامان جۇڭگو سانائىتى تەزكىرىسى» (سودا مەتبەئە سارىيى، 1932- يىل)

جىن شۇرېن .... كېيىن ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، چەت ئەللىكلەر بىلەن ئالاقە قىلىشقا باشلىدى.... مەن ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ ئاغزىدىن شىنجاڭ دائىرىلىرىنىڭ گېرمانىيىدىكى بەزى كارخانىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، شىنجاڭدا

نېفىت ئېچىش، ئېلېكترئىستانسىلىرىنى قۇرۇش قارارىغا كەلگەنلىكىنى، يەنە گېرمانىيىدىن تۈرلۈك سانائەت ماشىنىلىرى، ھەربىي قورال - ياراق قاتارلىقلارنى سېتىۋالماقچى بولىۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇم.

بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» (تارىخى ماتېرىياللار نەشرىياتى. 1984- يىل 2- ئاي)

مەن گېرمانىيىدە چېغىمدا جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى شىمېنزى شىركىتى بىلەن ئۇرۇمچىدە ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇشنى مەسلىھەتلەشكەن. مەزكۇر شىركەت 1932- يىلى زاۋۇت قۇرىدىغان ئورۇننى تاللاش ئۈچۈن شىنجاڭغا ئادەم ئەۋەتكەن، ئۆلكە شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىن چىققان كۆمۈر ۋە دەريا سۇيىنىڭ تەركىبىنى تەكشۈرگەن، يەنە شىخونىڭ نېفىتىنى بىرلىنغا ئېلىپ كەتكەن. جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ئەينى ۋاقىتتا گېرمانىيىنىڭ ئۇسكۇنىلىرى ۋە تېخنىكا خادىملىرىغا تايىنىپ، شىنجاڭنىڭ كان بايلىقلىرىنى ئېچىش غەرىزىدە بولغان. 1932- يىلى ئوغلىغا ۋە ماڭا خەت يېزىپ، بىزنىڭ گېرمانىيىدىن كان قازىدىغان ۋە ئېلېكتر ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر نەچچە ئىنژېنېرنى تەكلىپ قىلىشىمىزنى تاپىلىغان.

بۇرھان شەھىدى: «جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىكى شىنجاڭ» («تارىخى ماتېرىياللاردىن تاللانما» 46-قىسىم. جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1964- يىلى 4- ئاي)

بىر قانچە يىلنىڭ ئالدىدا *medan - Ru zsian company*

chinese - Mobam (جۇڭگو - رۇسىيە ئاۋام خەلق بىرلەشمە
شىركىتى) دېگەن بىرلەشمە شىركەت تەشكىل قىلىنىپ، سىبىرئان
ئاسوكئاتوننىڭ جەنۇبىدىكى سىبىرىيە جەمئىيىتى ( Associaton
Thesiberian ) ۋە باي سودىگەر ئىسمايىل باي تارباغاتايلىق
Risseff قاتارلىقلار ھەمكارلاشقان. مەزكۇر نېفىتلىك (ئىلاۋە:
كونا قاراماي ئەتراپلىرى) نى ئېچىش ھوقۇقىنى تارباغاتاي دۇ-
تۇڭنىڭ ئوغلى شۇجۇ ئۈرۈمچى دوبەن باشقارمىسىدىن ئالغان.
لېكىن بىر تەرەپتىن رۇسىيىدىكى مالىمانچىلىق سەۋەبىي، يەنە بىر
تەرەپتىن تارباغاتاي دوتۇڭى ۋەزىپىسىدىن قالغانلىقى ئۈچۈن،
بۇ شىركەت تەرەققىي قىلالمىغان، نېفىت قۇدۇقىمۇ قېزىلمىغان.

كىرامشىۋ: «جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھ-
ۋالى» (ۋاڭ جېڭ ۋاڭ تەرجىمىسى، سودا مەتبەئە سارىيى،
1934- يىل)

شىنجاڭنىڭ نېفىت كانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى تەڭرىتاغنىڭ
شىمالىي ئېتەكلىرىدە بولۇپ، كەڭ تارقالغان، ئۈرۈمچى، ساۋەن،
شىخو، كۇچار، ئۇچتۇرپان، يەكەن، تارباغاتاي، قەشقەر، يېڭىشەر
قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە بار. زاپىسى ئىنتايىن مول بولۇپ،
رۇسىيىدىكى تۈركىستان نېفىتلىكى بىلەن تۇتاشقان. رۇسىيىلىك-
لەرنىڭ قارىشىچە شىنجاڭدىكى مول نېفىت دۇنيا بويىچە نېفىت
مەسىلىسىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. يەرلىك خەلق ئۇنى پۇختا
چەككىلەشنىڭ ئۇسۇلىنى ئۇقمىغاچقا، تەبىئىي مەھسۇلات سېسىق
ھەم ئىسى كۆپ، شۇڭا رۇسىيىدىكى باكونىڭ نېفىتىنى كىرگۈزگەن.....

كېمن، جۇڭگو، ئەنگلىيە بىرلىشىپ شىركەت قۇرماقچى بولغان، بولسىمۇ، مەزكۇر ئۆلكە قارشى تۇرغانلىقتىن ئىشقا ئاشمىغان.

ياڭ داچۈەن: «ھازىرقى زامان جۇڭگوسانائىتى تەزكىرىسى» (سودا مەتبەئە سارىيى، 1932- يىل)

دوكلاتلارغا قارىغاندا شىخونىڭ شەرقىگە 90 لى كېلىدىغان تاغدا نېفىت كانى بار ھەمدە موم بار. ئىلگىرى گېرمانىيىلىكلەر بىلەن شۋېتسىيىلىكلەر بۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈرۈپ كەتكەن ھەمدە رۇسىيىلىكلەر كىچىك ماشىنىلارنى ئەكىلىپ، بىنزىن ئايرىپ چىققان.

ئۇ كېچىن: «شىنجاڭغا ساياھەت» (سودا مەتبەئە سارىيى، 1935- يىل)

شىنجاڭ نېفىتلىكى توغرىسىدا ئېلىمىز ھۆكۈمىتى 1921- يىلى ئەنگلىيە بىلەن شەرتنامە تۈزۈپ، ئەۋزەللىك ھوقۇقى بەردى، ياپونىيە نېفىت شىركىتىمۇ ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، نېفىتلىكنىڭ ئىستىقبالى بۇرۇنقىدىن ئۈمىدلىكرەك بولدى. لېكىن قاتناش قولايسىز، توشۇش قىيىن بولغاچقا بۇ نېفىتلىكنى ئاچالمىدى. 1924- يىلى ئامېرىكىنىڭ شىنكېلەي شىركىتى يەنە تېخنىك ئەۋەتىپ شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قول تىقماقچى بولغان.

ۋۇشاۋلىن: «شىنجاڭنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى» (نەنجىن رېپىشىڭ مەتبەئە ئىدارىسى، 1932- يىل)

رۇسىيىدىن شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن نېفىتنى ستاتىستىكىلاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جەدۋىلى (بىرلىكى: مىڭ روبلى)

| | |
|---|---|
| 1924 — 1925 | 34 |
| 1925 — 1926 | 141 |
| 1926 — 1927 | 72 |
| 1927 — 1928 | 199 |
| 1928 — 1929 | 131 |
| 1929 — 1930 | 369 |
| 1932 — | 142 |

نېفىت ئۆلكىمىزدىن مول چىقىدۇ، بۇنداق مول بايلىقنى ئاچماساق پايدا ھوقۇقى سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ، رۇسىيىلىك سودىگەرلەر غەلىتە. مالىلار بىلەن چوڭ پايدا ئالىدۇ. 1913-يىلى 390 توننىدەك كىرگۈزۈلگەن ئىدى، 5 يىللىق پىلان بويىچە تەخمىنەن 3 ھەسسە كۆپىيىپ، بازارنى يالغۇز ئىگىلىۋالدى. ھازىر نېفىتنىڭ كۆپىنچىسى چىراغ يېقىشقىلا ئىشلىتىلىدۇ، كېيىنچە سانائەت،سودا تەرەققى قىلسا، ئاپتوموبىل ۋە بارلىق ماتورلارغا بېنزىن كېرەك بولىدىغان چاغدا يەنە چەتئەللەرنىڭ ماللىرىنى ئىشلەتسەك ئاقۋىتى ئويلاپ يەتكۈسىز بولىدۇ.

ۋاڭ شىگىمىن: «شىنجاڭنىڭ سودا ۋە پۇل مۇئامىلىسى» («يېڭى ئاسىيا»10-توم 4- سانىغا بېسىلغان، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى: شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى«5-قىسىم1960 -يىل 7- ئاي. ماي باسمىدىن)

روسىيەدىن شىنجاڭغا ئىمپورت قىلىنغان نېفىت سانى
(بىرلىكى: توننا)

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1913 | 390 | توننا | قىممىتى |
| 1923 —24 | 75 | 〃 | — |
| 1924—25 | 192 | 〃 | 34000 روبلى |
| 1925—26 | 594 | 〃 | 141000 |
| 1926—27 | 318 | 〃 | 72000 |
| 1927—28 | 713 | 〃 | 199000 |
| 1928—29 | 1305 | 〃 | 312000 |
| 1929—30 | 989 | 〃 | 369000 |

شىخو، كۇچار، ئۈرۈمچى ۋە ماناس نېفىت ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايونلار. روسىيىلىك مۇتەخەسسىلەرنىڭ تەكشۈرۈشىدىن قارىغاندا، ئۈرۈمچى ئەتراپىدىن ئىشلەپچىقىرىلغان كۆمۈر يېغىنىڭ سۈپىتى ئىنتايىن ياخشى. لېكىن يەرلىك خەلق قازغانداكونا ئۇسۇلنى قوللانغانلىقى، ئۇسۇلنى ياخشىلاشنى ئۇقمىغانلىقى ئۈچۈن روسىيىنىڭ كۆمۈر يېغى كۆپلەپ شىنجاڭ بازىرىغا كىرگەن.

لى بوفەن تەرجىمىسى: «شىنجاڭنىڭ يېقىنقى ئىقتىسادىي ئەھۋالى» (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى مىللەتلەرتەتقىقات ئىنستىتۇتى: «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 1960- يىل 7- ئاي، مايلىق باسمىسىدىن)

ئىلاۋە: مەلۇم ئەسەردىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن «سوۋېت ئىتت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىپاقىنىڭ 20 يىلدىن بۇيانقى تاشقى سودىسىدىن: ستاتىستىكا جەدۋىلى» كە بېسىلغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا كىرگۈزگەن نېفىتىنىڭ سانى بىلەن باھاسى يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ماتېرىيالدىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا پايدىلىنىش ئۈچۈن كىرگۈزدۇق:

| يىللار | كىرگۈزۈلگەن سانى | باھاسى | |
|---|---|---|---|
| 1917- يىلدىن بۇرۇنقى 12 يىلدا | 390 تونىنا | | |
| 1923 | 75 | 17 مىڭ | روبلى |
| 1924 | 214 | 175 ″ | |
| 1925 | 595 | 613 ″ | ″ |
| 1926 | 318 | 315 ″ | ″ |
| 1927 | 713 | 772 ″ | ″ |
| 1928 | 863 | 754 مىڭ | روبلى |
| 1929 | 1188 | 1484 ″ | ″ |
| 1930 | 930 | 1318 ″ | |
| 1931 | 528 | 758 ″ | |
| 1932 | 742 | 622 ″ | |
| 1933 | 792 | 915 ″ | |
| 1934 | 1677 | 477 ″ | |
| 1935 | 3204 | 872 ″ | |
| 1936 | 4309 | 1059 ″ | |

ئىلاۋە: ئەسلىدە ئىزاھلانغان سان بىرلىكى «مىڭ تونىنا» دېيىلگەن، بۇ خاتا. «تونىنا» دەپ تۈزىتىش كېرەك.

3. بايقالغان نېفىت ئالامەتى بار رايونلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېچىلىش ئەھۋالى

شىنجاڭغا قاراشلىق شىخو، ماناس، ساۋەن، ئۈرۈمچى، تارباغاتاي قاتارلىق ناھىيىلەرنى تەكشۈرگىنىمىزدە ھەممىسىدىن نېفىت تېپىلدى، بۇ نېفىتنى يەرلىك ئۇسۇلدا قازغان، ھەم ئىش ھەققى كۆپ كەتتى، ھەم ئايرىش ئۇسۇلىنى ئۇقمىغاچقا ھال ناچار بولسىمۇ باھاسى يۇقىرى بولۇپ، ئىشلىتىش، تەسكەچۇشتى·

ياڭ زىڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار.» «شەنشىگە نېفىت ئايرىش چارىسىنى تەكشۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتىش ھەمدە شاگىرتلارنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتىش توغرىسىدا دوكلات» 1916-يىلى 7-ئاينىڭ 30 - كۈنى)

نېفىت كانى: ناھىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 40 يول كېلىدىغان مايتاغدا (يەنى توپا تاغدا) يۆياتەينىڭ شەرقىي-شىمالىدىكى شيەنشۇيخېدا، دۇگشىگوۇدا، ناھىيىنىڭ غەربىي - جەنۇبىدىكى چىگەنگو قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىدە بار. كان يېرى 10 نەچچە جايدا بولۇپ، تەخمىنەن 2 مىڭ مو كېلىدۇ، رەڭگى سەل قارا بولۇپ، سۇ يۈزىدە لەيلەپ تۇرىدۇ، ئېلىش ئاسان، سوغۇق ۋاقىتلاردا ئاز، ئىسسىق كۈنلىرى كۆپ چىقىدۇ، شامال چىققاندا يوقاپ كېتىدۇ.

دېڭ زەنشيەن: «شىخو ناھىيىسى تەزكىرىسىنىڭ داۋامى»

(1918-يىل. مايلىق باسمىسى)]

نېفىت كانى مايتاغدا، جۇشيەن (يەنى شىخونى دېمەكچى- ئىلاۋە)نىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 70 يول كېلىدىغان جايدا بو- لۇپ، سۇپىتى ياخشى، ئالامەتلىرى جىق، لېكىن ئۇنى ئايرىشنىڭ يېڭى ئۇسۇلىنى ئۆگەنمىگەنلىكتىن چوڭ پايدىنى تاشلاپ قويۇپ ئولتۇرماقتىن باشقا نېمە چارە!

شيەبىڭ: «شىنجاڭغا ساياھەت» (جۇڭخۇا كىتابخانىسى 1929- يىل)

نېفىت تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ غەربىي تەرەپىدىكى نېفىت ساقلىنىدىغان يەردە ناھايىتى كۆپ. ياڭجىخەي (yang tzai يەنى يەنسىخەي) ۋە ئۈرۈمچىدىكى نېفىتلىكنى رۇسىيىلىكلەر تەك- شۈرۈپ، كۆپىنچە ئىپتىدائىي ئۇسۇللار بىلەن نېفىت ئالغان. نېفىت- نىڭ زاپاس مىقدارى توغرىسىدا پايدىلىنىدىغان ئىشەنچلىك خە- رىتە ياكى خىمىيىلىك تەھلىللەر بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ بارلىقى قىل- چە شۈبھىسىز. ئۈرۈمچى نېفىتلىكىدە شەھەرنىڭ جەنۇبىغا نەچ- چە ئىنگلىز لىسى كېلىدىغان يەردىن ئىپتىدائىي ماشىنىلار بىلەن سىغىز توپىدىن ئاز مىقداردا نېفىت ئالغان. سۇپىتى ناچار بولۇپ، چىراغ يېقىشقا بولمىغانلىقتىن، ئۇنى ئېلىش بىكار بولغان. تەڭ- رىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئۈچتۇرپان ۋە كۇچار قاتارلىق رايونلاردا، شۇنىڭدەك قەشقەر، يېڭىشەر ئەتراپلىرىدا نېفىت بارلىقى باي- قالغان. كوچارنىڭ ئەتراپلىرىدىن يەر مومى قېزىۋېلىنىپ شام يا- ساشتا ئىشلىتىلگەن.

خۇاچيۇن: «شىنجاڭ مەسىلىسى» (دادوڭ كىتابخانىسى 1931-يىل)

شىنجاڭدا نېفىت چىقىدىغان يەرنىڭ كۆپىنچىسى تارىم دەرياسىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، غەربىي رۇسىيىدىكى تۈركىستاننىڭ پەرغانە ئۆلكىسىدىكى نېفىتلىك بىلەن تۇتىشىدۇ. ھازىرغىچە نېفىت ئالامەتلىرى ئۈرۈمچى، ماناس، ساۋەن، شىخو، تارباغاتاي، كۈچار، ئاقسۇ كوناشەھەر، كونىشەھەر، يەكەن قاتارلىق ناھىيىلەردىن تېپىلدى؛ ھەر يىللىق مەھسۇلاتى تەخمىنەن 50 توننا. ئاساسلىق چىقىدىغان يەرلەردىن توققۇزى بار:

1) ماناس نېفىت كانى، يەنە تۆت رايونغا ئايرىلىدۇ: ئۇنىڭ بىرسى، غەربىي جەنۇبتىكى يېزىدا، چوڭ يەر ئىسمى جىنگوخي، كىچىك ئىسمى كازىۋەن، ئۆلكە شەھىرىدىن 520 يول يىراقلىقتىكى جايدا تۆت يەردە نېفىت بۇلىقى بايقالدى. ئەڭ ئوبدان ۋاقىتتا كۈنىگە 20—30 جىڭ نېفىت تاپقىلى بولىدۇ. نېفىت يۇقى قېلىن ئەمەس، يازدا، كۈزدە ئاپتاپ چۈشكەندە پارغائايلىنىپ كېتىپ، ئاز-ئازدىن ئېقىپ چىقىدۇ. قىشتا توڭلاپ ئازىيىپ كېتىدۇ. سۇ تۇزلۇق بولۇپ، مايىنىڭ رەڭگى قارامتۇل، غىدىقلاش خاراكتېرى بار. ئىلگىرى ھۆكۈمەت تەرەپ باشقۇرغان، ھازىر يۇقىرالار ئېچىۋاتىدۇ. يەنە بىرسى، جەنۇبىي يېزىسىدا چوڭ يەر ئىسمى خۇڭگۇ بولۇپ، كىچىك يەر ئىسمى شىيۇيەن، ئۆلكە شەھەردىن 630 يول يىراقلىقتا، نېفىت تاش يېرىقلىرىدىن ئېقىپ چىقىپ، قات-قات بولۇپ چۈشىدۇ، بۇنداق بۇلاقتىن يەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىسى بار . ئەڭ ئۇبدان چاغدا كۈنىگە 40-50 جىڭ نېفىت ئالغىلى بولىدۇ،نېفىت يۇقىنىڭ قېلىنلىقى2-3 فۇڭ كېلىدۇ. ياز ۋەكۈزكۈنلىرى جىق ئېتىلىپ چىقىدۇ . قىش ۋە ئەتىيازدا توڭلاپ ئازىيىپ كېتىدۇ ، پۇقرالار چىراغ يېقىشقا ئىشلىتىدۇ ، يەنە بىرسى، غەربى جەنۇب يېزىدا ، چوڭ يەر ئىسمى شـيەنشۈيخې ، كىچىك يەر ئىسمى تۇڭگۇتەي ،ئۈرۈمچىگە 700يول كېلىدۇ. نېفىت قۇدۇقىدىن توققۇزى بار ، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرسىدىن نېفىت ئۇبدان چىقىدۇ، ھەر كۈنى200 جىڭدىن كۆپرەك چىقىدۇ . باشقا قۇدۇقلاردىن كۈنىگە جەمئىي بىر قانچە ئون جىڭ چىقىدۇ .نېفىت يۇقىنىڭ قېلىنلىقى بىرەر سۇڭدىن جىقراق بولۇپ ،قىزغۇچ رەڭدە ،نېفىت قۇدۇقىنىڭ 2-3 چى چوڭقۇرلۇقىدىن ئېلىنىدۇ. سۇ بىلەن ئارىلىشىپ چىقىدۇ. يەنە بىرى ، بۆرتۇڭگۇدا بولۇپ، نېفىت سۇ تېپىنى، يېڭى سانائەت تەجرىبىخانىسى مۇنداق ئانالىز قىلىپ چىقتى: نېفىتنىڭ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 0.845؛ ئۇچۇچان ماي - 100 گرادۇسنىڭ تۆۋىنىدە 1.3؛ كىرسىن 150℃تىن 300℃ قىچە بولغانـدا 43.2؛ ئېغىر ماي 300℃ تىن يۇقىرى بولغاندا 55.5؛كىرسىننىڭ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 0.82 .

2) ئۈرۈمچى ئەتراپلىرىدىكى نېفىت كانـى . نېفىـت ئىككـى يەردىن چىقىدۇ : بىرى، ئۈرۈمچىنىڭ غەربىگە 40 يول كېلىدىغان جايدا. چوڭ يەر ئىسمى مىساكو، كىچىك يەر ئىسمى شيۇچۇەن. بۇنىدىن بۇرۇن شەرقىدە ئۈچ غەربىدە تۆت قۇدۇق قېزىلغان . ھازىر بارى تۆت ، قالغان قۇدۇقنىڭ ھەممىسىنى قۇم بېسىۋالدى.

نېفىت يۇقى قېلىن ئەمەس . كۆندىگە 7-8 جىڭدىن ئون جىڭغىچە نېفىت ئېلىنىدۇ. نېفىتنىڭ رەڭگى سۈزۈك بولۇپ سۈپىتى يامان ئەمەس؛ نېفىت قۇدۇقى ئۇنىڭ غەربىدىكى ياۋتەنشەن تېغىغا يېقىن، مەيدىلەپ ئايرىماق بەك ئوڭاي . بۇنىڭدىن بۇرۇن جۇڭگو-رۇسىيە بىرلىشىپ ئاچقان ، كېيىن هۆكۈمەت تەرەپ ئاچقان بولسىمۇ ئۈنۈمى بولمىغان . ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمالىدابەش يەردە بولاق سۈيى بار، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈچىنىڭ سۈيىگە ئارىلاش نېفىت ئېقىپ چىقىدۇ، ياز پەسلىدە كۆپرەك ئېقىپ چىقىدۇ . 20 جىڭەك كېلىدۇ . قىش كۈنى ئازراق بولۇپ ، 7-8 جىڭدىن ئاشمايدۇ. بۇرۇن، چىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا قېزىۋېلىنغان بولسىمۇ هازىر توختاپ قالدى.

3) شىخو نېفىت كېنى ، ئىككى يەردە، شەرقى جەنۇب يېزىسىدا چوڭ يەر ئىسمى نەنسەن ، كىچىك يەر ئىسمى مايتاغ ؛ 32 نېفىت قۇدۇقى بار ، هازىر نېفىت ئېتىلىپ چىقىۋاتقىنى 15 بولۇپ، قالغىنى كېرەكسىز بولۇپ كەتتى . نېفىت يۇقىنىڭ قېلىنلىقى 2-3 فۇڭ بولۇپ ، سۈيى شورلۇق ، نېفىتى سۈزۈك. مايتاغنىڭ ئەتراپىدىكى ئون نەچچە لى ئارىلىقتا، بىر تاغ چوققىسى بولغاندىن باشقا يەرلەرنىڭ هەممىسى تۈزلەڭلىك بولۇپ ، تۈزلۈق سۇ چىقىدۇ ، ئاستىدا نېفىت بار، 3-5 چى چوڭقۇرلۇقتا قازسا، سۇ چىقىپ، مايمۇ ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈپ چىقىدۇ . چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈينىڭ 23-يىللىرى - 1897- يىلى شىنجاڭ باش سودا ئىدارىسى قازغان. ( ئىلاۋە: «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سانائەت 2-»گە قارىغاندا شىنجاڭ باش سودا ئىدارىسى گۇاڭشۈي-نىڭ 33-يىلى يەنى 1907-يىلى تەسىس قىلىنغان ، بۇ يەردە ئې-لىنغىنىدىن گۇمانىمچە خاتالىق بار.) شۈەنتۇڭنىڭ بىرىنچى يىلى 1907 - يىلى ( ئىلاۋە: ئەسلى تېكىستتى شۇنداق ، شۈەنتۇڭنىڭ بىرىنچى يىلى 1909-يىلى بولۇش كېرەك ) رۇسسىيىلىكلەر يېڭى-باشتىن يېڭى شەكىلدىكى ماشىنىلارنى سېتىۋېلىپ بۇ قۇدۇقلارنى كېڭەيتىپ چوڭايتقان؛ قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلىقى 7-8 جاڭغا يەتكەن، نېفىت مول چىققان، ئۈرۈمچى ( ئىلاۋە: ئەسلى تېكىستتى شۇنداق، شىخو دېيىش كېرەك ) نىڭ غەربىي -جەنۇبىدىكى چىگەنگۈدىمۇ بىر قانچە يەردە ماي بولاق بار، هازىر قېزىلىۋاتىدۇ .

4) تارباغاتاي نېفىت كانى . نېفىت چىقىدىغان جاي شەر-قىي جەنۇبتىكى يېزىدا چوڭ يەر ئىسمى چىڭشىشا . كىچىك يەر ئىسمى كونا قاراماي . ئۈرۈمچىگە 680 يول كېلىدۇ. ئۇ چاغدا بايقالغان نېفىت بولاقلىرى ناهايىتى كۆپ بولۇپ، ئىلگىرى كۆ-پىنچىسىنى قۇم-تۇپا بېسىۋالغان، هازىر ئاران توققۇزى بار، تاغ-نىڭ چۇققىسىدىكى بىر بۇلاق ئەڭ چوڭ بولۇپ، نېفىت يۇقىنىڭ قېلىنلىقى 5-6 فۇڭدەك كېلىدۇ، تازا ئوبدان پەسىللەردە كۈنىگە 70-80 جىڭ نېفىت چىقىدۇ. بىر نەچچە بۇلاقتىكىنى قوشقاندا هەر كۈنى 200-300 جىڭدىن كەم چىقمايدۇ. نېفىتى قويۇق ،رەڭ-گى قارا بولۇپ ، بۇلاقتىن بىر قانچە يول يىراقلىقتىنمۇ پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ. يەرلىك ئادەملەردىن بۇنى قازىدىغانلار بولۇپ، كۆپىنچە هارۋا چاقىنى مايلاشقا ۋە قويلاردىكى قوتۇر كېسەللىك-

لىرىنى داۋالاشقا ئوخشاشلارغا ئىشلەتكەن.

5) كۆچار نېفىت كانى. بۇ يەردىكى نېفىت چىقىدىغان يەر قارا يۇلغۇن بولۇپ، شەھەرنىڭ شىمالىغا 100 يولدەك كېلىدۇ. بۇ يەر خانتەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ئېتىكىدە . بۇ يەردە ماي بۇلاق بولۇپ، كۈنىگە 130 جىڭدىن كۆپرەك نېفىت چىقىدۇ .مىنگونىڭ ئىككىنچى يىلى— 1913-يىلى ماپۇكولى دېگەن كىشى نېفىت قېزىش بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ ، ناھايىتى ئاز نەپ ئالغان. بۇ يەرنىڭ ئەتراپلىرىدىكى تۆپىلىكلەردە تەبىئىي موم ناھايىتى كۆپ، بۇ نېفىت بىلەن ئىنتايىن مۇناسىۋەتلىك بولغان نەرسە بولۇپ ، بۇنىڭ بارلىقى نېفىتنىڭ كۆپلەپ مەۋجۇتلىقىنىڭ بەلگىسى .

6) ساۋەن نېفىت كانى. بۇناھىيىنىڭ غەربى-شىمالىدىن 70 نەچچە يول يىراقلىقتىكى بۆرتۇڭگۇدا بىر قانچە جايدا ماي بۇلاق بار؛ نېفىت سۇ بىلەن ئارىلىشىپ ئېقىپ چىقىپ ، سۇ ئۈستىدە لەيلەپ تۇرىدۇ، نېفىت يۇقىنىڭ قېلىنلىقى 7—8 فۇڭ كېلىدۇ. تازا ئوبدان چاغلاردا كۈنىگە 70-80 جىڭ نېفىت چىقىدۇ.

7) ئاقسۇ كونا شەھەر نېفىت كانى ، بۇ يەردە ئىككى يەردە ماي بۇلاق بار . ناھىيىنىڭ جەنۇبىدىكى مالىكسەن تېغىدىن سۇغا ئارىلىشىپ نېفىت ئېقىپ چىقىدۇ، ھەر كۈنى 100 جىڭدىن كۆپرەك نېفىت چىقىدۇ. ناھىيىنىڭ شىمالىدىكى تاغدىمۇ ماي بۇلاق بار. تازا ئوبدان پەسىللەردە 100 جىڭدىن كۆپرەك نېفىت چىقىدۇ.

8) يەكەن نېفىت كانى . بوشاڭۋۇپۇدا بولۇپ ، ناھىيىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غەربى جەنۇبىغا يۈز نەچچە يول كېلىدۇ، ماي بۇلاق كۆپ، يەرلىكلەر كۆپىنچە سۇ يۈزىدىن سۈزۈۋالىدۇ، ئوتتۇرا ھېساب بىلە كۈنىگە 70-80 جىڭ نېفىت سۈزۈۋالىدۇ.

9) قەشقەر كونىشەر نېفىت كانى، شەھەرنىڭ غەربىدە بولۇپ، نېفىتكە مول. مىنگونىڭ 7- يىلى يەرلىك مۆتىۋەرلەر رۇسىيىلىكلەر بىلەن بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىپ كەڭ كۆلەمدە ئاچماقچى بولغان بولسىمۇ قالايمىقانچىلىق بولۇپ كەتكەنلىكتىن توختاپ قالغان.

ۋاڭ جىنپۇ: «غەربىي-شىمال جۇغراپىيىسى» (بېيجىڭ لى-دا كىتابخانىسى. 1932- يىل)

ئىلاۋە: ۋاڭ جىنپۇنىڭ «غەربىي-شىمالنىڭ جۇغراپىيىسى ۋە ئانتروپولوگىيىسى» (سودا مەتبەئە سارىيى، 1935-يىل) دېگەن ئەسىرىدىمۇ مەزمۇنى يۇقىرىقىلارغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بايانلار بار.

شىنجاڭنىڭ نېفىتى ھازىرغىچە تەپسىلى تەكشۈرۈلمىدى. بىلىشىمىزچە، كۇچار، شىخو، ماناس، ئۈرۈمچى، تارباغاتاي قاتارلىق بىر قانچە ناھىيىنىڭ ھەممىسىدىن نېفىت چىقىدۇ، باشقا جايلىرى، تارىم دەرياسىنىڭ شىمالى، غەربىي رۇسىيىگە تەۋە تۈركىستان بىلەن تۇتىشىدۇ، مايبۇلاقتىن نېفىت ئېتىلىپ چىقىدىغان ياكى ئېقىپ چىقىدىغان جاي 40-50 دىن ئاشىدۇ. نېفىت يۇقىرىنىڭ قېلىنلىقى 2-3 فۇتقا يېتىدۇ. قارىماققا ناھايىتى زور ئۈمىد باردەك كۆرۈنسىمۇ مىقدارى زادى قانچىلىك، بۇ تېخى نا-

مەلۇم.

ياڭداچۇەن: «ھازىرقى زامان جۇڭگو سانائەتتىكى تەزكىرىسى» (سودا مەتبەئە سارىيى. 1932- يىل)

ئۈرۈمچى نېفىت كانى غەربىي چېگرىسىغا 40 يول كېلىدىغان سىساگۇدا (كىچىك ئىسمى نېفىت بۇلاق) بولۇپ، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنىڭ شەرقىدە ئۈچ قۇدۇق، غەربىدە تۆت قۇدۇق قېزىلغان، ھازىر ھەر قايسىسىدا ئىككىدىن قۇدۇق قالدى، قالغانلىرىنى قۇم-توپا بېسىپ كەتتى، نېفىت يۇقى قېلىن ئەمەس، كۈنىگە ئاران 7-8 جىڭدىن ئون جىڭغىچە نېفىت ئالغىلى بولىدۇ. ساۋەندىكى نېفىت كانى غەربىي جەنۇب چېگرىدا بولۇپ، كۈنىگە 70 جىڭچە نېفىت چىقىدۇ. شىخونىڭ يېنىدىن نېفىت خېلى جىق چىقىدۇ. كۇچاردىكى نېفىت كانىدا شىمالى چېگرىدىكى قارا يۇلغۇندىن نېفىت ئەڭ كۆپ چىقىدۇ، بۇ يەردە بەش يەردە مايبۇلاق بار، تازا ئوبدان چاغلاردا كۈنىگە 120 جىڭدىن كۆپرەك نېفىت چىقىدۇ. بۇ كاننىڭ ئەتراپلىرىدىن يەنە موم چىقىدۇ، ئاقۇش قوڭۇر رەڭدە. ئاھالىلار ئۇنى قېزىۋېلىپ تاشكۆپىدىكى يايمىكەشلەر ئارقىلىق رۇسىيىگە چىقىرىدۇ. بۇنداق مومنى تاللىمايلا شام ياسىغىلى بولىدۇ. قاتتىق ئىسسىق بولىدىغان تۇرپاندىمۇ ئېگىلىپ كەتمەيدۇ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئېرىش نۇقتىسىنىڭ قانچىلىك يۇقىرىلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئاقسۇ كونىشەھەر نېفىت كانى ناھىيىنىڭ جەنۇبىدىكى مالىكسەن تېغىدا بولۇپ، تازا ئوبدان ۋاقىتلاردا كۈنىگە يۈز جىڭ ئۆپچۆرىسىدە نېفىت ئالغىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولىدۇ. يەكەن نېفىت كانى غەربىي-جەنۇب چېگرىدىكى شاڭ-ۋۇپۇدا بولۇپ، ئوبدان چاغلاردا 70-80 جىڭ نېفىت ئالغىلى بولىدۇ. تارباغاتاي نېفىت كانى شەرقى-جەنۇب چېگرىدىكى چىڭشانىڭ كونا قاراماي دېگەن يېرىدە بولۇپ، ئۆتكەندە بۇ يەردىن كۆپ يەردە مايبۇلاق تېپىلغان، كۆپ يىللاردىن بېرى قۇم-توپا بېسىپ كەتكەن. ھازىر قېپقالغان تۆققۇز بۇلاقنىڭ ئىچىدە، تاغ چوققىسىدىكى بىرسى ئەڭ چوڭ بولۇپ، نېفىت يۇقىنىڭ قېلىنلىقى 4-5 فۇڭ كېلىدۇ، ئوبدان چاغلاردا كۈنىگە 200 نەچچە جىڭ نېفىت ئالغىلى بولىدۇ. قەشقەر يېڭىشەھەرنىڭ غەربىي چېگرىسىدىمۇ نېفىت كانى بولۇپ، مىنگونىڭ 7- يىلى مۇشۇ يەرنىڭ تامغىچى رۇسىيىدىن ماشىنا سېتىۋېلىپ، قېزىش-ئايرىش بىلەن شۇغۇللىنىش كويىدا بولغان بولسىمۇ قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەنلىكتىن، بۇ پىلان ئىشقا ئاشمىغان.

ياڭداچۈەن: «ھازىرقى زامان جۇڭگوسانائىتى.تەزكىرىسى» (سودا مەتبەئە سارىيى، 1932- يىل)،

نېفىت

1. كۇچار. ناھىيىنىڭ شىمالىغا 90 يول كېلىدىغان قارا يۇلغۇندا، نېفىت كۆلچىكى خېلى چوڭ بولۇپ، 5 يەردە بۇلاق بار، نېفىتى سېرىق رەڭدە بولۇپ ساپ، ئايرىمايمۇ چىراغ يېقىشقا بولىدۇ. ئەتراپتىكى ئاھالىلار يەرلىك ئۇسۇلدا قېزىۋالىدۇ. كۈنلۈك مەھسۇلاتى 120 جىڭچە كېلىدۇ.

2. يەكەن، ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا يۈز-

نەچچە يول كېلىدىغان شاۋۇۋپۇدىن چىقىدۇ . نېفىتتى پاكىز
بولۇپ ئىشلىتىشكە يارايدۇ. ھەر كۈنى 70-80 جىڭچە چىقىدۇ
3. ئۈرۈمچى. ئىككى نېفىتلىكى بار: ①. سودا چېيدا. ئۈ
رۈمچىنىڭ شەرقىگە 50 نەچچە يول كېلىدۇ. غەربىي شىمالد
بۇلاق بولۇپ، بۇلاقتىن نېفىت ۋە گاز خېلى كۆپ ئېتىلىپ چى
قىدۇ. ھاۋا ئىللىق بولغان ۋاقىتلاردا سىرغىپ چىقىدىغان نېفىت
كۆپ. بۇلاققا يېقىن يەردىكى ئاھالىلار ياز پەسلىدە ھەر كۈنى
مۇشۇ بەش بۇلاقتىن 12-13 جىڭچە نېفىت ئالىدۇ. قىش پەسلىدە
ئۈنىڭدىن يېرىمىدەكىنى ئالالايدۇ. نېفىت رەڭگى تۇتۇق قوڭۇر
رەڭدە بولۇپ، كۆيگەندە ئىس جىق چىقىدۇ، سېلىشتۇرما ئې-
غىرلىقى 0.80 دىن 0.90 غىچە. ئىلگىرى چىڭ سۇلالىسى دەۋر-
لىرىنىڭ ئالدىدا بۇ يەرنى قېزىپ نېفىت ئالغانلار بولغان، بۇ-
گۈنكى كۈندە سۇ كۆپىيىپ، نېفىت تاپقىلى بولمايدىغان بولۇپ
قالدى.② سىساگۇدا.ئۈرۈمچىنىڭ غەربىگە 40 يول كېلىدۇ. ئىلگە-
رى بۇ يەرنىڭ شەرقىدە ئۈچ قۇدۇق، غەربىدە تۆت قۇدۇق قې-
زىلغان. كېيىنچە شەرق ۋە غەربنىڭ ھەر قايسىسىدا ئىككىدىن
قۇدۇق قالغان. كۈنىگە 7-8 جىڭدىن ئون نەچچە جىڭغىچە نې-
فىت ئېلىنغان، نېفىتنىڭ رەڭگى سۈزۈك بولغان. ئۈرۈمچى ھۆ-
نەر-سەنئەت زاۋۇتى بىلەن نېفىت شىركىتى يەرلىك ئۇسۇل بى-
لەن قازغان. لېكىن كۆپرەك سەرمايىسى ۋە مەخسۇس تېخنىكلى-
رى بولمىغان، ئۈنىڭ ئۈستىگە بەزىلەر ئۆز چۈشىنىكىنى تولدۇ-
رۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ، دەسمايىسىنى زىيان تارتىپ، ھېچ

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

قانداق ئىلگىرىلەش بولمىغان.

4. ماناس. نېفىت چىقىدىغان رايونلىدىن ئۈچى بار: ①غەربىي جەنۇب يېزا. چوڭ يەر ئىسمى جىنگوخې، كىچىك يەر ئىسمى كازىۋەن، تۆت يەردە مايبۇلاق بار. ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە ھەر كۈنى 20-30 جىڭ نېفىت ئالغىلى بولىدۇ، رەڭگى قارامتۇل سەل قىزغۇچ، تەمى سەل تۇزلۇق. ئۆتكەندە ھۆكۈمەت قازغان، ھازىر پۇقرالار قېزىۋاتىدۇ. ② جېڭنەن يېزىسىدا. چوڭ يەر ئىسمى خۇڭگۇ، كىچىك يەر ئىسمى شيۇيەن بولۇپ يەتتە يەردە مايبۇلاق بار. نېفىت تاشنىڭ ئارىلىقلىرىدىن ئېقىپ چىقىدۇ. تازا ئوبدان چاغلاردا ھەر كۈنى 40-50 جىڭ نېفىت ئالغىلى بولىدۇ. ③ غەربىي جەنۇب يېزىسىدا. چوڭ يەر ئىسمى شيەنشۇيخې، كىچىك يەر ئىسمى توڭگۇتەي. تۆپىلىكنىڭ ئاستىدا 9 يەردە نېفىت قۇدۇقى بار. بۇنىڭ ئىچىدە بىرسى ئەڭ چوڭ. ئوبدان چاغلاردا كۈنىگە 200 جىڭدىن كۆپرەك نېفىت ئالغىلى بولىدۇ، باشقا قۇدۇقلاردىن جەمئىي بىر قانچە ئون جىڭ چىقىدۇ. نېفىت يۈزىنىڭ قېلىنلىقى بىرەر سۇڭدىن ئاشىدۇ، قىزغۇچ سېرىق رەڭدە، نېفىت قۇدۇقلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 3-4 چىدەك كېلىدۇ. نېفىت سۇ بىلەن ئارىلاش چىقىدۇ.

5. ساۋەن. ناھىيىنىڭ غەربىگە 70 يول كېلىدىغان بۆرتۇڭگۇ نېفىت كانىنى مىنگونىڭ 7- يىلى يۇجاۋلوڭ ئاچقان، ئوردىغا 200 سەر كۈمۈش تاپشۇرغان،بۇيەردىكى قۇدۇقلاردىن ھەر كۈنى 70 جىڭدەك نېفىت چىققان، كۆپىنچىسىنى ئۇرۇمچى بازى-

ردا ساتقان. هۈنەر-سەنئەت تەجرىبە ئورنىنىڭ دوكىلاتىغا قا
رىغاندا نېفىتنىڭ سۈپىتى تۆۋەندىكىدەك:

نېفىتنىڭ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 0.845

ئۇچۇچان ماي (يۈز گرادۇستىن تۆۋەندە) 1.3

كىرسىننىڭ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 0.820

كىرسىن(300℃—150℃) 43.2

ئېغىر ماي (300℃ نىڭ تۆۋىنىدە) 55.5

كىرسىننىڭ ئوت ئېلىش نۇقتىسى 50℃

6. تارباغاتاي. ناھىيە شەھىرىنىڭ شەرقى جەنۇب يېزىسىدا، چوڭ يەر ئىسمى چىگىشا، كىچىك يەر ئىسمى كونا قاراماي . بۇرۇن بۇ يەردىن نېفىت تېپىلغان، كان بۇلاقلىرى خېلى كۆپ بولغان. ھازىر 9 بۇلاق بار. تاغنىڭ چوققىسىدىكى بىرسى ئەڭ چوڭ. نېفىت يۇقىنىڭ قېلىنلىقى 4-5 فۇڭ كېلىدۇ. ئوبدان چاغلاردا كۈنىگە 200 نەچچە جىڭ نېفىت ئالغىلى بولىدۇ. نېفىتى قويۇق، قارا رەڭدە. بۇلاقتىن بىرەر يول يىراقلىقتىمۇ ئاچايىپ پۇراپ تۇرىدۇ. يەرلىك پۇقرالار ئۆزلىرى ئېلىپ ئىشلىتىدۇ. ئەخلەتلىرىنى تىندۇرۇپ، ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە قويىدۇ، ۋە ھارۋا چاقىنى مايلايدۇ.

7. شىخو. شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى نەنسەندە ۋە مايتاغدا جەمئىي 32جايدا مايبۇلاق بار. ھازىربۇنىڭدىن 15دىن نېفىت ئېتىلىپ چىقىدۇ، قالغانلىرى كۆمۈلۈپ قالغان. نېفىت يۇقىنىڭ قېلىنلىقى 2-3 فۇڭ كېلىدۇ. سۈيى تۇزلۇق، نېفىتى پاكىز، رەڭگى

ئۇيغۇر كىتاب تورى كۈتۈپخانىسى
www.uyghurkitap.com

قېنىق يېشىل، گايىدا سۇس قىزىل، يەرنى 3-4چى قازسىلا، سۇ، نېفىت چىقىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇي يىللىرىدا يەرلىك ئەمەلدارلار سەرمايە توپلاپ، ماشىنا سېتىۋېلىپ قازغان، لېكىن مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلمىغاچقا ئىشى ئاقمىغان.

قوشۇمچە ئىزاھ: دۆلىتىمىزدىكى نېفىتلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئېچىلمىدى. ئۇنىڭ زاپاس مىقدارى تەخمىنەن بىر مىليارد 375 مىليون توننا. كۆپىنچىسى شەنشى، خېبېي، سىچۈەن، يۈننەن، شىنجاڭ قاتارلىق ئۆلكىلەردە. ئىلگىرىكى يېزا ئىگىلىك سودا مىنىستىرلىقىنىڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئورنىنىڭ «كانچىلىق خاتىرىلىرى»دا يېزىلىشىچە،،شىنجاڭ، سىچۈەندە ھەر يىلى 50توننىدەك نېفىت ئىشلەپچىقىرىلىدۇ مىقدارى ئىنتايىن ئاز دېيىلگەن.

ۋۇشاۋلىن: «شىنجاڭنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى» (نەنجىڭ، رېنشېڭ مەتبەئە ئىدارىسى، 1932-يىل)

ئېلىمىزنىڭ نېفىت ئېلىش ئىشلىرىغا كەلسەك، شەنشى،گەنسۇ، شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا يەرلىك ئۇسۇلدا نېفىت ئېلىنىدىغان خېلى كۆپ نېفىت قۇدۇقلىرى بار، لېكىن مەھسۇلات مىقدارى ناھايىتى ئاز بولۇپ، شۇ يەردىكىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا يېتىشمەيدۇ.

لىزىشاڭ: «جۇڭگونىڭ ئاساسى سانائىتىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ ئىستىقبالى» («شەرق ژۇرنىلى» 30-جىلت 13-بۆلۈم 1933-يىل)

نېفىت تۆۋەندىكى جايلاردا بايقالدى:

شىنجاڭدا ئىككى يەردە: بىرىنچىسى، ماناس دەرياسىغا 5 كىلومېتر كېلىدىغان يەردە، ئۇنىڭ كۆلىمى جەنۇبتائېرەن قابىرغ تېغىنى چېگرا قىلىدۇ، شىمالدا بالىنكىرىجار تېغىنى چېگرا قىلىدۇ.

بۇ جايدىكى نېفىتلىك ئۇرۇمچىدىن Dgarkeut يولىنىڭ جەنۇبىغا تۇتىشىدۇ. دائىرىسى كەڭ، خارگو دەرياسى بۇ يەرنىڭ غەربىدە، ماناس دەرياسى بۇ يەرنىڭ شەرقىدە. ئېرەنقابىرغا تېغى ئۇنىڭ جەنۇبىدا، شەيخ ماناس ئۇنىڭ شىمالىدا.

نېفىت سىرغىپ چىققان جاي 7-8 يەردە بار. مۇھاكىمە قىلىشقا بولىدىغان تەكشۈرۈش ۋە تەپسىلات دوكلاتى بار.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان كۆلەم ئىچىدە ماناس دەرياسىغا 35كىلومېتر كېلىدىغان يەردە، بىرىنچى گۇرۇپپىدا يەتتە يەردە نېفىت سىرغىپ چىققان. بۇلار بىر-بىرىگە يېقىن بولۇپ، يۇمىلاق دائىرىنى هاسىل قىلغان، نېفىت سىرغىپ چىققان هەر بىر يەر بىر كىچىك تاغدەك بولۇپ، ئېگىزلىكى 14 فۇت (ئىلاۋە: 4.27 مېترغا تەڭ) دائىرىسى ئېگىزلىكىدىن كۆپ چوڭ. تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تىك يول بولۇپ، نېفىت شۇنىڭ بىلەن يەر ئۈستىگە ئېقىپ چىقىدۇ.

ئۇقۇمۇشلۇق رۇسىيە ئىنژېنېرىنىڭ پىكرىچە بۇنداق كىچىك تۆپىلىك تۆۋەندىكىدەك هاسىل بولغان: نېفىت جەۋهىرى (ئىلاۋە: ئەسلى تېكىستى شۇنداق) ئەسلىدە يەر ئۈستىدە ئېقىپ تۇرىدۇ، لېكىن يەردە قۇم كۆپ بولغانلىقتىن قاتتىق بوران چىق-

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com

قاندا ئۇنى موم بېسىۋالىدۇ. نېفىت جەۋھىرى بىلەن قۇم ئۆز-ئارا ئارىلىشىپ يەر پوستى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇزۇن ۋاقىتلار ئۆتكەنسې-رى يەر پوستى ئۆسۈپ كىچىك تاغ شەكلىگە كىرىپ قالىدۇ. ھا-ۋا بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرغاچقا نېفىت جەۋھىرىنىڭ ئۇچۇچان قىسمى ھورغا ئايلىنىپ كېتىپ، ئېغىر قىسمى ساقلىنىپ قالىدۇ. مۇشۇنداق بىر گورۇپپا نېفىت سىرغىغان يەردىن 10 كىلومېتىر يې-راقلىقتا يەنە بىر گورۇپپا، يەنە نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا بىر گورۇپپا مۇشۇنداق نېفىت سىرغىپ چىققان يەر بايقالدى.

مۇشۇنداق سىزىلمىلاردىن يەتتىسىنىڭ شەكىللىنىش سە-ۋەبى ئوخشاش چىقتى. بۇلار مۇۋاپىق يول بىلەن ئېچىلمىغان. بىر قانچە يىلنىڭ ئالدىدا بىر بىرلەشمە شىركەت Company Chinese-Mobammedan-Russlan (ئىلاۋە: جۇڭگو-روسسىيە ئاۋام خەلق بىرلەشمە شىركىتى) تەشكىل قىلىنىپ، سىبې-بالدىنىسك جەنۇبىي سىبىرىيە جەمئىيىتى (an Association) (Thesiber) ۋە باي سودىگەر ئىسمايىل باي، تارباغاتايلىق رىسىپ قاتارلىقلار ھەمكارلاشقان. بۇ نېفىتلىكنى ئېچىش ھوقۇ-قىنى تارباغاتاي دوتۇڭىنىڭ ئوغلى شۇجۇ ئۇرۇمچى دوبەن باش-قارمىسىدىن ئالغان. لېكىن بىر تەرەپتىن، رۇسسىيەدىكى مالە-مانچىلىق، يەنە بىر تەرەپتىن تارباغاتاي دوتۇڭى ۋەزىپىسىدىن بوشاپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن بۇ شىركەت راۋاج تاپالمىغان، نېفىت قۇدۇقلىرىمۇ ئېچىلمىغان. ھازىر بىر قانچە قۇدۇق ئۇچۇن ئىشلەنگەن ئىش تېخى ھېسابقا كىرمەيدۇ، ئېچىش دېگىلى بول-

مايدۇ. يەرلىك ئاھالىلار بۇ يەرنىڭ ئۈستىدىكى نېفىتنى شۇ ھا-
لەتتىلا ئاپىرىپ ساتىدۇ، ھارۋا چاقىنى مايلايدۇ.

1919-يىلى جەنۇبىي سىبىرىيە جەمئىيىتى ئىككى خىل نېفىت-نى تومسك داشۆسىنىڭ تەجرىبىخانىسىغا ئاپىرىپ، Povarnin پوۋارنىن پروفېسورغا تەھلىل قىلدۇرغان. ئۇنىڭ نەتىجىسى تۆ-ۋەندىكىدەك:

فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى: يۇزىدە ئىككى خىل ئوخشاش بول-غان قارامتۇل يېشىل قوڭۇر رەڭلىك قېلىن ماددا بولۇپ، Mazout مازوت (يېرىك نېفىت)قا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. (ئىلاۋە: ئېغىرماي)

سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى ℃ 15تا:

| | |
|---|---|
| بىرىنچى خىلى | 0.924 |
| ئىككىنچى خىلى | 0.926 |

......

1) ئىككى خىل نېفىتنىڭ تەركىبى ئوخشاش.

2) ئىككىلا خىلىنىڭ سۈپىتى ناچار، ماي تەركىبى ئاز، تۆ-ۋەن تېمپېراتۇرىدا قاينايدۇ. لېكىن ئوتتىياغ نىسبىتى باكو نېفىتىدىن كۆپرەك (نېفىتنىڭ تەركىبىدىكى مازوت 55%نى ئىگىلەيدۇ)

3) ئىككى خىل نېفىت ئىچىدە تەھلىل قىلىنمىغان بېنزىن مىقدارى 45%- 56%، سىلىقلاش مېيى 25 % - 28%، ئاسفالتسىمان ماددا ( ئىلاۋە: ئەسلى تېكىستتىكى شۇنداق)3% دىن يۇقىرى.

4) ئەگەر ترانسپورت ئىشلىرى بەرپا قىلىنسا، نېفىتلىكلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭ مەھسۇلات مىقدارى كۆپ، جۇغراپىيىلىك مۇھىتى مۇۋاپىق بولغانلىقتىن ئىچىش قىممىتى زور، ....

ئىككىنچى نېفىتلىك شىنجاڭ ئۇلكىسىنىڭ مەركىزى ئورۇمچىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، تەڭرىتاغ ئېتىكىدىكى تاغلىقتا، شەھەرگە 30 كىلومېتىر كېلىدۇ.

بىر كۆلنىڭ يېنىدا ئىككى بۇلاق بولۇپ، ئۇنىڭدىن نېفىت بىلەن سۇ چىقىدۇ. كۆلنىڭ ھەممە يېرى نېفىتكە تويۇنغان. بۇيەردە ناھايىتى كۆپ چىپار نۇقتىلار بار بولۇپ، ئىككىنچى تىندۇرما قاتلام ۋە قومسىمان تاشلار كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، بۇ چىپار نۇقتىلارنىڭ يۇرىقى ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇنىڭ نېفىت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. سۇ بىلەن نېفىتتىن باشقا، ئىككى بۇلاقتىن كۆمۈر گازى چىقىپ تۇرىدۇ، سەرەڭگە ياقسا كۆيىدۇ. بۇ بۇلاقلار ئېچىلمىغاچقا قانچىلىك نېفىت بارلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. رۇسىيە ئىنژېنېرىنىڭ پىكرىچە بۇ ئىككى بۇلاقتىن ئىنتايىن ئاز نېفىت چىقىدۇ. ئەگەر بۇلاقنىڭ يېنىدىكى سېغىز توپىدىن نېفىت ئايرىۋالغىلى بولسا، بىر قەدەر پايدىلىق. بۇ يەرنىڭ توپىسى قۇمساز توپا، شۇڭا بۇ يەرگە بەش كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە بىر ئاددى زاۋۇت قۇرۇلدى. بۇ زاۋۇتنىڭ ئۈچ دانە ئۇرە قازىنى بولۇپ، سېغىز توپىنى قازان ئىچىگە سېلىپ بىۋاسىتە ئوت قالىغان. تازاقىزىغانپار قازاندىن ئۆتكەندىن كېيىن نېفىت ئايرىلىپ چىققان. بۇنداق ئاددى ئۇسۇل بىلەن ئاز مىقداردا مەھسۇلات ئالغان.

ئالغان نېفىتنى قىسمەن مەيدىلىگەندىن كېيىن ھەر يىلى 100 قاداقتا ( ئەسلى تېكىستى شۇنداق، گۇمانىمچە كۇنلۇك مەھسۇلات بولۇشى مۇمكىن ) يەتمەيدىغان ئوتياغ ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭ مىقدارى ھەر كۈنى ئېلىنغان نېفىتنىڭ يېرىمىغا يېتىدۇ. بۇنداق ئوتياغ سېرىق رەڭدە بولۇپ، كۆيسە كۆمۈر ھاسىل بولىدۇ. بۇ زاۋۇتتا مەيدىلەش مۇنارى dephlegmatr بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئوتياغدىكى گۈگۈرت، ناترىي ھىدروكسىد ۋە سۇنى ئاجرىتىۋېتەلمەيدۇ.

شىنجاڭدىكى نېفىتلىكلەر يۇقىرىدا بايان قىلىندى. بۇلارنى رەسمى ئېچىش شىنجاڭ ئۈچۈن مۇھىم بولۇپ قالماستىن، پۈتۈن جۇڭگوغىمۇ پايدىلىق. بىر قانچە ماي بۇلاقلىرى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر رۇسىيە ئىنژېنېرلىرىنىڭ خاتىرىسىدىن ئېلىندى. يېقىن پۇرسەت بولۇپ قېلىپ بۇ يەرلەردىن ئۆتكەندە بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى تاسادىپى كۆرۈپ قالدى.

كىرامشىۋ: « جۇڭگونىڭ غەربىي - شىمالىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى» ( سودا مەتبەئە سارىيى. 1934-يىل)

نېفىت كانى — شىخو ناھىيىسىگە قاراشلىق يەنسىخەي، مايتاغدىن نېفىت ئەڭ مول چىقىدۇ. مىنگونىڭ 8 - يىلى بۇ يەردە نېفىت كانى ئېچىلغان. خاتىرلىنىشىچە مايتاغ نېفىت كانىنىڭ ستوروكتورسىدىكى توغرىسىغا كەتكەن ئۆڭكۈر ئىچىگە بىر قانچە تىك قۇدۇق قېزىلغان. قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلىقى يەتتەچىدىن بىر چاڭغىچە بولغان. بۇ رايوندا جەمئىي ئىككى يەردە توغرىسىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەتكەن ئۆڭكۆر بولۇپ، ئۇزۇنلىقى بەش جاڭدىن ئاشىدۇ، تىك قۇدۇقتىن ئونى بۆلۈپ، توغرا ئۆڭكۆرنىڭ ئارىلىقىغا قېزىلغان. ياز پەسلىدە 5 - 6 يۈز جىڭ نېفىت چىقىدۇ، قىشتا ئازىيىپ 70 نەچچە جىڭغا چۈشۈپ قالىدۇ. چىڭشۈيخېزى نېفىت كانى تۆپ-لىكنىڭ ئاستىدىكى دەريا بويىدا بولۇپ، ئوچۇق قۇدۇق قې-زىلغان. ھەر يىلى ئەتىيازدا 500 نەچچە جىڭ نېفىت ئالغىلى بولىدۇ، يازدا سۇ كەلگەندە نېفىت قۇدۇقىنى بېسىۋالغاچقا نې-فىت ئالغىلى بولمايدۇ. سۇ ئازىيىپ كەتكەندىن كېيىن، ئادەتتە-كىدەك نېفىت ئالغىلى بولىدۇ. قىشتا قۇرۇپ قالىدۇ. ئىلگىرى بۇ يەرنىڭ نېفىتى ئۆلكە شەھىرىگە توشۇپ ئاپىرىلىپ ئايرىلاتتى، كې-يىن كاتولىنى يەنىسخەيگە يۆتكەپ كېلىپ، يېقىن يەردە ئايرىي-دىغان بولدى.

شۈيۋۇشۇ: «شىنجاڭ تەسىراتلىرى» (شىمەن شىجىڭ كې-زىتخانىسى، 1934 - يىل)

(نېفىت) قەدىمكى ۋاقىتلاردا نېفىتنىڭ ئىسمى يوق ئىدى ئۇچاغلاردا قاشتېشى ياغ دەپ ئاتىلاتتى. بۈگۈنكى كۈندە نېفىت دېيىلىدىغان بولدى. شىنجاڭدا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى يە-كەن، قەشقەر، ئاقسۇ، كوناشەھەر، كۇچار قاتارلىق جايلار-دا نېفىت تېپىلدى، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا بولسا ئۈرۈمچى، ماناس، ساۋەن، شىخو، تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردىن نېفىت تېپىلدى. دۆلىتى-مىزدىكى نېفىت شىنجاڭدىكى تەڭرىتاغدىن باشلاپ، گەنسۇدۇنخۇاڭنىڭ يۈيمېنخېچە، ئۇ يەردىن باشلاپ گەنسۇنىڭ شەرقىدىن شەنشىنىڭ

غەربىگىچە، ئۇنىڭدىن كېيىن چىلىگسەن تاغ تىزمىسىدىن ئۆتۈپ
سىچۇەن ئويمانلىقىغىچە تارالغان. شىنجاڭ دۇنيا بويىچە دېڭىز-
دىن ئەڭ يىراق قۇرۇقلۇق بولۇپ، قەدىمكى زامانلاردا ئىچكى
دېڭىز بولغان. نېفىت ئەسلىدە دېڭىز تېگىدىكى ھايۋاناتلارنىڭ
يېغىنىڭ چۆكۈشىدىن ھاسىل بولغان، نېفىت قەدىمكى زامانلار-
دا ئىچكى دېڭىز بولغان شىنجاڭدىن چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىش-
كە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسى-
يا نېفىتلىكى بىلەن تومۇرداش بولۇشى مۇمكىن.

ئۇ كېيىن: « شىنجاڭغا ساياھەت » ( سودا مەتبەئە سا-
رىيى، 1935 - يىل)

شىنجاڭ ئۆلكىسىدە ئالتۇن كانىدىن باشقا نېفىت ئالدىن-
قى قاتاردا تۇرىدۇ. دائىرىسى كەڭ بولۇپ، تەڭرىتاغنىڭ شى-
مالى ئېتىكىدىن باشلاپ، گەنسۇ، شەنشىگىچە، ئۇنىڭدىن كېيىن
چىلىگسەن تېغىدىن ئۆتۈپ، سىچۇەن ئۆلكىسىگىچە سوزۇلىدۇ.
ئەمەلىيەتتە دۆلىتىمىزدىكى نېفىتنىڭ مەنبەسى، بۇ ئۆلكىنىڭ جە-
نۇبىي ۋە شىمالىدىن ئون نەچچە جايدىن نېفىت تېپىلدى، لې-
كىن ماناس، شىخو، ساۋەن ئەڭ ئۈمىدلىك. شىخونىڭ مايتاغ
دېگەن يېرىدىن چىققان نېفىتنىڭ سۈپىتى ئەڭ ياخشى، ئۇنىڭ
ئۈستىگە مومۇ چىقىدۇ، بۇ موم قالتىس سۈزۈك بولۇپ، ئوتنى
كۆرسىلا كۆيىدۇ، بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ يەرنىڭ نېفىتىنى رۇس-
يىنىڭ باكوغا ئاپىرىپ تەكشۈرگەندە، ھەر يۈز جىڭدىن 60 نەچ-
چە جىڭ ساپ ماي ئايرىۋالغىلى بولىدىغانلىقى، مومدىن شام

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياسىغىلى بولىدىغانلىقى، قوي - كالا مېيىدىن ياسالغان شامغا قارىغاندا ئۇنىڭ يورۇقى كۈچلۈك ئۇزۇن چىدايدىغانلىقى، بۇ شامنىڭ تەبىئىي‌خام ئەشياسى ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. شۇەن-
تۇڭنىڭ بىرىنچى يىلى رۇسىيىنىڭ بىر دانە نېفىت قازىدىغان ماشىنىسىنى سېتىپ ئەكىلىپ 7 - 8 جاڭ چوڭقۇرلۇقتا قۇدۇق قازغان. قۇدۇقتىن دولقۇندەك ئاۋاز چىققان. نېفىت، گاز قايناپ چىققان، ئوت ياققاندا يالقۇنى نەچچە چى ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلگەن. ئاھالىلار شۇ چاغدا يەرلىك ئۇسۇل بىلەن قېزىپ، چىراغ يېقىشقا ئىشلەتكەن. ئەڭ ئوبدان چاغلاردا كۈنىگە نەچچە يۈز جىڭ نېفىت ئالغان، ھۆكۈمەت تەرەپ نېفىتنى ئايرىپ، ئاپتوموبىل ھەيدەشكە ئىشلەتكەن. رۇسىيىدە ئىچكى مالىمانچىلىق بولۇپ، كىرسىن كىرگۈزۈش توختاپ كەتكەندە، يەرلىك مەھسۇلاتلار تازا كەڭرى سېتىلغان، رۇسىيە مايلىرى قايتىدىن كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن يەرلىك ئۇسۇل بىلەن قېزىش قىيىن ھەم رىقابەت بولالمىغانلىقتىن نېفىت ئېلىش توختاپ كەتكەن.

ئۇ كېچىن: «شىنجاڭغا ساياھەت» (سودا مەتبەئەسارىيى 1935 - يىلى)

شىخۇ ناھىيىسى كان بايلىقى

نېفىت شەھەرنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى كۈيتۇڭ دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى بىر چۆلدە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بىر چوققا بار بۇنىڭ ئىسمى مايتاغ. ئەتراپى 100 يول ئۆپچۆرىسىدە

بولۇپ، تاش توپىلار دۆگلىنىپ تۇرىدۇ. ئىككى يەردە مايىۇلاق بار، بىرى جەنۇبىي ئېتەكتە، يەنە بىرى شەرقى ئېتەكتە، نېفىت قېنىق سۆسۈنە رەڭدە بولۇپ، سۇ يۈزىدە لەيلەپ تۇرىدۇ.

ئايلىق ژۇرنالنىڭ ستاتىستكا قىلىشىچە، ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى كانلارنىڭ تۈرى، سانى، باھا جەدۋىلى ئىچىدە شىخونىڭ نېفتى 44 مىڭ 304 جىڭ، باھاسى 712 يۈەن.

ۋۇيەن شيە : « شىنجاڭ خاتىرىلىرىگە تۇلۇقلىما، ماددى مەھسۇلاتلىرى» (1936 - يىل نەشرى)

ساۋەن ناھىيىسىنىڭ كان مەھسۇلاتلىرى.

نېفىت چىگشىشادىكى سوخەيتو تېغىنىڭ جەنۇبىدىن نېفىت چىقىدۇ. مىنگونىڭ 5 - يىلىدىكى ھەر قايسى ناھىيىلەردىن چىقىدىغان كان بايلىقلىرىنىڭ تۈرى، سانى، باھاسىغا دائىر جەدۋەلدە : ساۋەننىڭ نېفتىنىڭ سانى 4 مىڭ 620 جىڭ باھاسى بىر مىڭ 214 يۈەن دەپ يېزىلغان.

ۋۇيەنشيە : « شىنجاڭ خاتىرىلىرىگە تولۇقلىما، ماددى مەھسۇلاتلىرى » ( 1936 - يىل نەشرى)

قەشقەر كونشەھەر ناھىيىسى كان مەھسۇلاتلىرى.

نېفىت قوزغۇي تېغىدىن نېفىت چىقىدۇ، نېفىت تاشنىڭ يېرىقلىرىدىن چىقىپ، كىچىك ئېرىقلاردا ئاقىدۇ. 7 - قېتىملىق يېزائىگىلىك سوداستاتىستكاجەدۋىلىدە: كونشەھەرنىڭ نېفتى11 مىڭ 760 جىڭ دېيىلگەن.

ۋۇيەنشيە: «شىنجاڭ خاتىرىلىرىگە تولۇقلىما، ماددىي مەھ-

-ۋلاتلىرى» (1936 - يىل نەشرى)

شىنجاڭنىڭ گېئولوگىيىلىك ئەھۋالى ئىشەنچلىك تەكشۈ-رۈلمىدى. تەخمىنى كۆزىتىشىمىزچە نېفىت كانلىرىدىن ئۈمىد باردەك قىلىدۇ.

ۋىلك ۋېنخاۋ: «كۆمۈر يېغى كانلىرى ھەققىدە قىسقىچە بايان» (قول يازما، 30-يىللار، يىلى ئېنىق ئەمەس)

شىنجاڭدا نېفىت كانىنىڭ ئىنتايىن موللىقى جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك زاتلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى. بۇ نېفىت كان-لىرى يولنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنىڭ ھەممىسىگە تارالغان. جە-نۇبىي يولدا يەكەننىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى شاگۋوپۇ دېگەن يەر-دە نېفىت كانى بار، بۇ يەرنىڭ نېفىتىنىڭ سۈپىتى بەك ياخشى، چەككىلىمەيمۇ چىراغ ياققىلى بولىۋېرىدۇ. كۈنىگە 70 - 80 جىڭ چىقىدۇ. قەشقەرنىڭ قىزىل بوينىڭ جەنۇبىدا چوڭ نېفىتلىك بار، ئۇزۇنلىقى ئالتە كىلومېتر، كەڭلىكى ئۈچ كىلومېتر. شەرقىي تەرەپتە كىچىك نېفىت قۇدۇقىدىن 3 - 4 يەردە بار. غەربىي تەرەپتە بىر قانچە جايدا نېفىت قۇدۇقى بار، بۇنىڭ ئىچىدە بىرى-سى چوڭ بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە تاشلىنىپ كەتتى. تازا ئۇبدان ۋاقىتلاردا كۈنىگە يۈز جىڭدىن ئوشۇق نېفىت چىقىدۇ. ئاقسۇكو-نىشەھەرناھىيىسىنىڭ شەرقىي - شىمالىي قىسمىدىكى تاناكتىن ھەر ئايدا 100 جىڭدىن ئوشۇق نېفىت ئالغىلى بولىدۇ، سۈپىتى ساپ. ناھىيىنىڭ جەنۇبىدىكى مالكەسەن تېغىدىنمۇ نېفىت چىقى-دۇ. ئۇبدان چاغلاردا كۈنىگە 100 جىڭ ئۆپچۆرىسىدە نېفىت ئالى-

خىلى بولىدۇ. كۇچار ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى قارا يۇلغۇن نېفىتلىكى كۆلىمىنىڭ چوڭلىقى، نېفىت سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى جەھەتتە يەكەنگە تەڭلىشىدۇ. مايبۇلاقتىن بەشى بار. ئوبدان چاغلاردا كۈنىگە 120 جىڭدىن كۆپرەك نېفىت چىقىدۇ. شىمالىي يولدىكى نېفىت كانلىرى ئۈرۈمچى، ماناس، شىخو، تارباغاتاي قاتارلىق جايلارغا تارالغان. ئۈرۈمچىدە داڭلىق نېفىتلىكتىن ئىككىسى بار: بىرسى، ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىگە 50 يول كېلىدىغان سۇدا چېدا، كۆمۈر يېغى بۇلاق سۈيى بىلەن بىللە يەر ئۈستىگە ئېتىلىپ چىقىپ، بۇلاقنىڭ ئەتراپىدىكى تۇپراقنى سۇس رەڭگە كىرگۈزىدۇ. بۇلاقتىن ئېتىلىپ چىققان گازغا ئوت تەگسىلا كۆيىدۇ. ھاۋا قانچە ئىسسىق بولسا ياغ شۇنچىلىك كۆپ چىقىدۇ، بۇ يەر بۇرۇن ئېچىلغان، ھازىر توختاپ كەتتى. ئۈرۈمچىنىڭ غەربىيگە 40 يول كېلىدىغان سىساكودا ھازىر ئاران ئىككى ياغ قۇدۇقى بار، كۈنىگە پەقەت ئون جىڭ ئۆپچۆرىسىدىلا چىقىدۇ. ماناستا جەمئىي تۆت رايوندا نېفىت بار: بىرى، غەربىي - جەنۇب يېزىدىكى كازىۋەندە، بۇ يەردە تۆت مايبۇلاق بار. نېفىتى قارا ھەم سەل قىزىل. ئەڭ ئوبدان چاغلاردا كۈنىگە 20 - 30 جىڭ نېغىت چىقىدۇ. بىرى، جىگنەن يېزىسىدىكى شيۇيەندە. نېفىت تاشنىڭ يېرىقلىرىدىن ئېقىپ چىقىدۇ. نېفىت يۇقىنىڭ قېلىنلىقى 2-3فۇڭ. جەمئىي يەتتە بۇلاق بار، ئوبدان چاغلاردا 40-50 جىڭ نېفىت چىقىدۇ؛ بىرى، غەربىي - جەنۇب يېزىدىكى توڭگۇپودا. نېفىت سۇ بىلەن بىللە چىقىدۇ. قېلىنلىقى بىرەر سۇڭدىن جىقراق، بۇ-

گۈنكى كۈندە توققۇز قۇدۇق بار، چوڭقۇرلىقى 3-2 چى كېلىدۇ. بىر قۇدۇقتىن نېفىت ئەڭ كۆپ، كۈنىگە 200 نەچچە جىڭ چىقىدۇ. بىرى، بۆرتۈڭگۈدا بولۇپ، يۇجاۋلوك ھۆددىگە ئېلىپ ئاچقان، كۈنىگە 70 جىڭ نېفىت چىقاتتى، ھازىر توختاپ قالدى. شىخونىڭ ھەممىلا يېرىدە نېفىت كانى بار. ئومۇمەن سۇ قۇدۇقى قازماقچى بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئاۋۋال نېفىت قاتلىمىنى قېزىپ ئۆتۈپ، ئامال قىلىپ نېفىتنىڭ چىقىشىنى توسۇشى، ئاندىن سۇ يۈزىگىچە قېزىش كېرەك. بۇنىڭدىن نېفىت قېزىشنىڭ نەقەدەر ئوڭايلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى مايتاغ ئەڭ داڭلىق، بۇ يەردە 32 مايبۇلاق بار. بۇنىڭدىن 17 سى بىكار بولۇپ كەتتى. ھازىر 15 دىن نېفىت چىقىۋاتىدۇ. نېفىت يۇقىنىڭ قېلىنلىقى 3-2 فۇت كېلىدۇ. نېفىتى خېلى سۈزۈك، رەڭگى قېنىق يېشىل ياكى ئاچ قىزىل رەڭدە، نېفىت پۇرىقى ئىنتايىن كۈچلۈك. بۇ يەردىكى نېفىتنى يەرنى 4-3 چى قازسىلا ئالغىلى بولىدۇ. تارباغاتاي نېفىتلىكى چىڭشىشادىكى كونا قارامايدا، رەڭگى قارا، قېلىن ئۇيۇشقان بولۇپ. ئاپتاپتا قېتىشىپ كەتكەن، يولغا ياتقۇزۇلسا، ئۇزاق چىدايدۇ. ھازىر 9 يەردە مايبۇلاق بار، تاغنىڭ چوققىسىدىكى ئەڭ چوڭ بولۇپ، نېفىت يوقىنىڭ قېلىنلىقى 5-4 فۇت كېلىدۇ. ئوبدان چاغلاردا كۈنىگە 200 نەچچە جىڭ نېفىت چىقىدۇ، بۇنىڭ چوڭلۇقىنى شۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يۇقىرىقىلار تەگرى تاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى نېفىتلىكلەرنىڭ جايلىشىشىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، ئەمە-

لىيەتتە مۇشۇلارلا ئەمەس. رۇسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيەچىلارنىڭ ئۇقۇشىچە 74 يەردە نېفىتلىك بار. ماناس ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 250 يولدىن كۆپرەك كېلىدىغان يەنسخەينىڭ جەنۇبىدا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 120 كىلومېتىر كېلىدىغان چوڭ نېفىت رايونى بار بولۇپ، كۆلىمى ئىنتايىن چوڭ. كۆلىمى باكودىن قېلىشمايدۇ، رۇسىيىلىكلەر بۇ نېفىتلىكنى جۇڭگونىڭ غەربىدىكى ئەڭ چوڭ نېفىت رايونلىرىدىن بىرى دېيىشىدۇ. ئۈرۈمچى نېفىت رايونىمۇ رۇسىيىلىكلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىغان، ئۇ يەردىكى نېفىتنىڭ خۇسۇسىيىتى يەنسخەي نېفىت رايونىنىڭ نېفىتى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. دۆلىتىمىز ئۇنىڭ ئاران بىر قىسمىنىلا ئاچتى.

شىنجاڭدىكى نېفىت كانلىرىنىڭ دۆلىتىمىزدىكى ئورنى: كۆمۇر يېغى - نېفىتمۇ دېيىلىدۇ. دۆلىتىمىزدە يېقىنقى دەۋرلەردە مۇھىم يېقىلغۇلارنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى كۆمۇردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، زاۋۇت، پاراخوتلاردا كۆمۇر يېغىنى يېقىلغۇ قىلىشقا بولىدۇ. ئاپتوموبىل، ئايروپىلانلارغا ئىشلىتىلىدىغان بېنزىن كۆمۇر يېغىدىن ئايرىۋېلىنىدۇ. زامانىۋىي ھەربىي پاراخوتلاردا ھەجمى كىچىك، ئېغىر بولمىغان يېقىلغۇلارغا ئېھتىياجلىق، شۇڭا ئۇنىڭدىمۇ كۆمۇر يېغى ئىشلىتىلىدۇ. قىسقىسى كۆمۇر يېغى بارغانسېرى مۇھىم بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلەت مۇداپىئە بايلىقلىرىدىن بىرى دەپ قارىلىۋاتىدۇ. بىراق دۇنيا بويىچە كۆمۇر يېغىنىڭ زاپىسى چەكلىك، سەرپ قى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىنىشى خېلى كۆپ بولغاچقا، ئۇزۇن ئۆتمەگەن كەلگۈسىدە بۇنىڭ جىددىي بولۇپ كېتىش ئېھتىمالى بار. شۇڭلاشقا دۇنيادىكى دۆلەتلەردە نېفىت كانلىرىنى تالىشىدىغان ئويۇن غۇلغۇلا قىلىنىۋاتىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ كۆمۈر يېغى كانىنىڭ دۇنيادىكى ئورنى ئەلىدىلا يۇقىرى ئەمەس، لېكىن ھەر قايسى ئەللەردىكى كۆمۈر يېغى كانلىرى ئۈزلۈكسىز ئېچىلىۋاتقاچقا. زاپىسى ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ نېفىت كانلىرى بولسا كۈنسايىن مۇھىم بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ نېفىت كانلىرى شىنجاڭنىڭ شىمالىدىن چىلىيەنشەن تېغىنى بويلاپ شەرققە قاراپ، گەنسۇنىڭ يۈيمىن، دوڭخۇاڭدىن ئۆتۈپ، گەنسۇنىڭ شەرقىي چېگرىسى، شەنشىنىڭ شىمالىي چېگرىسى ئارقىلىق غەربىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، چىلىڭدىن ئۆتۈپ سىچۈەننىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا كىرىپ، شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ يېرىمىنى چۆرىدەپ بارىدۇ. بۇلار دۆلىتىمىزدىكى ئاساسلىق نېفىتلىكلەر جايلاشقان يەرلەر. يەنە دۆلىتىمىزدىكى داچىڭلىق نېفىت كانلىرى شەنشىنىڭ يەنچاڭدىن لياۋنىڭنىڭ فۇشۈنگىچە سوزۇلىدۇ. يەنچاڭ نېفىتلىكىنىڭ كۆلىمى 2000 كۋادرات يول بولۇپ، ئامېرىكىدىكى فور شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ سەرمايە سېلىپ ئاچقان بولسىمۇ ئۈمىدلىك بولمىغان. فۇشۈن كۆمۈر كانىدا نېفىتى مول ئانا جىنىستىن 5 مىليارد 500 مىليون توننىدىن كۆپرەك ساقلانغان. ھازىر ئۇنىڭ مەھسۇلاتى جۇڭگو بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنى ياپونىيىلىكلەر ئىگىلىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ دۆلەت مۇداپىئە بايلىقى بولۇپ كەتتى. شىنجاڭ

نېفىتلىكى جۇڭگودا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. كىرامشېۋنىڭ ئېيى-تىشىچە: «رۇسىيىلىكلەر ۋە چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئوخ-شاپ كېتىدىغان دوكلاتىغا قارىغاندا، شىنجاڭدىكى نېفىت چىقىدى-غان رايوننىڭ كەڭلىكى، نېفىتنىڭ سۈپىتى جەھەتتە دۇنيا نې-فىت ساھەسىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ». شىنجاڭ نېفىتلىكىنىڭ مۇھىملىقى ئەنە شۇنداق. يېقىندىن بۇيان دۆلىتىمىزنىڭ ھاۋا قاتناش ۋە تاشيول قۇرۇلۇشى كۈنسايىن راۋاجلىنىۋاتىدۇ. كې-رەكلىك بولىدىغان بېنزىن كۈنسايىن كۆپىيىۋاتىدۇ. كۆمۈر يېغى كانلىرىنىڭ مۇھىملىقى تەبىئىي ھالدا كۈندىن - كۈنگە بىلىنى-ۋاتىدۇ. شىنجاڭدىكى كۆمۈر يېغى كانلىرى بىزنىڭ ئەڭ ئاۋۋال دىققەت قىلىشىمىزغا تېگىشلىك.

جياڭ جۇنجاڭ: «شىنجاڭ ئىگىلىكى» (جېڭجۇڭ كىتابخانى-سى، 1936 - يىل)

دۆلىتىمىزدە شەنشى، سىچۈەن، غەربىي شىمالدىن چىقىدى-غان نېفىتتىن باشقا، نېفىتنىڭ ئۆلكىمىزدىكى زاپىسىمۇ ناھايىتى زور، رۇسىيىلىك MajorDocKray مايور دوسكرايىنىڭ ئېيتىشىچە ئۆلكىمىزدىكى نېفىت رۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى داڭلىق نېفىت كانى بولغان باكو نېفىت كانى بىلەن تومۇرداش ئىكەن. 1919 - يىلى رۇسىيىدىكى Tomsk داشۆسىدە تەكشۈر-گەندە نەتىجىسى راست بولۇپ چىققان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتياغ تەركىبى باكو نېفىتىدىن ئەۋزەل بولۇپ، ئېغىر ماي تېپىمغا كىر-گەن. 1906 - يىلى رۇسىيە تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۆلكىمىزنىڭ 74

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېرىدىن نېفىتلىك تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدە يەنىمەخەي (ماناس بىلەن شىخونىڭ ئارلىقىدا) نىڭ جەنۇبىغا 20 كىلومېتىر كېلىدىغان نېفىت چىقىدىغان رايوننىڭ ئۇزۇنلىقى 120 كىلومېتىر كەلگەن.

نېفىت چىقىدىغان جاي ھەممىلا يەردە بولۇپ، كۆپىنچىسى تارىم دەرياسىنىڭ شىمالىدا. غەربىي تەرىپى تۈركىستاننىڭ **Fergbahg** ئۆلكىسىدىكى نېفىتلىك بىلەن تۇتىشىپ كېتىدۇ. دۆلىتىمىزدىكىلەر ئۈرۈمچى، ماناس، ساۋەن، شىخو، تارباغاتاي، قەشقەر، يەركەن، ئاقسۇ كونا شەھەر، كۇچار ...دا قېزىۋاتىدۇ. يىللىق مەھسۇلاتى 90 مىڭ جىڭچە كېلىدۇ.

سانجى

جىڭنەن يېزىسى— جىنگۇخېدىكى كازىۋەندە. ئۈرۈمچىگە 512 يول كېلىدۇ. تۆت يەردە ماي بولاق بار. تازا ئوبدان چاغلاردا كۈنىگە 20 نەچچە جىڭ نېفىت ئالغىلى بولىدۇ.

2. جىڭنەن يېزىسى— خۇڭگۇدىكى شىۋيەن ئۆلكە شەھىرىگە 630 يول كېلىدۇ. جەمئىيىيەتتە بۇلاق بار، ئوبدان چاغلاردا كۈنىگە 40 نەچچە جىڭ نېفىت ئالغىلى بولىدۇ.

3. جىڭنەن يېزىسى— شيەنشۈيخېدىكى تۇڭگۇتەيدە، ئۈرۈمچىگە 700 يول كېلىدۇ. نېفىت قۇدۇقىدىن توققۇزى بار. تازا ئوبدانلىرىدىن كۈنىگە 200 جىڭدىن كۆپرەك نېفىت چىقىدۇ. ئادەتتىكىلىرىدىن كۈنىگە بىر نەچچە ئون جىڭ چىقىدۇ.

ساۋەننىڭ شەرقىگە 70 يول كېلىدىغان بۆرتۇڭگونىڭ نېپىتىنىڭ سۈپىتىنى ئانالىز قىلىش نەتىجىسى تۆۋەندىكىچە:

نېفىتىنىڭ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 0.845

ئۇچۇچان ماي 1.300 ( 100 گرادۇسنىڭ تۆۋىنىدە)

كىرسىننىڭ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 0.820

كىرسىن ( 300℃-150℃ تا ) 43.2

ئېغىر ماي ( 300℃ تىن يۇقىرىدا ) 55.5

كىرسىننىڭ ئوت ئېلىش نۇقتىسى 50℃

ئۇرۇمچى

1. سىاكۇدىكى نېفىت بولىقى— شەھەرنىڭ غەربىگە 40 يول كېلىدۇ، بۇرۇن يەتتە قۇدۇق قېزىلغان، ھازىر تۆتى قالدى. كۈنىگە 10 جىڭ نېفىت ئالغىلى بولىدۇ. نېفىتى سۇزۇك بولۇپ، سۈپىتى ياخشى، بۇ يەر كۆمۈر كانىغا تۇتاش بولۇپ، ھورلاندۇ-رۇپ ئايرىش بەك ئاسان.

2. شەھەرنىڭ شىمالىدىكى ماي بۇلاق— بۇلاقتىن ئۇچى بار، نېفىت سۇ بىلەن ئارىلىشىپ چىقىدۇ. كۈنىگە 10 جىڭ ئالغىلى بولىدۇ.

شىخۇ

1. نەنسەندىكى مايتاغ— ناھىيىنىڭ شەرقى جەنۇب يېزىسىدا . نېفىت قۇدۇقىدىن 32سى بار، نېفىت ئېتىلىپ چىقىدىغىنىدىن ئاران15ى بار.بۇيەردەيالغۇز بىر تاغ چوققىسى بولۇپ، ئەتراپتى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كى ئون نەچچە يول يەردىكى سۇنىڭ يۈزىدە شور لەيلەپ تۇر-
دۇ، ئاستىدا نېفىت بار، 3 چىدەك قازسا بۇلاق سۈيى ئېتىلىپ
چىقىدۇ، نېفىت ئاستا-ئاستا كۆرۈنىدۇ. چىڭ سۇلالىسى زامانىس-
دا بۇ يەرنى قېزىپ كېڭەيتكەن ھەمدە رۇسىيىدىن ماشىنا سېتى-
ۋېلىپ 8-9 جاڭ چوڭقۇرلۇقتا قۇدۇق قازغان. نېفىتى مول چىققان.

2. شەھەرنىڭ غەربى - جەنۇبىغا 70 نەچچە يول كېلىدى-
غان جىگەنكۇ - بۇ يەردە بىر قانچە جايدا قېزىلغان نېفىت-
لىك بار.

تارباغاتاي-شەھەرنىڭ شەرقى-جەنۇبى چېگرىسىدىكى چىگ-
شىشادىكى قاراماي تېغى شەھەرگە 680 يول كېلىدۇ. نېفىت قۇ-
دۇقلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە توققۇزى قالدى.
تاغ چوققىسىدىكى بۇلاق ئەڭ چوڭ بولۇپ، ئوبدان چاغلاردا كۈ-
نىگە 70 نەچچە جىڭ نېفىت چىقىدۇ، ئومۇمى مەھسۇلات كۈنىگە
200 نەچچە جىڭ، نېفىتنىڭ پۇرىقى بىر يول يىراقلىقتىنلا پۇ-
راپ تۇرىدۇ، يەرلىك ئادەملەر كۆپىنچە ھارۋا چاقىنى مايلاش،
قوينىڭ قوتۇر كېسىلىنى داۋالاشتا ئىشلىتىدۇ.

كۇچار - شەھەرنىڭ شىمالىغا 100 يول كېلىدىغان قارايۇل-
غۇن خانتەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ئېتىكىدە. بىر يەردە ماي بۇ-
لاق بار، كۈنىگە 130 جىڭدىن كۆپرەك نېفىت چىقىدۇ. ئەتراپتىكى
تاغ جىلغىلىرىدىن تەبىئىي موم خېلى مول چىقىدۇ، بۇ نېفىتنىڭ
ناھايىتى جىقلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ساۋەن ــ ناھىيىنىڭ غەربى شىمالىغا 70 يول كېلىدىغان بۆز-تۇڭگودا بىر قانچە جايدا ماي بۇلاق بار. كۈنلۈك مەھسۇلات 70 نەچچە جىڭ.

ئاقسۇ كونا شەھەر ــ ئىككى جايدا ماي بۇلاق بار.

1. ناھىيىنىڭ جەنۇبىدىكى مالىكسەن تېغىدىن كۈنىگە يۈز جىڭ چىقىدۇ.

2. ناھىيىنىڭ شىمالىدىكى تاغدىن كۈنىگە يۈز جىڭ چىقىدۇ.

يەكەن - شەھەرنىڭ غەربى جەنۇبىغا يۈز يـولدىن ئارتۇق كېلىدىغان شاڭۇۋيۇدا ماي بۇلاق ناھايىتى جـىق. يەرلىكلەر سۇ يۈزىدىن سۈزۈۋېلىپ كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 70 نەچچە جىڭ نېفىت ئالىدۇ.

كونا شەھەر ــ شەھەرنىڭ غەربىدە نېفىتلىك ئىنتايىن كۆپ، بۇرۇن رۇسـىيىلىكلەر بىلەن بىرلىشىپ ئاچماقچى بولـغان بولـسىمۇ، قالايمىقانچىلىق سەۋەبىدىن توختاپ قالغان.

ۋاڭ شىگمىن: «شىنجاڭ سانائىتى ۋە كان مەھسۇلاتلىرى» («يېڭى ئاسىيا» 10-توم 6-سان. جوڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 5- قىسىم 1960 - يىل 7 - ئاي مايلىق باسمىسىدىن)

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن نېفىت ئىشلەپچىقىرىلىدىغان را-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يونلاردىن يەنچاڭدا دەسلەپكى كۆلەم شەكىللەنگەندىن تاشقىرى، باشقا نېفىت ئىشلەپچىقىرىلىدىغان جايلار رەسمىي ئېچىلمىدى...... گەنسۇ، شىنجاڭدا يەرلىك ئۇسۇل بىلەن ئېلىنىۋاتىدۇ، مەھسۇلاتى بەك ئاز.

يالڭداچۇەن: «ھازىرقى زامان جوڭگوسانائىتى تەزكىرىسى» (سودا مەتبەئە سارىيى، 1932-يىل)

مەمتىمىن تۇمۇر تەرجىمىسى.

## دولىتىمىزنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى تۈرلۈك مايلىرىنىڭ مەھسۇلاتى جەدۋىلى تۆۋەندىكىچە



| ئىشلەپچىقىرىلغان ئورۇن | مىڭگونىڭ 15-يىلى | 16-يىلى | 17-يىلى | 18-يىلى | 19-يىلى | 20-يىلى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| شەنشى يەنچاڭ | 650 تۇڭ | 540 | 385 | 1126 | 1049 | 552 |
| گەنسۇ | 100 | 100 | 100 | 140 | 140 | 100 |
| سىچۇەن | 150 | 150 | 150 | 155 | 177 | 144 |
| شىنجاڭ | 300 | 300 | 300 | 300 | 300 | 300 |
| ............ | | | | | | |
| ............ | | | | | | |
| جەمئىي تەبىئىي ماي | 1201 | 1000 | 935 | 1722 | 1711 | 1136 |
| جەمئىي مەيدىلەنگەن ماي | 12200 | 18862 | 22698 | 27309 | 262426 | 459406 |
| جەمئىي | 13401 | 19862 | 23633 | 29031 | 364137 | 459632 |

# ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدى-كەينىدە مايتاغ نېفىت كېنىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابلىشىشى

ۋاڭ ليەنفاڭ

ئىزاھات: ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدى-كەينىدە شىنجاڭ نېفىت سانائىتى بىر مەزگىل تەرەققىي قىلىشتىن خارابلىشىشقا قاراپ ماڭغان. بۇ مەزگىلگە ئالاقىدار تارىخى ماتېرىياللاردىن ئاشكارا نەشىر قىلىنغان نەرسىلەردە كۆرگىلى بولىدىغانلىرى بىر قەدەر ئاز، كۆپ قىسىم ماتېرىياللار ماشىنكىدا ئۇرۇلۇپ ياكى قولدا يېزىلىپ ماي باسمىدا بېسىلغان ماتېرىياللار شۇنىڭدەك ئاز مىقداردىكى قول يازمىلاردىن ئېلىندى. بۇ ماتېرىياللار جەمئىي يەتتە تېمىغا ئايرىلىدى.

1. مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە نېفىت كانى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشى؛ 2. مايتاغ نېفىت كانىنىڭ 1942-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى؛ 3. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ۋە ئىلغار زاتلارنىڭ مايتاغ نېفىت كانىغا كۆڭۈل بۆلۈشى؛ 4. شىڭشىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلىشىپ كەتكەندىن كېيىن مايتاغ نېفىت كانىنىڭ خارابلىشىشى؛ 5. شىخو نېفىت كانىغا تەييارلىق كۆرۈش ئورنى قۇرۇلۇشنىڭ ئالدى-كەينىدە؛ 6. مايتاغ نېفىت

كانىدىكى ئىشچىلارنىڭ قامرات تۈزەۋۈش ۋە ئىش تاشلاش كۈرەشلىرى؛ 7. مۇھىم نېفىت ئالامەتلىرى بولغان باشقا رايونلارنىڭ ئېچىلىش ئەھۋالى. بەزى ماتېرىياللاردا يېزىق خاتالىقى، چۈشۈپ قالغان خەتلەر ياكى مەنىسى ئېنىق بولمىغان جايلىرى بولسىمۇ ئەسلى تېكىستى ئەينەن كۆچۈرۈلدى، بەزىلىرىگە «ئىبلاۋە» شەكلى بىلەن ئىزاھات بېرىلدى. ئالاقىدار بولغان بەزى ماتېرىياللار «ئىبلاۋە» شەكلىدە تونۇشتۇرۇلدى. مايتاغ نېفىت كانىنىڭ 1945- يىلى 9- ئايدىن كېيىنكى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ۋاقىتىنچە كەم قالدى.

مەزكۇر ماتېرىيال «شىنجاڭ نېفىت تارىخىي ماتېرىياللىرىدىن قىسقىچە توپلام» (قەدىمكى، يېقىنقى زامان قىسمى) نىڭ ئۈچىنچى قىسمى.

## 1. مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە نېفىت كانى ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشى

نېفىت، كانى – شىخو ناھىيىسىگە قارايدىغان يەنسىخەي، مايتاغدىن نېفىت ئەڭ مول چىقىدۇ...... بۇرۇن مايىنى ئۆلكە شەھىرىگە توشۇپ كېلىپ ئايرىغان، بۇلتۇر پار قازىنىنى يەنسىخەيگە يۆتكەپ، مايىنى ئۆز جايىدا ئايرىيدىغان بولدى. مايىنىڭ يۈز جىڭىدىن 40 جىڭ چىراغ يېغى، ئاراماي (يەنى قاراماي) دىن 30 نەچچە جىڭ ئايرىغىلى بولىدۇ. چىراغ يېغىنىڭ رەڭگى ئاق بولۇپ، ئىسى يوق، ئەڭ ئوبدان يېقىلغۇ. قاراماي بىلەن ماشىنا، ھارۋىلارنى مايلىغىلى بولىدۇ، ناھايىتى كەڭ ئىشلىتىلىدۇ. شىخو ناھىيىسىگە قارايدىغان يولەنشىنگۇڭ، ساۋەن ناھىيىسىگە قارايدىغان شاۋگەي ۋە كۇچار قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسىدىن نېفىت چىقىدۇ. ھازىر شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ دېھقانچىلىق كانچىلىق

نازارىتى پىلان تۈزۈپ، ماشىنا-ئۈسكۈنىلەر سېتىۋېلىپ، بۇ يەر-لەرنى كەڭ كۆلەمدە ئاچماقچى.

شۆكمىڭ ۋۇ: «شىنجاڭ تەسىراتلىرى» (شەنخەن شىجىن گېزىتخانىسى. 1934-يىل)

شىخونىڭ مايتاغ، چىڭسىخوزا، يەكەننىڭ شاخۇۋ، كۇچار-نىڭ قارا يۇلغۇن، چۆچەكنىڭ چىڭشىشا، سانجىنىڭ جىنگۇخې، ساۋەننىڭ بورتۇڭگۇ دېگەن ئوخشاش يەرلەردىن نېفىت چىقىدۇ، شىخونىڭ چىڭسىخوزا، مايتاغدىن چىقىدىغىنىنىڭ سۈپىتى ئەڭ ياخ-شى، ھەر يۈز جىڭ خام نېفىتتىن 30 جىڭ چىراغ مېيى،30جىڭ قارا ماي ئايرىۋالغىلى بولىدۇ. نېفىت ئايرىش زاۋۇتى يېڭىدىن يېڭى قۇرۇلغان، ھازىر يېڭى شەكىلدىكى ماشىنىلارنى سېتىۋېلىپ كەڭ كۆلەمدە قازماقچى. ساۋەندىن چىقىدىغان نېفىت بىر قەدەر ئېغىر بولۇپ، يېقىلغۇ قىلغاندىن باشقىغا يارىمايدۇ.

شۆكمىڭ ۋۇ: «شىنجاڭ تەسىراتلىرى» (شەنخەن شىجىن گېزىت-خانىسى1934-يىل)

شەھىرىمىز خەۋىرى: يەنسخەي نېفىت ئايرىش زاۋۇتى23-يىلى (ئىلاۋە: 1934-يىلى) ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، 24-يىلى كۈزدە ئۆزگەرتىلگەن. ئەسلىدىكى كېڭەيتىش پىلانى بويىچە 4-يىلى قىش-تا گېئولوگلارنى تەكلىپ قىلىپ، نەق مەيداندا ئىككى ئايدىن ئوشۇقراق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، قۇدۇق قېزىش ئىشىغا تەييارلىق كۆرۈلدى. قۇدۇق قېزىش ئىشى چوڭ بولغاچقا ھۆكۈمەت مەخسۇس زاۋۇت قۇرۇشنى ھەمدە مۇتەخەسسىسلەرنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىنژېنېرلىققا تەكلىپ قىلىپ، ھەر جەھەتتىكى ئىشلارنى تېز پۈت-
تۈرمەكچى بولغانلىقىنى كېزىتىمىز. خەۋەر قىلغانىدى. ئۇقۇشى-
مىزچە مەزكۇر زاۋۇت قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ يىل 8-ئاينىڭ ئا-
خىرلىرى ئىشنى باشلاپ، ئاۋۋال كىچىكرەك بولغان، 18 ئات كۈ-
چىگە ئىگە بولغان چېرنوبلاگىلىس تىپلىق ماي ماشىنىسىدىن بىر-
نى، ئاسوستىن بىرنى، UB تىپلىق بۇرغىلاش ستانوكىدىن بىر-
نى ئورنىتىپ، بۇرغىلاش ستانوكىنى تىكلىگەن، تاغ يولىنى ئې-
چىپ ھەممە ئىشلارنى ئاساسەن پۈتتۈرگەن. 9-ئاينىڭ ئوتتۇر-
لىرى قۇدۇق قېزىشنى باشلاپ، ھازىرغىچە 100 مېتىر قازغان،
مايلىق قۇملار كۆرۈنگەن، دولتا زىيادە كىچىك بولغاچقا، چوڭ-
قۇرلاپ قېزىش تەس بولغان. ھازىر چوڭراق دولىتا ئالماشتۇ-
رۇپ ئىشنى قايتىدىن باشلىماقچى ھەمدە چوڭراق ماشىنىلارنى
ئورنىتىپ، باشقا كۆز ئاچماقچى. تەكشۈرۈشىمىزچە بۇ زاۋۇتنىڭ
ئەسلى ئىككى ئۆيى بولۇپ، ئىشچىلار پەيدىنپەي كۆپەيگەنلىكتىن
يېتىشمەي قالغان، شۇنىڭ بىلەن ئادەم ياللاپ ياغاچ، كې-
سەك، ئوت-چۆپ، ئۈزۈق-تۈلۈك تەييارلاشقا ئالدىراش كىرىشىپ
كېتىپتۇ، ئىشچىلارغا كەلسەك، جەمئىي 90 نەچچىسى بولۇپ، مەز-
كۇر ئۆلكىدىكى 14 مىللەتتىن بولغانلار يېرىمىدىن ئېشىپتۇ، بۇنىڭ
ئىچىدە شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىن ئېلىنغانلار بار ئىكەن؛ ئۆلكە شە-
ھىرىدىن كەلگەنلەرمۇ بار ئىكەن، ئۇلار بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ،
تىرىشىپ ئىشلەۋېتىپتۇ، زاۋۇت دائىرىلىرىدىن ئۇقۇشىمىزچە ئۇلار
ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى ئىجرا قىلىپ، خىزمەتلەرگە نازارەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىپ، ئۈچ يىللىق پىلاننى ئورۇنلاشتا ئاۋانگارت بولماقچىمەن. بۇ ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ يۈزدە يۈز غەلىبە قىلغانلىقىنى تېخىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«شىنجاڭ گېزىتى» 1936- يىل 2- ئاينىڭ 27- كۈنىدىكى سانىنىڭ 4- بېتىدىن.

شەھىرىمىز خەۋىرى: يەنسەخەي نېفىت كانىدىكى زاۋۇتتا مايتاغ، چىڭسىخوزا، يەنشىنگۈڭ قاتارلىقلارنىڭ مېيىنى چەككەلەپ ئايرىش ئۈچۈن، يەنسەخەيدە زاۋۇت قۇرۇلغان ئىدى، ئورنى ئانچە مۇۋاپىق بولماي قالدى، مايتاغدىكى بۇرغىلاپ چارلاش خىزمىتى باشلىنىپ كەتتى، چىڭسىخوزا، يەنشىنگۈڭ قاتارلىق جايلاردىكى نېفىتلىكنى ئېچىش توختىتىلدى؛ يەنسەخەي مايتاغقا 130 لىچچە يول كېلىدۇ. زاۋۇت ئىشلىرى ئۈچۈن كۆپ قولايسىز بولغاچقا ھۆكۈمەت نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنى مايتاغقا يۆتكەپ، نېفىت تەكشۈرۈش زاۋۇتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، خىزمەتكە ئوڭايلىق يارىتىشنى قارار قىلدى. بۇ زاۋۇت 10- ئاينىڭ 17- كۈنىدىن باشلاپ كۆچۈرۈلۈشكە باشلىغان، ھازىر نېفىت ئايرىش قازىنى، سۇ تۇرۇبىسى ۋە باشقا ماشىنىلار كۆچۈرۈلۈپ بولدى، قالغان ئۆي جاھازىلىرى، ئوتۇن-ياغاچقا ئوخشاش نەرسىلەر داۋاملىق كۆچۈرۈلىۋاتىدۇ. نېفىت ئايرىش ئىشىغا كىرىشىش ئۈچۈن مايتاغدا زاۋۇت قۇرۇلۇپ، سۇ قۇدۇقلىرى قېزىلدى. شۇنىڭ بىلەن مايتاغدىكى نېفىت زاۋۇتىدا قۇدۇق قېزىپ نېفىت تەكشۈرگەندىن باشقا، نېفىت ئايرىش خىز-

مىتى قوشۇلۇپ كەسپىي دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى.

«شىنجاڭ گېزىتى» 1936-يىل 11-ئاينىڭ

6-كۈنىدىكى سانىدىن

شىخو مايتاغ خەۋىرى. مايتاغ نېفىت زاۋۇتىدا ئىش
باشلانغاندىن كېيىن، ئىشلار ئاكتىپ ئىشلەنمەكتە. ھازىر 120
دىن ئارتۇق ئىشچى، ئون نەچچە خىزمەتچى بولۇپ جەمئىي
130 دىن ئوشۇق خادىم بار. ئادەم ئايىقى ناھايىتى ئاز تېگىدىن-
ھان بۇلداق قاقاس تاغقا 200 دىن ئوشۇق ئادەم يىغىلىشى بى-
لەن كەيپىيات باشقىچە قىزغىن بولۇپ كەتتى. بۇرغىلاپ-چار-
لاش خىزمىتى ئىشلەۋاتقان 1-قۇدۇقنىڭ ئىشى قايتا ئىشلەن-
دى. كالون چۈشۈرۈلدى، پەسكە چوڭقۇرلىتىپ قېزىلىۋاتىدۇ،
نېفىت سۈپىتى، ئالامەتلەر خېلى ياخشى. ھازىر ئوخشاش بىر
چوققىدا بىرىنچى قۇدۇقنىڭ غەربىدە 2-قۇدۇق كۆزى قېزىل-
ۋاتىدۇ، بۇنىڭغا چوڭراق بۇرغىلاش ستانوكى ئورنىتىلىپ، گېئو-
لوگىيىلىك ئەھۋاللارنى تەكشۈرگەندە ئەھۋال 1-قۇدۇقتىن
ياخشىراق بولدى. شۇڭا يەنسخەيدىكى ئايرىش قازىنى بىلەن
سۇ تۇرۇبىسىنى يۆتكەپ ئېپكېلىپ قايتا ئورۇنلاشتۇرۇپ، زاۋۇت
قۇرۇپ، نېفىت چىققان ھامانلا ئايرىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلانماق-
چى، ھەمدە نېفىت ئايرىش بىناسىنىڭ يېنىغا قۇدۇق قازماقچى،
چۈنكى نېفىت ئايرىشتا كېتىدىغان سۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ،
تاغدا بۇرۇندىن سۇ قىس، ھازىر ئىچىدىغان سۇمۇ ئۆستەڭدىن
ئېلىنىدىغان بولغاچقا ئىش ناھايىتى تەسكە چۈشىدىغانىدەك

قىلىدۇ. ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشىغا كەلسەك، ئىشخانا بىلەن ئىشچىلارنىڭ ياتىقىنىڭ قۇرۇلۇشى چوڭراق بولغاچقا ئىش كۆتۈرە بېرىپ قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغاندىن باشقا ئاشخانا، ماتېرىيال ئىسكىلاتى، ياغاچچىخانا، تۆمۈرچىخانا، ماي ئىسكىلاتى، ئاپتوموبىل لاپاسى، ئات قوروسى، مۇنچا قاتارلىقلار ماتېرىيال تېجەش ئۈچۈن تاغقا يۆلەپلا سېلىنغان. مۇنداق ئۆي - ئىمارەت جەمئىي 40 تىن ئاشىدۇ. ھازىر بۇ ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ تەگدىن تولىسى پۈتتى، ئەگەر ھاۋادا چوڭ ئۆزگىرىش بولمىسا، بەرەر ئايدا تولۇق پۈتۈپ بولىدۇ. ئادەم كۆپ بولغانلىقتىن تەنسالامەتلىكنى تەكشۈرۈش، كېسەللەرنى داۋالاپ، ئىشچىلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسراش ھەمدە شىخودىن كېسەل داۋالاتقىلى كەلگەنلەرنى داۋالاش ئۈچۈن بىر دوختۇرخانا قۇرۇلغان. ئېلېكتر چىراغ ئورنىتىش ئۈچۈن، ماي قالاپ توك چىقىرىدىغان گېنېراتوردىن بىرسى ئورنىتىلغان. ئولتۇراق ئۆيلەر پۈتمىگەنلىكى ئۈچۈن خادىملار ھەممىسى چېدىردا يېتىپ قوپىدۇ، بۇنداق چېدىردىن 20 نەچچىسى بار، توك يورۇقى ئاق رەختكە چۈشۈپ يېراقتىن قارىغاندا ئاجايىپ كۆرۈنىدۇ. بۇ زاۋۇتنىڭ ئۆزىنىڭ 6 - 7 ئاپتوموبىلى بولۇپ، يېتىشمىگەنچىكە ترانسپورت باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن بىر مۇنچە ئاپتوموبىل ئىجارە ئالغان، ئاپتوموبىللارنىڭ پائالىيىتى ئون نەچچە قېتىمدىن كەم بولمايدۇ، ئۇلار بېرىش - كېلىشىدە سۇ ۋە بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى توشۇيدۇ. مۇشتەرىلەرنى قاندۇرۇش ئۈچۈن مەزكۇر زاۋۇتنىڭ يېقىنقى

خىزمەت ئەھۋالىنى خەۋەرلەرگە قاراپ كېزىتكە چىقىرىمىز.

« شىنجاڭ گېزىتى» 1936 - يىل 11 - ئاينىڭ 24-

كۈنىدىكى سانىنىڭ ئىككىنچى بېتىدىن

ئۈلكە مەھكىمىسى خەۋىرى: شىخو ناھىيىسىگە قاراشلىق مايتاغنىڭ نېفىتىنى تەكشۈرگۈچى زاۋۇت باشلىقى بيەن شيەچىڭ-نىڭ تېلېگرام خەۋىرىگە قارىغاندا، مەزكۇر زاۋۇت يېقىندىن قاز-غان بىرىنچى نېفىت قۇدۇقىدا كېچە - كۈندۈزلەپ جىددىي تو-تۇش قىلىش ئارقىلىق 14 - كۈنى كېچىدە نېفىت چىققان، نېفىت قۇدۇق ئاغزىدىن لەچچە چىسى ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلۈپ ئېتىلىپ چىققان. مەزكۇر زاۋۇتنىڭ مېخانىكىنى ئۈلكىگە كېلىپ ھەممىنى دوكلات قىلدى، ئۇ قايتىپ بارغاندىن كېيىن بۇنداق قۇدۇقلارنى كۆپلەپ قازماقچى.

« شىنجاڭ گېزىتى » 1937 - يىلى 2 - ئاينىڭ 10-

كۈنىدىكى سانىنىڭ 1 - بېتىدىن

ئەسلىدە يەنسەنخەيگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان نېفىت ئايرىش زاۋۇتى ئۈلكە شەھىرىدىكى ھۆلەر - سەنئەت زاۋۇتىنىڭ ئىچىدە ئىدى. لېكىن نېفىت چىقىدىغان رايون چىڭسىخوزا، يۈەنشىڭگۇڭ، مايتاغ قاتارلىق جايلار بولۇپ ئارىلىقى يىراق، پۇل چىقىم كېتىپ، ۋاقىت زايا بولۇپ كەتكەچكە توختاپ قالغان. 23 - يىلى 7 - ئاي-دا قايتا ئېچىپ، نېفىت ئايرىش زاۋۇتى يەنسەنخەيگە ئورۇنلاش-تۇرۇلدى، نېفىت چىقىدىغان مايتاغنى مەركىزى رايون قىلدى. 24 - يىلى 8 - ئايدا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلله مايتاغنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىشلەندى. 25 - يىلى 8 - ئايدا مايتاغ نېفىت زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، خىزمەتكە قولايلىق يارىتىش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى نۇسخەي مايتاغ نېفىت زاۋۇتىغا قاراشلىق قىلىندى.

مايتاغ نېفىت زاۋۇتى 25 - يىلى 8 - ئايدا قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇرغىلاپ چارلاش ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىپ تاغنىڭ ئاستى - ئۈستىدە بىر قانچە قۇدۇق قېزىۋىدى. نېفىت ناھايىتى ئوبدان چىقىپ، مەھسۇلاتى تەدرىجى ئاشتى. نېفىت ئايرىش جەھەتتە، كىچىك كۆلەمدىكى نېفىت ئايرىيدىغان بىنادىن بىرنى سېلىپ، ئىچىگە نېفىت ئايرىيدىغان تۆت قازان ئورنىتىپ ئاپتوموبىلغا ۋە چىراغ يېقىشقا بولىدىغان مايلاردىن كۆپلەپ ئايرىپ چىقتى. 31 - يىلى كۈزدە ئىقتىساد مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ۋېڭ ۋىنخاۋ كانغا كېلىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىنلا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىپ باشقۇرۇشتىن مەركەز ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى. 31 - يىلى قىشتا پېقىر بۇ يەرنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىپ، بۇ يەرلىك ئىستىقبالى چەكسىز ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

چېن جى دىڭ «شىنجاڭغا نەزەر» (جيەنجۇڭ نەشرىياتى، 1943 - يىلى)

كانچىلىق جەھەتتە. مايتاغ نېفىت زاۋۇتى 1936 - يىلى 8 - ئايدا قۇرۇلغان، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مۇتەخەسسىس تەكلىپ

قىلىپ ئەكىلىپ بەش قۇدۇق قازغان، نېفىت ئايرىش قازىنىدىن كۆتىنى ئورۇنلاشتۇرغان، نېفىتنى دەسلەپتە قازغاندا مەھسۇلاتى يۇقىرى بولمىسىمۇ، كۆلەم شەكىللەنگەن.

جۇدۇڭجياۋ: «شىنجاڭنىڭ ئون يىلى»

ئىبلاۋە: جۇدۇڭجياۋنىڭ ئەسلى ئىسمى جۇچۇنخۇي بولۇپ، شىڭشىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە شىنجاڭغا كېلىپ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ تەھرىرى، ئالتاي گېزىتخانىسىنىڭ باشلىقى بولغان، كېيىن شىڭشىسەي تەرىپىدىن قاماپ قويۇلغان، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك جىڭۋۇچۇ (مۇھاپىزەت ئىشلىرى باشقارمىسى)دا ئىشلىگەن. «شىنجاڭنىڭ ئون يىلى» 1947-1948- يىللىرى يېزىلغان.

شىنجاڭنىڭ بارلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا، ئالايلۇق، مايتاغ نېفىت كانى، ئالتاي ئالتۇن كانى، پۈتۈن ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق، سۇ ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە سوۋېتلىق مۇتەخەسسىسلەر ۋە مەسلىھەتچىلەر تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىلدى.

جۇدۇڭجياۋ: «شىنجاڭنىڭ ئون يىلى»

مايتاغ نېفىت كانىدا سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ماشىنا بىلەن قۇدۇق قېزىش ۋە نېفىت چەككىلەش ئىشلىرى ئىشلەندى. بۇنىڭغا كېرەكلىك ماشىنا، ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى سوۋېت تەرەپ تەمىنلىدى. نېفىت كانىنى ئۆزلەشتۈرۈش پۈتۈنلەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىشقا ئاشتى دېيىشكە بولىدۇ.

جۇدۇڭجياۋ «شىنجاڭنىڭ ئون يىلى»

ئىلاۋە: مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى قۇرۇلۇشتىن ئاۋۋال ئىسمى كۆپ قېتىم ئۆزگەرگەن. ئالاقىدار ماتېرىياللارغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىلدى:

يەنسەخەي نېفىت ئايرىش زاۋۇتى، 1934- يىلى ئېچىلغان، (ئۈسكۈنىلىرى ئۈرۈمچىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن) 1936- يىلى 10- ئايدا مايتاغ نېفىت تەكشۈرۈش زاۋۇتى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن.

مايتاغ نېفىت تەكشۈرۈش كۇرۇھى 1936- يىلى 4- ئايدا قۇرۇلغان.

مايتاغ نېفىت تەكشۈرۈش زاۋۇتى، 1936- يىلى 8- ئايدا نامى ئۆزگەرتىلگەن، مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى 1937- يىلى ئىسمى ئۆزگەرتىلگەن. بۇلارنىڭ ئالدى-كەينىدە يەنە نېفىت زاۋۇتى، كان زاۋۇتى، نېفىت كانى ۋاھاكازا دەپمۇ ئاتالغان.

نېفىت بىلەن نامى چىققان مايتاغدا بىر قانچە جايدا مايبۇلاق بار، بۇ مايبۇلاقلار تاغنىڭ شىمالىدىكى جىلغىدا (ھازىر شىڭگۇ دېيىلىدۇ) بولۇپ، چىقىدىغان مايىنىڭ ئاز قىسمى قارامتۇل قوڭۇر رەڭدە بولغاندىن باشقا، يەنە بۇلاق سۈيى ۋە كۆمۈر گازى بار، سۇ توپلىنىپ كۆلچەك بولۇپ قالغان، كۆمۈر گازى كۆلچەكتىن كۆتۈرۈلىدۇ، گاز پۇۋەكچىلىرى مەرۋايىتتەك ئۈزۈلمەي كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. مىنگونىڭ 24 - يىلى (ئىلاۋە: 1935- يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مايتاغ نېفىت كانىنى ئېچىشنى، مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى قۇرۇشنى، سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنى قۇدۇق قېزىش ۋە نېفىت ئايرىش ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلىشنى پىلانلىغان؛ 30- يىلى (ئىلاۋە: 1941- يىلى)دىن باشلاپ نېفىت كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىلىپ، مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى بىراقلا شىنجاڭ ئۆلكىسىدە-

نىكى يېڭى سانائەت بولۇپ بارلىققا كەلگەن.

خۇاڭ جىچىڭ: «شىنجاڭ شىخو ناھىيىسىنىڭ مايتاغدىكى نېفىت ۋە كۆمۈر گازى ياتمىلىرى ھەققىدە چۈشەنچە» (1943- يىلى 1- ئاينىڭ 12- كۈنى مايلىق باسمىسى)

ئەگرىتاغدىن 200 كىلومېتىر دەك كېلىدىغان جايدا 100 مېتىردىن ئارتۇق ئېگىزلىكتىكى تاغ تىزمىسى چۆل جەزىرىدە چوقچىيىپ چىقىپ تۇرىدۇ، بۇ يەرنىڭ ئىسمى مايتاغ، يەنە تاقىرتاغ دەپمۇ ئاتالغان. ئەگرىتاغنىڭ ئىككى، ئۈچ مىڭ مېتىر كېلىدىغان جايلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قارىغايلىق بولسىمۇ بۇ يەردىكى تاغدا گىياھ ئۈنمەيدىغانلىقتىن تاقىرتاغ دەپ نام ئالغان. بۇرۇن بۇ يەردىكى پۇقرالار تاغنىڭ ئېتىكىدىن ماي چىقىدىغانلىقىنى بايقاپ، بۇ مايني ئاپىرىپ چىراغ ياققان. باشقا يېزىلىقلار ماي چىقىدىغان يەركە ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈۋەتكەن. يەنە شىخو، يەنسىخەي ئارىلىقىدىكى ساۋەن ناھىيىسىدىن يەر مومى بايقالغان، بۇنداق موم ماي ئۇچۇپ كەتكەندىن كېيىن قېپقالغان قالدۇق مايدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، ياۋروپالىق ساياھەتچىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. ھازىر بۇ تاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە ئۈچ، بەش جايدا ماي كۆرۈنمىسى بار. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ پەرمەتدارىسىنىڭ بۇ يەرنى ئېچىش نىيىتى بولغان بولسىمۇ ئاچمىغان. مىنگونىڭ 24- يىلى(ئىلاۋە: 1935-يىلى)-سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىككى مۇتەخەسسىسى شىڭ دوبەن(شىڭ شىسەينى دېمەك

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

چى-ت)نىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىپ، بۇرغىلاپ چارلاش ئېلىپ بار-غان، كۆلىمى ناھايىتى كىچىك بولغان. شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مالىيىسىدە قىيىنچىلىق بولغانلىقتىن سەرمايە سېلىشقا تەۋەككۈل-چىلىق قىلالمىغان. توشۇپ كېلىنگەن ماشىنا-زاپچاس، پولات تۇ-رۇبا، نېفىت ئايرىش زاۋۇتى قۇرۇدىغان ئۈسكۈنىلەرنىڭ (28-يىلى پۈتكەن) ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئىش ھەق-قىنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ چىقىم قىلىپ تۇرغان. شىنجاڭ ئۆلكىسىدىن ئەۋەتىلگەن بىرلا زاۋۇت باشلىقى مەمۇرى ئىشلار خىزمەتچىلىرىدىن بىر قانچە ئونىنى باشلاپ بېرىپ، خوجىلىق ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن. شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىن تەمىنلىنىدىغان ماددى ئەشيالارنىڭ پۇلىنى شىنجاڭ ئۆلكىسى تۆلىگەن. بۇ شۇ-نىڭ بىلەن ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن، 31- يىلى ئەتىيازدا ماي خېلى ئوبدان چىقىپ، تەشكىل كېڭەيگەن بولسىمۇ چارىلار بۇرۇنقى پېتى بولىۋەرگەن.

گوللاشۇۋسۇي، «شىنجاڭ ئۆلكىسى مايتاغ نېفىت كانىنى كۆزدىن كۆچۈرۈشتىن دوكلات» (1942- يىلى 7- ئاي. مايلىق باسما)

ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسول بىرەر ئىككى ئايدا مەزكۇر كانغا كېلىپ بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ كېتەتتى، كۈندە-لىك ئىشلاردىن باش ئىنژېنېر ھەل قىلالماي قالغانلىرىنى تېلې-گرام ئارقىلىق باش كونسولدىن بوليورۇق سورايدۇ، بۇ باش ئىنژېنېر ئىشلارنى تېخنىك بۆلۈم ئارقىلىق بېجىرىدۇ.

كوللېكتىۋى، «شىنجاڭ ئۆلكىسى مايتاغ نېفىت كانىنى كۆزدىن كۆچۈرۈشتىن دوكلات» (1942- يىل 7- ئاي ئايلىق ماسنا)

شىخو نېفىت كانى مىنگونىڭ 24 يىل (ئىلاۋە: 1935- يىلى) لىرى رەسمى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىكتە ئېچىلغان، كۆ- لىمى خېلى چوڭ بولۇپ، ئۈسكۈنىلىرى پۈتۈنلەي ماشىنىلاشقان، ئەڭ ئىلغار يەر تېخنىكا بىلەن ئېچىلغان. ئۆتكەندە سوۋېتلىك كان تەكشۈرگۈچى ئىنژېنېرلار ۋە گېئولوگ، خىمىيە مۇتەخەسسىسلە- رى ھەمدە باشقا تارماقلاردىن سەپلەنگەن تېخنىك خادىملار جەمئىي يۈزدىن ئاشىدۇ، ئىشچىلىرىنىڭ سانى ئۈچ مىڭغا يېتى- دۇ. بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز بىر قانچە قېتىم خېلى زور سەرمايە سالغان، بىراق كېرەكلىك پولات-تۆمۈر، ماشىنىلار، تېخنىك ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقى يۈك ئاپتوموبىل بىلەن توشۇپ ئەكىلىدۇ.

ئۈفېن: «شىنجاڭ كانچىلىقىنىڭ ئەھۋالى»
(شىنجاڭ ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ زاۋۇت-كان بۆلۈمى. 1946- يىل قولىيازما)

1935-يىلى شېڭ (شىسەي) مېنى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىلى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى 5 مىليون روبلى قەرز بېرىش توغرى- سىدىكى توختامغا ئىمزا قويۇشقا تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى. بۇنىڭ بىر مىليونى تاشيول ياساشقا، قالغانلىرى قۇ- رال-ياراق سېتىۋېلىشقا، زاۋۇت قۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

سوۋېت ئىتتىپاقىيەنە نۇرغۇن مۇتەخەسسىس، مەسلىھەتچىلەرنى ئەۋەتىپ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى قۇرۇش، مەكتەپ، دوختۇرخانا سېلىشقا ياردەملەشتى، شۇ چاغدىلا شىنجاڭدا ئاندىن ئىقتىساد، مائارىپ، مەدەنىيەت جەھەتلەردە بەزى قۇرۇلۇشلار بارلىققا كېلىشكە باشلىدى.

بۇرھان شەھىدى: «شىڭ شىسەي شىنجاڭدا» (تارىخىي ماتېرىياللاردىن تاللانما» 79 ـ قىسىم، تارىخىي ماتېرىياللار نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى 3 ـ ئاي).

شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كۈندىن ـ كۈنگە قويۇقلىشىپ باردى. شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى بايلىقلىرىنى ئېچىش جەھەتتە، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، كان تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى تەشكىللەپ، چارلاش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. پەقەت 1935 ـ يىلدىن باشلاپ، ئېلى چۆچەك، ئالتايغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 86 ئادەم كەلدى. مايتاغدىكى نېفىت زاۋۇتىنىڭ ماشىنىلىرىنى، تېخنىكا خادىملىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقى يەتكۈزۈپ بەردى.

بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» (تارىخىي ماتېرىياللار نەشرىياتى، 1984 ـ يىل 2 ـ ئاي)

مايتاغدىكى نېفىت ئالامەتلىرى چىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدىلا بايقالغان، يەرلىك ئۇسۇل بىلەن قۇدۇق قېزىپ نېفىت ئالغان، زاۋۇت قۇرۇپ چەككىلىگەن بولسىمۇ، مەھسۇلاتى ئىنتايىن

ئاز بولغان، بۇنى تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق. مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مايتاغ نېفىت ئاي - رىش زاۋۇتىنى قۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەمكارلاشقان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى قۇرۇلۇشقا باشچىلىق قىلغان، نېفىت قېزىش، ئايرىشقا كېرەكلىك تېخنىك ماتېرىيال - لارنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ كىرگۈزۈپ بەرگەن.

يەنشۇاڭ: «جۇڭگو نېفىت كانلىرىدىن خاتىرە»(ئازاد- لىقتىن بۇرۇن ماشىنكىدا ئۇرۇلغان نۇسخا)

1935 - يىلى 9 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇتەخەس - سىسلىرى، ئىشچىلىرى يەنسەخەي ۋە مايتاغقا كېلىپ، چارلاش ئېلىپ باردى. 1936 - يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈ - مەت سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىلەن رەسمى مايتاغ نېفىت كا - نىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىل قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى تە- رەپ ئىنژېنېر، مۇتەخەسسىس ئەۋەتىپ بۇرغىلاپ چارلاش ۋە يەر شەكلىنى ئۆلچەش، گېئولوگىيە قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن شۇ - غۇللاندى. 1937 - يىلى 7 - ئايدا ئۆلكە تەرەپ زاپىسى مول بولغانلىقتىن مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنى قۇرۇشنى تەشكىل- لىدى. 1938 - يىلى 9 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىلەن چارە تۈزۈشۈپ، ماشىنا - زاپچاسلارنى سوۋېتتىن كىرگۈزدى....

«جۇڭگو نېفىت سانائىتىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى» (1949 - يىلى ماشىنكىدا ئۇرۇلغان نۇسخا).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېلاۋە: مايتاغ نېفىت كانى ئېچىلغان مەزگىلدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈ-
مەت بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە يېزىلغان
ماتېرىياللار بىردەك ئەمەس، شۇنداقلا ئانچە ئېنىق ئەمەس. مەلۇم بىر ئە-
سەرنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى نەشر قىلغان
«سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ ئىقتىسادىغا بولغان تاجاۋۇزچىلىقى» دېگەن
كىتابتىن نەقىل كەلتۈرۈشىچە: «مايتاغ نېفىت كانى مىنگونىڭ 28 - يىلى
(1939 - يىلى) تىجارەت باشلىغان ھەمدە ھېچقانداق شەرتنامە ياكى توختام
بولمىغان. پەقەت سوۋېت تەرەپ شىڭ شىسەي بىلەن ئېچىشنى ئاغزاكى يو-
سۇندا مەسلىھەتلەشكەن، ئۇلار خۇددى ئۆز دۆلىتىدەك ئىش قىلىۋەرگەن.»

يەنە 1942 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا قويغان «سو-
ۋېت سوتسىيالىستىك رېسپۇبلىكىلار ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكى-
لىك ھۆكۈمەتنىڭ كېلىشىمى» لايىھەسىنىڭ بىرىنچى ماددىسىدا: «سوۋېت ئىتتى-
پاقى ھۆكۈمىتى ئۆز كۈچى بىلەن، شىنجاڭنىڭ مايتاغ رايونىدا نېفىت ئىش-
لەپچىقىرىدىغان كان، ھەمدە مۆلچەر بويىچە يىلىغا 50 مىڭ توننا خام نې-
فىتنى چەككىلىيەلەيدىغان بىر زاۋۇتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نېفىت كومبىناتى
قۇرۇپ، كېلىشىم تۈزۈشكەن ئىككى تەرەپتىن تەشكىل قىلىنغان مايتاغ نېفىت
كومبىناتى ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى خالاي-
دۇ ....» دېيىلگەن. يەنە، 1943 - يىلى 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سوۋېت
ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ۋەكىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋەكىلىگە ئوتتۇرىغا قويغان
«سوۋېت سوتسىيالىستىك رېسپۇبلىكىلار ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭخۇا
مىنگو گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسى مايتاغ نېفىت كانىنى ئېچىش
توغرىسىدىكى كېلىشىمى» (لايىھە) نىڭ بىرىنچى ماددىسىدا: «سوۋېت سوت-
سىيالىستىك رېسپۇبلىكىلار ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى مەزكۇر كېلىشىمدە بەلگىلەنگەن
شەرتلەرگە بىنائەن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مايتاغ رايونىدا قۇرغان نېفىت ئىش-
لەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى ۋە ھەر يىلى 50 مىڭ توننا خام نېفىتنى چەككى-
لىيەلەيدىغان زاۋۇتنى كېلىشىم تۈزۈشكە ئىككى تەرەپتىن تەشكىل قىلىنغان
«مايتاغ جۇڭگو سوۋېت نېفىت ئىشلەپچىقىرىش چەككىلەش بىرلەشمە شىركە-

تى» كە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ ....» دېيىلگەن. تۆتىنچى ماددىسىدا: «جۇڭگو - سوۋېت ئىككى تەرەپ نېفىت ئىشلەپچىقىرىش چەكلىمىلىك شىركىتى توغرىسىدىكى مەزكۇر كېلىشىم ئىمزالانغان ۋاقىتتىن بۇرۇن سەرپ قىلىنغان خىراجەتلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتكەندىن كېيىن،ئەگەر شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خەجلىگەن قىسمى جۇڭگو ھۆكۈمىتى تۆلەشكە تېگىشلىك قىسمىغا يېتىشمىسە، جۇڭگو ھۆكۈمىتى مەزكۇر كېلىشىم ئىمزالانغان ۋاقىتتىن باشلاپ، ئىككى يىل ئىچىدە تۆلەپ بولۇشى كېرەك» دېيىلگەن. ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبەت خاتىرىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىلى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى پەن يۇشىن: «مەزكۇر نېفىت كانىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى جابدۇقلاندۇرۇپ بولدى ھەمدە تىجارەتكە كىرىشتى»، «مەزكۇر كان 1939-يىلدىن باشلاپ تىجارەت باشلىغان....مەزكۇر كان تىجارەتكە كىرىشتىن بۇرۇن شىنجاڭ ئۆلكىسى بىلەن ئاغزاكى كېلىشىم ھاسىل قىلغان دېدى ....» دېيىلگەن.

## Ⅱ مايتاغ نېفىت كانىنىڭ 1942-يىلنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى

دۆلەت تەۋەلىكىدىكى خىزمەتچىلەردىن 40 ~ 50 كىشى، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئىنژېنېردىن تۆۋەن دەرىجىلىك خىزمەتچىلىرى 140، 150 كىشى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن بولۇپ 160، 170 كىشى بار. كاندا ئىشچى بۇرادەرلەردىن مىڭدىن ئوشۇق بولۇپ، خەنزۇلار، ئۇيغۇرلار ھەممىدىن كۆپ.

ھازىر 17 ئېغىز قۇدۇق قېزىلدى، 20، 31، 42 - نومۇرلۇق قۇدۇقتىن كۈنىگە جەمئىي 10 توننىدىن 30 نەچچە تونناغىچە نېفىت چىقىدۇ، 20 - نومۇرلۇق قۇدۇق ئاساسلىق قۇدۇق بولۇپ، كاچالكا ئىشلىتىلمەيدۇ، نېفىت ئۆزلىكىدىن ئېقىپ چىقىدۇ، ھەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر قۇدۇقنىڭ ئارىلىقى 150 مېتىر قىلىپ بەلگىلەنگەن، ئارى-
لىقىنى تاغلار توسۇۋالغانلىقتىن، ئارىلىقى 120-130 مېتىر كېلىدىغان-
لىرىمۇ بار، قېزىلغان قۇدۇقلارنىڭ نومۇرى رەت تەرتىپى بو-
يىچە قويۇلغان ئەمەس، بۇنى گېئولوگلار ئېھۋالغا قاراپ بېكىت-
كەن. ھەر كۈنى كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەپ، كۆپ بولغاندا 10، 20
مېتىر، ئاز بولغاندا 2، 3 مېتىر قازىدۇ، بۇ يەر قاتلىمىنىڭ خاراك-
تېرىگە قاراپ بولىدۇ. ھازىر بەش دانە بۇرغا ستانوكى بولۇپ،
ھەرىكەتلەندۈرگۈچ پار كۈچى، تەخمىنەن 300 ئات كۈچىگە تەڭ.
كاندىن ئېلىنغان تەبىئىي گازنى پولات تۇرۇبا ئارقىلىق پار قا-
زىنىغا ئەۋەتىپ، يېقىلغۇ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا 85 كىلوۋات-
لىق گېنېراتورمۇ پارنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىدۇ. نېغمەت
ئايرىش ئوچىقىنىڭ يېقىلغۇسىمۇ تەبىئىي گاز ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ كاننى سۇ بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسى خېلى ئېغىر مە-
سىلە. بۇرۇن ھارۋا بىلەن توشۇلغان بولسىمۇ زور ئىستېمالغا
يېتىشمەيتتى. ھازىر كۈيتۇڭ دەرياسىغا دىئامېتىرى 6 سۈڭلۈك
سۇ تۇرۇبىسى ئورنىتىلىپ، كانغا 10 كىلومېتىر كېلىدىغان يەر-
دىن سۇ پومپىسى بىلەن ئۈزۈلمەي كەلتۈرۈلىدۇ!

....

مەزكۇر كان گېئولوگىيە جەھەتتىن مۇرەككەپ بولسىمۇ،
سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ كۆزىتىشىچە، ئىستىقبالى-
دىن ئۈمىد باركەن. بارلىق خىزمەتلەر ئاكتىپ ئىشلىنىۋاتىدۇ...
ھازىر نېغمەت ئايرىش ئۈسكۈنىسى بىلەن كۈنىگە 150 تونىنىدىن

جەق نېفىت ئايرىيالايدۇ. ئۇلىك نىسبىتى مۇنداق:

بېنزىن 19%　　　　كىرسىن 23%

قالغانلىرى قارامايى بولۇپ پار قازىنىغا يېقىلغۇ قىلىنىدۇ.

نېفىت ئايرىش ماشىنىسى تۇرۇبىسىمان ھورلاندۇرۇش ماشىنىسى بولۇپ، پارچىلاش شەكلىدە ئەمەس. ئەتراپتا ماي كۆلچىكى (بۇ يەردىكىلەر ماي بېكى دەيدىكەن) دىن بەش بار، نېفىت، كىرسىن، بېنزىنىنىڭ ھەر قايسىسىدىن 1000 نەچچە كاللون ساقلىغىلى بولىدۇ. مەزكۇر كاندا ترانسپورت ئاپتوموبىلىدىن 30 نەچچىسى بولۇپ، ماتېرىيال توشۇپ ئەكىلىش ۋە مايلارنى سىرتقا توشۇپ ئاچىقىش ئۈچۈن ئىشلىيدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ يىل 1 - ئايدىن 6 - ئايغىچە ئۆزى ئىشلەتكەنىنىڭ تاشايىندا جەمئىي 120 نەچچە مىڭ كاللون بېنزىن سېتىلغان. بارلىق بېنزىن دۇبەن مەھكىمىسى ھەربىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا بېرىلىدۇ. ھەر بىر كاللون ئۈچۈن ھەربىي ئىشلارغا ئىشلىتىلسە شىنجاڭ پۇلىغا ئالتە مو ئۈچ پوڭ ئېلىنىدۇ، سودىغا ئىشلىتىلسە بىر يۈەن توت مو ئېلىنىدۇ. ئۇرۇمچىدە سودىغا ئىشلىتىلىدىغان بېنزىنىنىڭ سېتىلىش باھاسى ھەر بىر كاللونى ئىككى يۈەن. ھەممىنىۋا كىرسىن مالىيە نازارىتىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭ باھاسىنىمۇ مالىيە نازارىتى ئەھۋالغا قاراپ بېكىتىدۇ. مەزكۇر كانغا كېرەكلىك بولغان شىنجاڭ پۇلىغا كەلسەك، ئۇنى مالىيە نازارىتى ئاجرىتىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— كوگشۇ سۇي: «شىنجاڭ ئۆلكىسى مايتاغ نېفىت كانىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات» (1942 - يىلى 7 - ئاي، مايلىق باسمىسى)

## كان ئەھۋالىدىن تەرمىلەر

(1) كان ئورنى ئۈرۈمچىنىڭ غەربىي - شىمالىغا 251 كىلو مېتر كېلىدىغان تاشيولنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە سەككىز كىلومېتر 700 مېتر كېلىدىغان مايتاغنىڭ جەنۇبىي تەگرىتاغدىن 100 نەچچە كىلو مېتر يىراقلىقتا.

(2) تەرەققىيات. بۇنىڭدىن بۇرۇن يېزىدىكىلەر تاغ ئېتىكىدىكى تەبىئىي نېفىتنى ئېلىپ چىراغ ياققان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى بۇ يەرنى ئېچىش مۇھاكىمە قىلىنغان، مىنگونىڭ 24 - يىلى 9 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىككى كىشى شىڭ دوبەننىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، كاننى چارلاشقا كىرىشكەن، 30 - يىلى كېڭەيتمەكچى بولغان.

(3) قۇدۇق قېزىش. ھازىر بۇرغىلاش ماشىنىسىدىن بەشى بار، تەخمىنەن 300 ئات كۈچىگە تەڭ بولۇپ، پار ئارقىلىق ماڭغۇزۇلىدۇ. 17 قۇدۇق قېزىلدى، چوڭقۇرلۇقى 700 - 1000 مېتىردىن كۆپرەك.

(4) نېفىت. ئۈچ قۇدۇقتىن نېفىت چىقتى، ھازىر كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئون تونىنچە نېفىت چىقىدۇ، رەڭگى يېشىل قوڭۇر رەڭدە، تەبىئىي گاز بىرلىكتە ئېتىلىپ چىقىدۇ.

(5) نېفىت ئايرىش. ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا بىر يۈرۈش نې-
فىت ئايرىش ئۈسكۈنىسى پۈتكەن بولۇپ، كۈنىگە 150 توننىدىن
ئارتۇق نېفىت ئايرىيالايدۇ، ھازىر ئۇنىڭ 15 تىن بىرىنى ئايرى-
يالايدۇ. ئايرىغان ماينىڭ نىسبىتى تۆۋەندىكىچە: بېنزىن 19%،
كېروسىن 23%، قالغىنى قاراماي بولۇپ، يېقىلغۇ قىلىنىدۇ.

(6) كان ھوقۇقى. كۆرۈنۈشتە سوۋېت ئىتتىپاقى مايتاغ
نېفىت كانى شىنجاڭ ئۆلكىسىگە قاراشلىق دەپ قارايدۇ، بىراق
بۇ كانغا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ مەبلەغ سالغان، بۇ ئارىلىقتا
ئېنىق كېلىشىم يوق، ئەمەلىي ھوقۇق سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ -
نىڭ قولىدا.

(7) مايلارنى باشقۇرۇش. بېنزىندىن مەھكىمىسى ھەر-
بىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلىدۇ، كېروسىن
مالىيە نازارىتىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ.

(8) سەرمايە سېلىش ئۇسۇلى. ئالاھىدە خىراجەتلەر، ئالاي-
لۇق، ماشىنا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئىش ھەق-
قى چىقىمىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئاجرىتىدۇ. شۇ يەردىن سېتىۋې-
لىنىدىغان نەرسىلەر ۋە جۇڭگو خادىملىرىنىڭ چىقىمىنى شىنجاڭ
ئۆلكىسىنىڭ مالىيە نازارىتى چىقىم قىلىپ بېرىدۇ. ھەر تەرەپ-
نىڭ چىقارغان پۇلىنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس، مۆلچەرلىنىشىچە
تەخمىنەن، ئۈچ مىليون ئامېرىكا دوللىرى.

(9) بېنزىننىڭ مەھسۇلات مىقدارى. ھازىر ئۈچ تونىلىق
ھەربىي ترانسپورت ئاپتوموبىلىدىن 50 نىڭ نورمال يۈرۈشىنى

قامدىيالىشى مۇمكىن، بولىدىن كېيىن پەيدىنپەي كۆپىيىشىدىن ئۈمىد بار.

(10) بېنزىن باھاسى. بېنزىن ھەربىي ئىشلارغا ئىشلىتىلسە ھەر بىر گاللوننىڭ باھاسى ئالتە دوبەش پۇڭ، سودىغا ئىشلىتىلمىدىغىنىنىڭ باھاسى شىنجاڭ پۇلىغا بىر يۈەن توت مو.

گوڭشۆسۈي: «شىنجاڭ ئۆلكىسى مايتاغ نېفىت كانىنى كۆزدىن كۆچۈرۈشتىن دوكلات» (1942-يىلى 7-ئاي. مايلىق باسمىسى)

ئىلاۋە: گوڭشۆسۈينىڭ «شىنجاڭ ئۆلكىسى مايتاغ نېفىت كانىنى كۆزدىن كۆچۈرۈشتىن دوكلات» جەمئىي بەش قىسىم: 1-يولغا چىقىشقا تەييارلىنىش. 2- يول ئۈستىدە كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىم. 3- نەق مەيداننى كۆزدىن كۆچۈرۈش. 4- مەزكۇر كان ۋە غەربىي شىمالنىڭ قاتناش ترانسپورتى. 5- كان ئەھۋالىدىن تەرمىلەر.. كۆزدىن كۆچۈرۈش ئۈچۈن كانغا كەلگەن ۋاقتى 1942-يىلى 7-ئاينىڭ 14- كۈنى. ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغانلاردىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سابىق ئىقتىساد مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ۋېڭ ۋېنخاۋ، يۈيمېن نېفىت كانىنىڭ باش دىرېكتورى سۈن يۈچى قاتارلىقلار بار.

......ۋېڭ ۋېنخاۋ ئۈرۈمچىدە قېلىپ، شىڭ شىسەي بىلەن شىخو مايتاغ نېفىت كانىغا ئېكىسكۇرسىيە قىلىش ئىشىنى مەسلىھەتلەشكەندە شىڭ شىسەي قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ۋېڭ ۋېنخاۋ مەن ۋە باشقا كىشىلەر بىلەن مايتاغ نېفىت كانىغا كەلدۇق. مەزكۇر كان ئۈرۈمچىنىڭ غەربىدىن 200 نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كان باشلىقى قوشۇمچە باش ئىنژېنېرى ۋە بىر سوۋېت گېئولوگى بىزنى كۈتۈۋېلىپ جايلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇردى ھەمدە بىزگە تۈرلۈك دىئاگراممىلارنى

كۆرسىتىپ، نېفىت كاننىڭ چارلىنىش، ئېچىلىش جەريانىدىكى ئەھۋاللارنى چۈشەندۈردى. مەن بۇ كاندا قۇدۇق قازىدىغان بۇرغىلاش ماشىنىسىدا يۈيمەن نېفىت كانىدىكىدەك ئامېرىكىدىن ئىمپورت قىلىنغان چىش چاقلىق دولتا ئىشلەتمەي، بىر قەدەر قالاق بولغان بېلىق قۇيرۇقسىمان دولتا ئىشلىتىدىغانلىقىنى كۆردۈم. نېفىت كاننىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىمۇ يۈيمەن نېفىت كانىنىڭكىدەك ئەمەسكەن. ئۆز ۋاقتىدا بۇ نېفىتلىك ئانچە ئۈمىدلىك ئەمەستەك، ئىستىقبالى يۈيمەن نېفىت كانىنىڭكىدەك ياخشى ئەمەستەك كۆرۈنگەچكە، ئۇلار بىزنى زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالغان ئارىلىقتا مەن: «ئىككى كان مۇسابىقىلىشايلى» دېدىم، كۆڭلۈمدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنى مەنسىتمىگەندەك قىلدىم، شىنجاڭغا كەلگەندە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن نېفىت كانىغا كېرەكلىك نېفىتنىڭ ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىش ئويۇمدىنمۇ ۋاز كەچكەن ئىدىم. لېكىن مايتاغ كاننىڭ نېفىت ئايرىش ئۈسكۈنىلىرى ۋە ماي ساقلايدىغان باكلىرى يۈيمەن نېفىت كانىنىڭكىدىن كۆپ ھەم ياخشى ئىكەن. بىز ئۇ يەرنى ئىككى كۈن ئېكىسكۇرسىيە قىلىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدۇق.

سۇن يۈچى: «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىككى قېتىم شىنجاڭغا بېرىشتىن خاتىرىلەر» («تارىخى ماتېرىياللاردىن. تاللانما» نىڭ 84 - قىسمى تارىخىي ماتېرىياللار نەشرىياتى 1982 - يىل 12 - ئاي.)

### (3) نېفىت كانىنىڭ تەشكىلى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلىرى

تەشكىل ئىككى قىسمىغا ئايرىلاتتى، بىر قىسمى، باشقۇرۇدىغان قىسمى بولۇپ، كۆپىنچىسىگە جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى خادىملار مەسئۇل ئىدى. يەنە بىر قىسمى تېخنىك قىسمى بولۇپ، كۆپىنچىسىگە سوۋېت تەۋەلىكىدىكى خادىملار مەسئۇل ئىدى. سوۋېت تەۋەلىكىدىكى خىزمەتچىلەردىن جەمئىي 120 كىشى.....جۇڭگو تەۋەلىكىدىكىلەردىن 54 كىشى...... ئىشچىلاردىن جەمئىي 776 كىشى بولۇپ، ھەممىسى جۇڭگو تەۋەلىكىدىكىلەردىن.

### (4) قۇدۇق مەيدانى

1- ئۈسكۈنىلەر: بۇرغا ستانوكىدىن چوڭ-كىچىك بولۇپ، جەمئىي 11 ى بار. ئىشلەتكىلى بولىدىغىنىدىن ئاران سەككىزى بار، چوڭقۇر بولغاندا 1800 مېتر قازالايدۇ. 80 ئات كۈچىگە تەڭ پارقازاندىن 16-سى بار. 80 ئات كۈچىگە تەڭ دىزېل ماتوردىن تۆتى بار. ياغاچ ۋىشكىدىن ئىككىسى، تۆمۈر ۋىشكىدىن چوڭ-كىچىك بولۇپ 12-سى بار. باشقا دولتا، كالون، سېغىزلىق ئېرىتمە ناسوسى، سېغىزلىق ئېرىتمە ئارىلاشتۇرۇش ماشىنىسى قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر خېلى تولۇق، قۇدۇق ئاغزىنى كونترول قىلىدىغان ئۈسكۈنىلەر ئانچە تولۇق ئەمەس، ھازىر ساقلىنىۋاتقان بۇرغىلاش ماتېرىياللىرى ئامېرىكا دوللىرى ھېسابىدا بىر مىليون 350 مىڭ دوللارغا باراۋەر كېلىدۇ. 12 ئېغىز قۇدۇق قازغىلى بولىدۇ.

2 ـ قۇدۇقلارنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى؛ جەمئىي 33 قۇدۇق بولۇپ، جەمئىي چوڭقۇرلىقى 15 مىڭ 838 مېتىر، نېفىت ئەڭ كۆپ چىققىنى 39-قۇدۇق، قوشۇمچە جەدۋەل تۆۋەندىكىچە

| قۇدۇق نومۇرى | قۇدۇق ئېغىزىنىڭ ئېگىزلىكى (مېتىر) | ئىش باشلىغان ۋاقتى | | ئىش توختىغان ۋاقتى | | قۇدۇق چوڭقۇرلىقى (مېتىر) | نېفىت قاتلىمى ئورنى (مېتىر) | ھازىرقى كۈنلۈك مەھسۇلات (تونna) | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | يىل | ئاي | يىل | ئاي | | | | |
| $C_4$ | 823.1 | 28 | ئەتىياز | 28 | يا | 100+ | 100+ | | كېرەكسىز بولدى |
| 33 | 830.5 | 28 | ياز | 29 | ئەتىياز | 270+ ٤ | 270+ | | 〃 |
| 13 | 837.3 | 29 | كۈز | 30 | 〃 | 603 | 580 | 580 | 〃 |
| 18 | 852.5 | 29 | قىش | 31 | 10 | 1030 | 400 | | |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | يوق | 320 | كۈز | 30 | ئەتىياز | 30 | 787 | 19 |
| | 0.3 | 540 | 588 | 12 | 30 | 6 | 30 | 858 | 30 |
| | 12.5 | 690 | 730 | 2 | 31 | 9 | 30 | 874.3 | 20 |
| | 705 | 730 | 749 | 5 | 31 | 2 | 31 | 886.5 | 42 |
| | ناھايىتى ئاز | 740 | 864 | 5 | 31 | 2 | 31 | 886 | 41 |

| قۇدۇق نومۇرى | قۇدۇق ئېغىزىنىڭ ئېگىزلىكى | ئىش باشلىغان ۋاقتى | | ئىش توختىغان ۋاقتى | | قۇدۇق چوڭقۇرلۇقى (مېتر) | نېفىت قاتلىمى ئورنى (مېتر) | ھازىرقى كۈنلۈك مەھسۇلاتى (توننا) | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | يىل | ئاي | يىل | ئاي | | | | |
| 37 | 865 | 31 | 3 | 31 | 6 | 611 | 600 | 5.5 | |
| 36 | 874 | 31 | 6 | 31 | 11 | 696 | 650 | 5.5 | |
| 44 | 874 | 31 | 7 | 31 | 9 | 735 | | | 735مېتر داگاز قاتلىمى بولغاچقا ۋاقتىنچە توختىتىلغان |
| 40 | 898 | 31 | 1 | 31 | 7 | 1017 | 900+ | | كېرەكسىز بولدى |
| 39 | 871.9 | 31 | 7 | 32 | 1 | 807 | 673 | 35 | 32 - يىلى 1-ئاينىڭ 8-كۈنى نېفىت چىققان |
| 43 | 898 | 31 | 8 | | | 540 | | | قېزىلىۋاتىدۇ |
| 8 | 857.4 | 31 | 12 | | | 88 | | | " |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 21 | 877.6 | 31 | 2 | 31 | 12 | 1453 | 320± | بەك گاز | |
| ''$B_3$ | 870 | 28 | | 32 | | 320 | 285 | گاز | پۈتۈنلەي گاز چىقىدۇ |
| 17 | 859 | 29 | 10 | 30 | 3 | 320 | 320 | گاز | 〃 |
| كېچىلىك قۇدۇق 14 ئېغىز | | 29 | ئەتىياز | 29 | قىش | 300~200 | 200 مېتر تۆپچۆرىسىدە | 0.15 | 14 قۇدۇقنىڭ ھەممىسى كېرەكسىز بولىدىغان ۋاقىتقا يەتتى |

•قۇدۇق ئاغزىنىڭ ئېگىزلىك ئۆلچىمى جۇزۇڭاجۇن بەگ سىزغان مايتاغ كان رايونىنىڭ بىر خەرىتىسىدە كۆرسىتىلگەن ئېگىزلىك نۇقتىسىغا ئاساسەن ھېسابلانغان.

3- نېفىت چىقىدىغان قۇدۇق سانى ۋە مەھسۇلاتى: 30-،20- ، 42-، 41-، 37-، 36-، 39- قۇدۇق قاتارلىق يەتتە ئېغىز قۇدۇقتىن نېفىت چىقىدۇ، ھەر كۈنى 55 تونىنا نېفىت چىقىدۇ. ئەگەر يېڭىدىن ئون قۇدۇق كۆپەيتىلسە، 32- يىلىنىڭ ئاخىرىلىرى كۈنىگە چىقىدىغان مەھسۇلات 150 تونىنىغا يېتىدۇ.

## (5) نېفىت ساقلاش ۋە ئاققۇزۇش

قۇدۇق مەيدانىدا نېفىت ساقلايدىغان باكتىن ئىككىسى بار. نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدىن ئىككىسى بولۇپ، جەمئىي تۆت باك بار. 1400 تونىنا نېفىت ساقلىغىلى بولىدۇ. ئالتە سۇڭلۇق نېفىت ئاققۇزۇش تۇرۇبىسىدىن 2500 مېتىر بولۇپ، ھەر كۈنى 6000 تونىنا نېفىت ئاققۇزغىلى بولىدۇ.

## (6) نېفىت ئايرىش زاۋۇتى

1- ئۈسكۈنىلەر ۋە ئىقتىدارى: نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدا يېڭى- كونا ئىككى بىردىن بار.

يېڭى زاۋۇت— ئۈسكۈنىسى مۇكەممەل بولۇپ، قۇدۇق رايونىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە، ئەڭ يېقىن نېفىت قۇدۇقىغا بىر كىلومېتىردەك كېلىدۇ، يېڭى تىپتىكى پولات تۇرۇبىلىق ھورلاندۇرۇش قازىنىدىن بىرسى بولۇپ، تۆرلۈك قۇرۇلمىلار ھەممىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاپتوماتىك باشقۇرۇلىدۇ، نېفىت چەككىلەشكە كېتىدىغان ئادەم كۈچى ناھايىتى ئاز، نېفىت ساقلاش، توشۇش ئورۇنلاشتۇرۇش خىلى مۇۋاپىق، ھەر 24 سائەتتە كۆپ بولغاندا 55 مىلىڭ گاللون نېفىت ئايرىيالايدۇ، 20 مىلىڭ گاللوندەك بېنزىن، 10 مىلىڭ گاللوندەك كىروسىن ئىشلەپچىقىرالايدۇ، قالغىنى يېقىلغۇ قىلىنىدۇ.

(2) كونا زاۋۇت—تاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە، 5- قۇدۇقتا يېقىن، ئۈسكۈنىلىرى بىر قەدەر ئاددىي، جابدۇقلىرى كونا ئۇزۇلدۇرۇپ ھورلاندۇرىدىغان قازاندىن بىرسى بولۇپ، ھەر كۈنى 1800 گاللون نېفىت ئايرىيالايدۇ.

يۇقىرىدىكى ئىككى گۇرۇپپا يېڭى-كونا نېفىت قازىنى ھەر كۈنى 150 توننىدىن 240 تۇننىغىچە نېفىت ئايرىيالايدۇ. كۈنىگە 21 توننا بېنزىن، 11 توننا كىروسىن ۋە يېقىلغۇ مايدىن 23 توننا ئىشلەپچىقىرالايدۇ.

2 – مەھسۇلات سۈپىتى: نېفىت - ئارىلاش ئاساسلىق بولۇپ، قارا رەڭلىك، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 0.8128 دىن 0.8377 گىچە، بېنزىن تەركىبى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 38%-40%، كىروسىن 20%، يېقىلغۇ ماي 42%، بېنزىن - رەڭسىز، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 0.7685 دىن 0.7715 غىچە.

(7) باشقا ئۈسكۈنىلەر

1- لابوراتورىيە: لابوراتورلۇق خىزمىتى تەتقىقات، خىمىيىلىك ئانالىز، ئېلېكترلىك تەكشۈرۈش، قۇدۇق ئاستىدا ئوق ئې-

تىش قاتارلىق تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇسكۇنىلىرى خې-
لى تولۇق.

2 - ماشىنىسازلىق زاۋۇتى: ئۇسكۇنىلىرى مۇكەممەل، ئىنى-
چىكە زاپچاسلىرى زىيادە مۇرەككەپ بولغاندىن باشقا بارلىق
سەپلىمىلەرنى ياساش ۋە ماشىنىسازلىق رېمونت خىزمەتلىرىنىڭ
ھەممىسىگە ماسلىشالايدۇ.

3 - سۇ پونكىتى: كۆيتۈڭ دەرياسىنىڭ يېنىدا كان رايونى-
نىڭ غەربىگە 7 - 8 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە سۇ پونكىتى بار.
ئات كۈچى 65 بولغان دىزېل ماتوردىن بىرى بولۇپ، كۈندىگە
600 توننىدەك سۇ چىقىرالايدۇ.

4 - ئېلېكتر ئىستانسىسى $27.5K_W$ ۋە 84 $K_W$ لىق ئۆز-
گىرىشچان ئېلېكترلىك گېنېراتورنىڭ ھەر قايسىدىن بىرى بار،
بۇنىڭدىن باشقا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن توشۇپ كېلىنگەن
$150K_W$ لىق گېنېراتوردىن بىرسى بولۇپ، تېخى جابدۇقلانمىغان.

5 - ترانسپورت ۋە ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى: ئاساسلىق
ترانسپورت لىنىيىسى ئۈرۈمچى - تارباغاتاي لىنىيىسى بولۇپ،
ئاخىرقى نۇقتىسى قۇمۇشلۇقتا، كانغا 386 كىلومېتىر كېلىدۇ،
سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسىغا تۇتىشىدۇ. ئاساسلىق ترانسپورت
قوراللىرى چوڭ - كىچىك بولۇپ، ھەر خىل ئاپتوموبىلدىن 30
نەچچىسى بار، يەككە لىنىيىگە 4 كۈندە يېتىپ بارىدۇ، بۇنىڭدىن
باشقا يەنە قوشۇمچە ترانسپورت ئىقتىدارى سۈپىتىدە تۆت ھار-

ۋا بار، ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتىدىن بىرسى بار.

## (8) ماتېرىيال ۋە مەھسۇلات

1- بۆلۈنگەندىن بۇرۇن (25- يىلدىن 31- يىلى 10- ئايغىچە) جەمئىي 9650 توننا تېخنىكا ماتېرىيال توشۇپ كىرىلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ۋە ماشىنا زاپچاسلىرى كۆپرەكنى ئىگىلەيدۇ.

2- مەھسۇلاتلارنى قاچىلاش-ساقلاش: ھازىر بېنزىن باكىدىن بەشى، كېروسىن باكىدىن تۆتى، يېقىلغۇ ماي باكىدىن ئىككىسى بولۇپ، جەمئىي 11 باك بار، جەمئىي 2500 توننا ماي سىغىدۇ، مۆلچەرىمىزچە 32- يىلى يېڭىدىن سەككىز باك ئورنىتىلسا جەمئىي 19 بولىدۇ، جەمئىي 4500 توننا ماي سىغىدۇ.

3- مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى ۋە ئۇنىڭ تەقسىملىنىشى: مەزكۇر زاۋۇتنىڭ مەھسۇلاتى ۋە ئۇنىڭ تەقسىم قىلىنىشىنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ باش ئىنژېنېرى مەخپىي تۇتىدۇ. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 31- يىلى بىرىنچى ئايدىن يەتتىنچى ئايغىچە بولغان مەھسۇلات ۋە ئۇنىڭ تەقسىم قىلىنىش سانىغا قارىغاندا يەتتە ئاي ئىچىدە جەمئىي 10 مىڭ 577 توننا بېنزىن، 873.4 توننا كېروسىن ئىشلەپچىقىرىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا كوشۇلغان بېنزىن 62.1% تىنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىگە بولغىنى 22.1% تىنى، ئۆزى ئىشلەتكىنى 15% نى ئىگىلەيدۇ، كېروسىندىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا توشۇلغىنى 3.7% نى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىگە

بولغىنى 63.5% نى، ئۆزى ئىشلەتكىنى 33% لى ئىگىلەيدۇ.

(9) ھېساباتنىڭ بىر تەرتىپ قىلىنىشى

جۇڭگو تەرەپنىڭ باشقۇرىدىغىنى پەقەت باشقۇرۇش خىراجىتى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەبلەغ ھېساباتى بولۇپ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ باشقۇرىدۇ، قەرز ئامانەت ئىشلىرىنىڭ ھېساباتىنى ھەر قايسىسى ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

(10) مال-مۈلكىنىڭ تەخمىنى سانى (گوگېچۈەن قاتارلىقلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەخمىنى مۆلچەرىگە ئاساسلانغان)

شىنجاڭ پۇلىغا تەخمىنەن 3 مىليون 324 مىڭ 420 يۈەن-ئامېرىكا پۇلىغا 2 مىليون 952 مىڭ 286.60 يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە قۇدۇق قۇرۇلۇشى ۋە بۇرغىلاش ماشىنىسى ۋە ئۈسكۈنىلەر كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ.

(11) سەرمايە

سوۋېت تەرەپنىڭ سەرمايىسى: شىنجاڭ پۇلىغا 2 مىليون 62 مىڭ 9.51 يۈەن، ئامېرىكا پۇلىغا 2 مىليون 952 مىڭ 286.60 يۈەن.

جۇڭگو تەرەپنىڭ سەرمايىسى: شىنجاڭ پۇلىغا 3 مىليون 766 مىڭ 795.81 يۈەن.

ھازىرقى مال مۈلۈك جەمئىي: شىنجاڭ پۇلىغا 5 مىليون 828 مىڭ 805.32 يۈەن، ئامېرىكا پۇلىغا 2 مىليون 952 مىڭ 286.60 يۈەن.

## (12) قوشۇمچە ئىشلار

1 - دېھقانچىلىق مەيدانى: مەبلىغى 300 مىڭ يۈەن، كۆلىمى 45 جۇڭگو موسى، مۇستەقىل باشقۇرۇلىدۇ.

2. كۆمۈر خۇمدىنى، خىش خۇمدىنى، ھاك خۇمدىنى ۋە ياغاچچىلىق زاۋۇتى قاتارلىقلار.

3. ئولتۇراقلىق ئۆي، دوختۇرخانا، مەكتەپ، سودا كوپېراتىپ، كۇلۇب قاتارلىقلار بار.

## (13) بۇرغىلاش تەننەرخىگە مۆلچەر

جەمئىي قېزىلغان قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلىقى 15·830 مېتىر، ھەر بىر مېترىنىڭ تەننەرقى شىنجاڭ پۇلىغا 140 يۈەن، ئامېرىكا پۇلىغا 50 يۈەن، ئامېرىكا پۇلىغا سۇندۇرغاندا جەمئىي 93·8 يۈەن.

«شىنجاڭ مايتاغ نېفىت كانىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ قىسقارتىلمىسى»

ئىلاۋە: مەزكۇر «تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ قىسقارتىلمىسى» دىن قالدۇرۇپ قويۇلغىنى (1) ئورنى، (2) نېفىتلىكنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى. ئاپتورى ۋە ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. مەزمۇنىدىن پەرەز قىلغاندا، يېزىلغان ۋاقتى 1943- يىلى 1- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ياكى ئۇنىڭدىن سەل كېيىن بولۇشى مۇمكىن. «قۇدۇقلارنىڭ ئەھۋالى جەدۋىلى» دە 1943- يىلى 1- ئاينىڭ 8- كۈنى 39- نومۇرلۇق قۇدۇقتىن نېفىت چىققانلىقىنىڭ خاتىرىلەنگەنلىكى بۇنىڭ دەلىلى، باشقا ماتېرىياللارغا قارىغاندا ئاپتور گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بايلىق مەنبە كومىتېتى ئەۋەتكەن تەكشۈرۈش دۈيىدىكىلەردىن بولۇشى ئېھتىمال. بايلىق مەن-

بە كومىتېتىنىڭ 1942- يىلى 12- ئاينىڭ 31- كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە ئەۋەتكەن ئالاقىسىغا ئاساسلانغاندا، «گوكبېجۆەن، شۆخۆگېمىڭ قاتارلىق بەش كىشى ئۈسكۈنىلەرگە باھا قويۇش ئىشى ئۈچۈن ئەۋەتىلدى، بۇلار 11- ئاينىڭ باشلىرى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىقىپ، شۇ ئايدا مايتاغ كان مەيدانىغا يېتىپ بارىدۇ» دېيىلگەن.

مەزكۇر ماتېرىيالدىكى 1942- يىلى 1- ئايدىن 7- ئايغىچە 10577 تونا بېنزىن ئىشلەپچىقىرىلدى دېگەندە خاتالىق بار. ماتېرىيال ئىچىدە تىلغا ئېلىنغان بېنزىننىڭ ئايرىۋېلىنىش نىسبىتى 38-40% بويىچە سۈلدۈرۈپ ھېسابلىغاندا، 10577 تونا بېنزىن ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن 26442—27834 تونا نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلەش، كۈنلۈك مەھسۇلات 126~133 تونا بولۇش كېرەك. ماتېرىيالدا خاتىرىلەنگەن كۈنىگە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەھسۇلات 55 تونا بىلەن سېلىشتۇرغاندا پەرق خېلى چوڭ، شۇڭا «تونا» دېگەن «تۇڭ» دەپ تۈزىتىلىشى كېرەك.

مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى ئېچىلغاندىن بۇيان 30 نەچچە قۇدۇق قېزىلدى، بۇنىڭدىن ئاران تۆت، بەشىدىن نېفىت ئوبدان چىقتى، قالغانلىرىدىن نېفىت ئاز چىقتى ياكى گازلا چىقتى، يا بولمىسا كېرەكسىز بولۇپ كەتتى.

بۇرغىلاش ئۈنۈمى تەخمىنەن سەككىزدىن بىر بولدى. يەنى سەككىز قۇدۇق قازسا بىرسى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى؛ بۇ 30 نەچچە قۇدۇقنى تارقىلىشى بويىچە ئۈچ رايونغا ئايرىشقا بولىدۇ. بىرى شىكو رايونىدىكى 4-، 33 -، 13- ۋە 18- قۇدۇقلار بولۇپ، ئانتىكلىنال قاتلامنىڭ چوققىسىغا جايلاشقان، ئەڭ چوڭقۇرى 1000 مېتىردەك كېلىدۇ. قۇدۇقتا كۆرگىلى بولىدىغىنى سۆسۈن رەڭ ۋە يېشىل رەڭ سىلانىس جىنسىنى ئاساس قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئامبىرى www.uyghurkitap.com

نېفىت ناھايىتى ئاز چىقىدۇ، بىراق گاز كۆپ چىقىدۇ. (ھازىر ھەممىسى توختاپ كەتتى) گاز چىقىدىغان قاتلامنىڭ تەپسىلى ئەھۋالى ئېنىق ئەمەس. يەنە بىرى، نەنگونىڭ شىمالى رايونى بولۇپ، 1-، 2-، 3-، 5-، 7-، 8-، 9-، 10-، 11-، 12-، 17- قۇدۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، كۆپىنچىسى خېلى تېيىز، چوڭقۇرلىقى 100 مېتىردىن 300 نەچچە مېتىرغىچە، ھەممىسىدىن دېگۈدەك گاز چىقىۋاتىدۇ، لېكىن نېفىت ناھايىتى ئاز چىقىدۇ، ھازىر تەگدىن تولىسى تاقىلىپ قالدى، يەنە بىرى نەنگونىڭ جەنۇبى رايونى بولۇپ، 20-، 36-، 37-، 39-، 40-، 41-، 42-، 44- قۇدۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، چوڭقۇرلىقى ئالتە، يەتتە يۈز مېتىردەك كېلىدۇ، ئەڭ چوڭقۇرى (40 - قۇدۇق) 1017 مېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 20-، 37-، 42- قۇدۇقتىن نېفىت ئەڭ ئوبدان چىقىدۇ، ھەر كۈنى 30 توننا ئۆپچۆرىسىدە (مەزكۇر ماتېرىيالنى يېزىۋاتقىنىمىزدا 39 - قۇدۇقتىن كۆپلەپ نېفىت چىققانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم) نېفىت چىقىپ، مەزكۇر زاۋۇتنىڭ ئاساسلىق نېفىت مەنبەسى بولۇپ قالدى. نېفىت قاتلىمىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى توغرىسىدا بورغىلاپ چارلاش خاتىرىسى بولمىغاچقا ئۇنى تەپسىلى ئۇقۇقىلى بولمىدى، لېكىن زىيارەت قىلىپ بىلىشىمچە، نەنگونىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردىكى نېفىت قاتلىمى يەر ئۈستىدىن 600～700 مېتىر ئۆپچۆرىسىدە، تاغ جىنسى شېغىل بولۇپ، قېلىنلىقى ئىككى مېتىردىن تۆت مېتىرغىچە، لېكىن قېلىنلىقىنىڭ ئۆزگىرىشى كۆپ بولۇپ، قاتلام ئورنىنى پەرق

ئېتىش ناھايىتى تەس.

مايتاغ نېفىتلىكىنىڭ نېفىت قاتلىمى ھەم نېپىز ھەم رەتسىز بولۇپ، ھەر بىر قۇدۇقتىن چىقىدىغان نېفىت مىقدارى ناھايىتى ئاز، نېفىتنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىر-دىن-بىر چارىسى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يېڭىدىن جىق نېفىت قۇدۇقى قېزىش، تاما-تاما كۆل بولار دېگەندەك بىر قۇدۇقتىن كۈنىگە 20 توننا نېفىت چىقسا 20 قۇدۇقتىن كۈنىگە 400 توننا نېفىت چىقىدۇ......

......

نېفىت تەركىبىدىكى بېنزىن ئادەتتە 35% ئەتراپىدا، لېكىن بەزىدە 40% كە يېتىدۇ (مەسىلەن: 36 - قۇدۇقتىن شۇندۇق نېفىت چىقتى) كىرسىن ئادەتتە 43%، نېفىتنىڭ ئېقىش نۇقتىسى تۆۋەن بولغاچقا، قىشتا ئاسان توڭلاپ قالمايدۇ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ سۈپىتى ياخشى، كۆپلەپ ئىشلىتىلمىسا بولمايدىغان نېفىت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مايتاغدىكى نېفىت قۇدۇقلىرىنىڭ ھەممىسىدىن كۆمۈر گازى چىقىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە نەنگونىڭ شىمالى رايونىدىكى قۇدۇقلاردىن ئەڭ كۆپ چىقىدۇ؛ شىگۇ ئانتىكلىنال قاتلامنىڭ چوققىسىغا جايلاشقان بولۇپ، گاز مول چىقىدىغان رايونلار بولۇشى ئېھتىمال. ھازىر ھەر قايسى قۇدۇقلاردىن چىقىدىغان كۆمۈر گازى پار قازىنىغا قالاشقىلا ئىشلىتىلىدۇ، كۆمۈرگازىنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى ئانالىز قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن ئېنىق ئەمەس.

خۇاڭجىچىڭ: «شىنجاڭنىڭ شىخو مايتاغدىكى نېفىت ۋە كۆمۈر گاز ياتقۇلىرى توغرىسىدا ئىزاھاتنامە» (1943- يىلى 1 - ئاينىڭ 12- كۈنى مايلىق باسمىسى)

ئىلاۋە: 1942- يىلى 10- ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بايلىق مەنبە كومىتېتى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن مايتاغ نېفىت كانىنى بىرلىشىپ ئېچىش، گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش دۆيى ۋە قۇرۇلۇش تەكشۈرۈش دۆيى ئەۋەتىپ مايتاغدا ئەمەلى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزمەكچى بولغان. گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش دۆيىنىڭ دۆيجاڭى خۇاڭ-جىچىڭ، دۆي ئەزاسى ياڭجۇڭجيەن، چېڭيۈچى، جۇزوگجۇن، شيامېنيەن ۋېڭ ۋېنبو ئىدى. خۇاڭجىچىڭ قاتارلىقلار 11- ئاينىڭ 28- كۈنى مايتاغقا كېلىپ، 1- ئاينىڭ 18- كۈنى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەتتى. 2- ئاينىڭ 1- كۈنى خۇاڭ، ياڭ، چېڭ، جۇلار جەنۇبى شىنجاڭدىكى كۇچار ئىسسىق بۇلاقتىكى، ئاقسۇ كونىشەھەر تاغلاقتىكى نېفىت ئالامەتلىرىنى تەكشۈرۈشكە باردى.

قۇدۇقلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارى سوتكىسىغا 110 توننا ئۆپچۆرىسىدە.

«مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى ۋېن زىجۇننىڭ شىنجاڭ مالىيە نازارىتىگە يوللىغان دوكلاتى» (1943- يىلى 3- ئاينىڭ 21- كۈنى)

مايتاغ دېگەن يەردىكى مايبۇلاق ۋە تەبىئىي گازنى خېلى بۇرۇنلا شۇ يەردىكى ئاھالىلار پىششىق بىلىدۇ. 1935 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى بۇيەرنى بۇرغىلاپ چارلاشنى قارار قىلىپ، 1938- يىلدىن باشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياللانغان ئىنژېنېرلار يېتىپ كەلگەن ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن

توشۇپ كەلگەن ماشىنىلارنى قۇراشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، نېفىتلىكنى ئېچىشنى باشلىغان. گېئولوگىيە جەھەتتىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئىنژېنېرلىرى ئالتىكلىنالنىڭ شەرقىدىكى چوققىنى تاللاپ بۇرغىلاپ چارلاشنى باشلىغان. دەسلەپتە، مەركىزى قىسىمدا تېز بۇرغىلاش ئېلىپ بېرىپ، بىر ئىككى يىل ئىچىدە جەمئىي 15 ئېغىز قۇدۇقنى، يەنى 1-، 2-، 3-، يېڭى 3-، 4-، 5-، يېڭى 5-، 7-، يېڭى 7-، 9-، 10-، 11- ۋە 12- قۇدۇققا ئوخشاش قۇدۇقلارنى قازغان، چوڭقۇرلۇقى ئادەتتە 200 مېتىردىن 300 مېترغىچە، 5- نومۇرلۇق قۇدۇق ئەڭ تېيىز بولۇپ 120 مېتر، 12- نومۇرلۇق قۇدۇق ئەڭ چوڭقۇر بولۇپ 360 مېتر بولغان، مۇشۇنىڭدەك قۇدۇقلاردىن دەسلەپتە نېفىت خېلى كۆپ چىققان بولسىمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي قۇرۇپ كەتكەن، كۆپچىلىك قۇدۇقلاردىن گاز ناھايىتى كۆپ چىققان، بۇنىڭ ئىچىدە بىر قانچە قۇدۇقنى تەكشۈرگەندە، گاز چىقىسىمۇ قۇرۇپ كەتمىگەن، مەسىلەن: يېڭى 3- قۇدۇقنى ئاساس قىلغان گاز قۇدۇقنىڭ گازى يېقىلغۇ قىلىنغان، 12- قۇدۇقتىن كۆپلەپ گاز چىقىپ، كۆلچەكتىن سۇ ئېتىلغاندەك چىققان.

شەرقىي چوققىنى بۇرغىلاپ چارلاشنى ئېچىشنىڭ بىرىنچى مەزگىلى دېيىشكە بولسىمۇ، نەتىجە رازى بولغىدەك بولماي، باشقا يەرنى تاللاپ، سىناپ چارلىغان. 1939 - يىلى شىمگۇدىن 4C - قۇدۇق ۋە 33 - قۇدۇقنى قازغان، 1940 - يىلى شۇ يەردىن يەنە 13 - ۋە 18 - قۇدۇقنى قازغان، قۇدۇقلار بۇرۇنقىدىن چوڭقۇر

بولۇپ، 800 مېترغا يەتكەن ياكى ئۇنىڭدىن ئاشقان، نەتىجىدە گاز كۆپ چىقىپ، ئاز مىقداردا نېفىت چىققان، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەس رازى بولىدۇ، بۇ ئېچىشنىڭ 2 - مەزگىلى بولغان.

1941 - يىلى ۋە 1942 - يىلى چوڭقۇر قازىدىغان بۇرغىلاش ماشىنىسى كانغا كەلگەندىن كېيىن 3 - مەزگىللىك خىزمەت باشلانغان. بۇرغىلاپ چارلاش ئورنى شىگونىڭ جەنۇبىدىكى ئانتىكلىنالىنىڭ مەركىزىدىن يىراق جايدا. بىر يىل ئىچىدە جەمئىي سەككىز قۇدۇق يەنى، 30 -، 20 -، 40 -، 42 -، 41 -، 37 -، 36- ۋە 39 - قۇدۇق قېزىلغان بولۇپ، چوڭقۇرلىقى 360 مېتىردىن (3 - قۇدۇق) 864 مېترغىچە (41 - قۇدۇق) ئەڭ چوڭقۇرى 1017 مېتىرغا (40 - قۇدۇق) يەتكەن. قۇدۇقلاردىن ھەم گاز ھەم نېفىت چىققان، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قانچىسىدىن دەسلەپتە كۈنىگە 30 - 40 توننا نېفىت چىققان، لېكىن بىرەر ئىككى ئايدىن كېيىن ئادەتتە ھەممىسىنىڭ مەھسۇلاتى ئازىيىپ كەتكەن. نېفىت قۇمى يەر يۈزىدىن 600 - 700 مېتر چوڭقۇرلۇقتا. جەنۇبىي جىلىخىدىكى قۇدۇقلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

30 - نېفىت قۇدۇقى، چوڭقۇرلىقى 560 مېتر، بۇ چوڭقۇرلۇقتا بىر قالىچە قېتىم گاز پارتلاپ، كالوننى يېرىۋېتىپ، تېخنىكا جەھەتتە قىيىنچىلىق پەيدا قىلغان، قۇدۇقنىڭ بېسىمىنى ئاشۇرغاندىن كېيىن گاز ئازلاپ، مۇشۇ تەراپىتىكى يېرىقلاردىن سىرغىپ چىققان..

بۇ قاتارلىقلار مايتاغدىكى چاغدا (1942 - يىلدىن 1943 -

يىلغىچە) نېفىت ئايرىش زاۋۇتى دائىرىلىرى جەنۇبىي جىلغىغا قاراپ يۆرۈش قىلماقچى بولۇۋاتقان، يۇ قاتارلىقلار كالدىن ئايرىلغاندىن كېيىن 50 - قۇدۇقنى ئېچىشقا كىرىشكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە 43 - قۇدۇقمۇ پۈتكەن.

قۇدۇقلارنىڭ چوڭقۇرلىقى، مەھسۇلات مىقدارى قاتارلىقلارنىڭ جەدۋىلى تۆۋەندىكىچە:

| قۇدۇق نومۇرى | بۇرغىلاش باشلانغان ۋاقتى | بۇرغىلاش توختىغان ۋاقتى | قۇدۇق چوڭقۇرلىقى | مەھسۇلاتى |
|---|---|---|---|---|
| 15 | 1938 - يىلى ئەتىياز | 40-يىلى قىش | 200·3 | مۇھىم ئەمەس |
| 4 | 39-يىلى ئەتىياز | 39-يىلى ياز | 100 | يوق |
| 33 | 39-يىلى ياز | 40-يىلى ئەتىياز | 270 | ″ |
| 13 | 40-يىلى كۈز | 41-يىلى ئەتىياز | 603 | ″ |
| 18 | 40-يىلى قىش | 42·10 | 1030 | ″ |
| 19 | 41-يىلى ئەتىياز | 41-يىلى كۈز | 378 | ″ |
| 30 | 41·6 | 41·12 | 560 | 0·3 توننا |
| 20 | 41·9 | 42·2 | 730 | 3·0 ″ |
| 42 | 42·2 | 42·5 | 749 | ئىنتايىن ئاز |
| 41. | 42·2 | 42·5 | 864 | 7·0 توننا |
| 37 | 42·2 | 42·6 | 611 | 5·0 ″ |
| 36 | 42·6 | 42·11 | 655 | يوق |
| 44 | 43·7 | 42·9 | 735 | ″ |

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| [illegible] | 1017 | 42.7 | 42.1 | 40 |
| | 807 | 43.1 | 42.7 | 39 |
| | 540 | | 42.8 | 43 |
| | 88 | | 42.12 | 8 |
| ئىنتايىن ئاز | 1453 | 42.11 | 42.2 | 21 |
| گاز | 320 | | 39 | يېڭى3- |
| گاز | 367 | 41.3 | 40.10 | 17 |

بۇ قاتارلىقلار نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدىكى چاغدا نېفىتنىڭ مەھسۇلات مىقدارى كۈنىگە 30 — 40 تونىنا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 20 -، 42 - ۋە 37 - قۇدۇقتىنلا 30 تونىنا چىققان. 1943-يىلى 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن باشلاپ 39 - قۇدۇقتىن نېفىت چىققان، دەسلەپتە مەھسۇلات مىقدارى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، كۈنىگە 40 تونىنىغا يەتكەن، مەزكۇر نېفىتلىكنىڭ كۈنلۈك مەھسۇلاتى جەمئىي 70 - 80 تونىنا بولغان، لېكىن بۇ رېكورت ئۇزۇن داۋاملاشماي، تېزدىنلا چۈشۈپ كەتكەن.

نېفىت ئايرىش خىزمىتىنى ئىنژېنېرلار مەخپىي ئىشلىگەن، ئىشلەتكەن ئۇسۇلى ۋە ماشىنىلىرى ئىنتايىن زامانىۋىيلاشقان بولۇپ، نېفىت ئايرىشتا ئەڭ چوڭ سىغىمى كۈنىگە 240 تونىنىغا (نېفىت) يەتكەن، چەكلىمىشتە ئەڭ مۇۋاپىق سىغىمى كۈنىگە 170 تونىنا بولغان. بۇنىڭدىن نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ سىغىمىنىڭ مەھسۇلات مىقدارىغا قاراپ ئانچە چوڭ بولۇپ كېتىشكە

بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھەر قايسى قۇدۇقلاردىن بىر ئايدا چىققان نېفىتنى نېفىت ئايرىش زاۋۇتى 4 ـ 5 كۈندىلا ئايرىپ تۈگىتىدۇ. شۇڭا نېفىت ئايرىش زاۋۇتى ھەر ئاينىڭ كۆپىنچە چاغلىرىدا بوش قالىدۇ، جەنۇبىي جىلغىدا بىر كونا تىپتىكى نېفىت ئايرىش زاۋۇتى بولۇپ، سىغىمى كۈنىگە ئالتە تونىنا ئىدى.

خۇاڭ جىچىڭ: «شىخو مايتاغ نېفىت كانى» (قول يازما، يىلى ئېنىق ئەمەس).

جەمئىي 30 نەچچە يەردە نېفىت قۇدۇقى بۇرغىلاپ چارلانغان، ئۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشىراقىدىن تۆتتەك يەردە بار ئىدى. قازغان چوڭقۇرلىقى ئەڭ چوڭقۇر يېرىنىڭ 1500 مېترغا يەتكەن، نېفىت قۇدۇقىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدىن ھايۋاناتلارنىڭ تاشقا ئايلانغان جىنسىنى بايقىغان، بۇنى ئىچى كاۋاك بۇرغا تۇرۇبىسى ئىچىدىن چىقىرىۋالغان، بۇنىڭ ئىچىدە بۇرمىسىمان تاشقا ئايلانغان جىنس ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولۇپ، قالغاچ تېشى، مارجان تېشى قاتارلىقلار بار ئىدى.

مىنگونىڭ 31 ـ يىلى ھەر سوتكىدىكى ئومۇمى مەھسۇلات مىقدارى 200 نەچچە توننىغا (جۈملىدىن كىرسىن ۋە بېنزىن، نېفىت بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس) يەتكەن.

ۋۇفېن: «شىنجاڭ كانچىلىقىنىڭ ئەھۋالى» (1946 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قول يازما).

ئىلاۋە: ۋۇفېن ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ زاۋۇت كان بۆلۈمىنىڭ خادىمى.

.... 27 ـ يىلى (ئىلاۋە: 1938 ـ يىلى) دىن 29 ـ يىلغىچە 1، 2،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

3، يېڭى 3 -، 4 -، يېڭى 4 -، 5 -، يېڭى 5 -، 6 -، 7 -، يېڭى 7 -، 9 -، 10 -، 11 -، 12 - قۇدۇق بولۇپ، جەمئىي 15 قۇدۇق قېزىلغان، بۇ قۇدۇقلار مەركىزى لىنىيىنىڭ سول تەرىپىگە يېقىن بولۇپ، چوڭقۇرلىقى ئادەتتە 200-300 مېتر، ئەڭ تېيىزى 10- قۇدۇق بولۇپ 120 مېتر، ئەڭ چوڭقۇرى 5- قۇدۇق بولۇپ 360 مېتر بولغان، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر مۇنچە قۇدۇقلارنىڭ مەھسۇلاتى دەسلەپتە خېلىلا ياخشى بولغان بولسىمۇ بىر ئىككى يىلدىن كېيىن ئازلاپ كەتكەن ياكى گازلا چىقىپ ماي چىقمىغان.

مىنگونىڭ 30 - يىلىدىن 31 - يىلىغىچە (1941 ~ 1942) سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ كۆپلەپ ماشىنا كىرگۈزۈپ، ئېچىش بە - لەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، 30 -، 20 -، 40 -، 42 -، 41 -، 37 -، 36 -، 39 - قۇدۇق بولۇپ، جەمئىي سەككىز قۇدۇق قازغان، قۇدۇق ئورنى ستروكتورىنىڭ چوققىسىدىن سەل يىراقتا بولۇپ، چوڭقۇرلىقى 700 مېتر ئۆپچۆرىسىدە بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە 30 - قۇدۇق ئەڭ تېيىز بولۇپ، 526 مېتر، ئەڭ چوڭقۇرى 40 - قۇدۇق بولۇپ، 1017 مېتر، ئۇنىڭدىن قالسا 41 - قۇدۇق بولۇپ، 872 مېتر بولغان. بىر قانچە قۇدۇقتىن دەسلەپتە كۈنىگە 200 ~ 300 توننىڭ نېفىت چىققان بولسىمۇ بىر ئايغا يەتمەي مەھسۇلاتى جىق تۆۋەنلەپ كەتكەن، پەقەت ئەڭ جەنۇب تەرىپىدىكى 50 - قۇدۇق قېزىلىپ 570 مېتر چوڭقۇرلۇققا باردى، نېفىت قاتلىمىغا يەتمىدى، داۋاملىق قېزىشقا توغرا كېلىدۇ.

## مۇھىم قۇدۇقلارنىڭ قېزىلغان ۋاقتى ۋە چوڭقۇرلىقى توغرىسىدا تۆۋەندىكى جەدۋەل تۈزۈلدى

| قۇدۇق نومۇرى | قۇدۇق چوڭقۇرلىقى (مېتر) | قۇدۇق ئېچىلىش ۋە تاقىلىش ۋاقتى | دەسلەپتىكى ئەڭ زور مەھسۇلاتى (توننا) |
|---|---|---|---|
| 2 | 234 | 1940 - يىلى 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە | ئېنىق ئەمەس |
| 3 | 330 | 1939 - يىلى 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە | 〃 |
| 17 | 374 | 1940 - يىل 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە | 〃 |
| 20 | 717 | 1941 - يىل 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە | 199 |
| 30 | 562 | 1941 - يىل 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە | 90 |
| 36 | 689 | 1942 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنىگىچە | 83 |
| 37 | 609 | 1942 - يىل 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنىگىچە | 216 |
| 39 | 805 | 1942 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە | 300 |
| 41 | 872 | 〃 -7 〃 -5 〃 -1 〃 -2 〃 | 75 |
| 42 | 750 | 1941 - يىل 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 1942 - يىل 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە | 150 |
| 43 | 750 | 1942 - يىل 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 1943 - يىل 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنىگىچە | 180 |

## مايتاغ نېفىت كانىنىڭ ھەر ئايلىق نېفىت مەھسۇلاتى جەدۋىلى     بىرلىكى: توڭ

| ئايلار | 2* | 20 | 30 | 42 | 41 | 37 | 36 | 39 | 43 | جەمئى | ئىمزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1942 - يىل 1 - ئاي | 23 | 2657 | 119 | | | | | | | 2999 | |
| 2 - ئاي | 24 | 4365 | 143 | | | | | | | 4532 | |
| 3 - ئاي | 28 | 308 | 56 | 2244 | | | | | | 3636 | |
| 4 - ئاي | 36 | 3361 | 80 | 1699 | 53 | | | | | 5199 | |
| 5 - ئاي | 17 | 3010 | 38 | 2156 | 473 | 98 | | | | 5792 | |
| 6 - ئاي | | 2552 | 17 | 1930 | 215 | 1193 | | | | 5907 | |
| 7 - ئاي | | 2164 | 11 | 1358 | 59 | 983 | | | | 4575 | |
| 8 - ئاي | | 2078 | | 1390 | | | 154 | | | 3622 | |
| 9 - ئاي | 16 | 1757 | | 1394 | | 218 | 173 | | | 3558 | |
| 10 - ئاي | 15 | 1711 | 46 | 1489 | 69 | 1193 | | | | 4523 | |
| 11 - ئاي | 26 | 1575 | 45 | 1155 | 6 | 508 | 1005 | | | 4230 | |
| 12 - ئاي | 42 | 1621 | 300 | 1175 | 22 | 521 | 600 | | | 4287 | |
| 1943 - يىل 1 - ئاي | 22 | 1448 | 45 | 900 | · | 420 | 482 | 1052 | | 4369 | |
| 2 - ئاي | 23 | 1054 | 57 | 816 | | 320 | 601 | 569 | | 3417 | |
| 3 - ئاي | 17 | 1046 | 42 | 840 | 45 | 419 | 705 | 3054 | 1370 | 7538 | |
| 4 - ئاي | 32 | 821 | 45 | 980 | 58 | 398 | 646 | 3105 | 2561 | 8646 | |

پەنشۇالى «جوڭگودىكى نېفىت كانلىرى ھەققىدە خاتىرە» (ئازادلىقتىن بۇرۇن ماشىنىكىدا ئۇرۇلغان نۇسخا)

سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ باشقۇرغان چاغدا پارتىۋاي بەلەن ئايلاندۇرۇپ قازىدىغان 1800 مېترلىق بۇرغا ستانوكىدىن بىر يۇرۇش، 1000 مېترلىقتىن ئىككى يۇرۇش، 720 تۇڭلۇق تۇرۇبىسىمان لېفىت ئايرىش پېچىدىن بىرسى، 85 تۇڭلۇق پېچىتىن بىرسى بار ئىدى ....

....

مەزكۇر زاۋۇتنىڭ بۇرۇنقى يىللاردىكى مەھسۇلاتىنى بىلگىلى بولمايدۇ. پەقەت مەھسۇلاتى ئەڭ يۇقىرى بولغان مىنگونىڭ 31 - يىلى (ئىلاۋە: 1942 - يىلى) ۋە 32 - يىلىنىڭ دەسلەپكىدىكى تۆت ئايدا قۇدۇقلارنىڭ ئايلىق مەھسۇلاتىغا دائىر جەدۋەل تۆۋەندىكىچە:

ئىلاۋە: يۇقىرىدىكى جەدۋەلدىكى بەزى ئايلارنىڭ يىغىندىسى بىلەن ئايرىم سانلارنىڭ قوشۇلمىسى تەڭ ئەمەس. بۇنىڭ سەۋەبى نامەلۇم.

1938 - يىلى 9 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ چارە تۈزۈپ چىقىپ، ماشىنا زاپچاسلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن توشۇپ ئەكىردى. بۇنىڭ ئىچىدە بۇرغىلاش ستانوكىدىن ئىقتىدارى 200 مېترلىقتىن ئىككىسى، ئىقتىدارى 300 مېترلىقتىن بىرى بار، بۇلارنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياسالغان. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، 33 قۇدۇق قېزىلدى، ئەڭ تېيىزى 100 مېتىر، ئەڭ چوڭقۇرى 1017 مېتر بولدى. لېفىت ئايرىش ئۈسكۈنىسىدىن 1938-يىلى ئەتىيازدا ئاۋۋال ھورلاندۇرۇش شەكلىدىكى ئايرىش پېچى-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

دىن بىرسى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە كۈنىگە 1300 تۇڭ نېفىت ئايرىيالايدىغان ھورلاندۇرۇش ئۈسكۈنىسىدىن بىرى قۇرۇلۇشقا باشلاپ، 1940 ‑ يىلى پۈتتى. شۇ چاغدا كۈنلۈك نېفىت مەھسۇلاتى بىر نەچچە ئون تۇڭدىن ئاشمىغانلىقى ئۈچۈن، ئايرىشقا يېتىشمەيتتى، كۈنىگە 45 تۇڭ نېفىت ئايرىيالايدىغان ھورلاندۇرۇش شەكلىدىكى پېچتىن بىرنىلا ئىشلەيتتى.

1942 ‑ يىلى 1 ‑ ئايدا ئىشلەپچىقىرىش قۇدۇقىدىن ئۈچى باردى، 1943 ‑ يىلى 4 ‑ ئايدا ئىشلەپچىقىرىش قۇدۇقىدىن توققۇزى بار ئىدى.

«جۇڭگو نېفىت سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» (1949 ‑ يىلى ماشىنكىدا ئۇرۇپ بېسىلغان نۇسخىسى)

## III جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرى ۋە تەرەققىپەرۋەر زاتلارنىڭ مايتاغ نېفىت كانىغا كۆڭۈل بۆلۈشى

رۇخسەت، ئەسلى ھېسابات تۈزىتىلسۇن. يۈەن، 14· جۇ ‑ بىڭ (تامغا)

يولداش ماۋزېمىننىڭ مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى ۋاڭخۇا لۇنىڭ، قويىنىڭ ھەر بىرىگە 15 يۈەن، بۇغدايىنىڭ ھەر بىر دەنگە 20 يۈەندىن باھا قويۇش توغرىسىدىكى دوكلاتىغا سالغان تەستىقى (1941 ‑ يىل).

1 ‑ مەزكۇر زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىش ئورگىنى بولغاچقا ئىجارە ھەققى كېچىرىم قىلىنسۇن. ئادەتتىكى قائىدىگە ئۇيغۇن

بولمىسا، ئويلۇشۇپ ئىش كۆرۈشكىلى بولىدۇ.

2 ـ ئەسلىدىكى ئىجارە ھەققى بويىچە مەزكۇر زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىشىگە بېرىلسۇن.

يۈەن، 31، جۇبىڭ (تامغا)

يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى ۋاڭخۇالۇنىڭ شىخۇ ناھىيىسى ئەسلىدە بارتى بېرىشقا ئىجارىگە بەرگەن يەرنىڭ مۇددىتى توشقاندىن كېيىن ئۇنى زاۋۇتقا بېرىش ھەمدە ئىجارە ھەققىنى كېچىرىم قىلىش ھەققىدىكى دوكلاتىغا سېلىنغان تەستىقى. (1941 ـ يىلى)•

1 ـ 30 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلسۇن.

2 ـ تېلېگرام ئارقىلىق بۇ زاۋۇتنىڭ بۇندىن كېيىن پۇل تەلەپ قىلىش ئىشلىرىدا باش ئىنژېنېر ئىمزا قويسا ئىناۋەتلىك بولىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلسۇن.

ماۋزېدۇڭنىڭ مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى ۋاڭخۇالۇنىڭ كۆمۈر توشۇش راسخوتى ئاجرىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ يازغان دوكلاتىغا سالغان تەستىقى (1941 ـ يىلى).

مەزكۇر زاۋۇتنىڭ دۆلەت مۈلكىگە شۇنچىۋالا كۆيۈنگەنلىكى ئالاھىدە ياخشى ئىش. ئىقتىساد قىلىش ھەرىكىتىگە ئاۋاز قوشقان، تاللاپ چىقىرىلغان چوڭ ـ كىچىك تۆمۈر تېزەكلىرىنى ئامال قىلىپ پۇقرالارنىڭ پايدىلىنىشىغا سېتىپ بەرمەكچى بولۇپ، بىكار بولۇپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن باھا قويۇپ،

www.uyghurkitap.com

جەدۋەل تۈزۈپ چىققان. شۇ بويىچە بېجىرىپ تىزىمغا ئېلىنسۇن.

ماۋزېمىننىڭ مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ مەزكۇر زاۋۇت تاللاپ چىققان ئىشلىتىشكە يارىمايدىغان چوڭ - كىچىك تۆمۈر تۇڭلارنىڭ سانىنى ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىشىنى تەلەپ قىلىپ يازغان دوكلاتىغا جاۋاب خېتى (1940 - يىلى 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى).

500 بېيجىڭ دەنلىك بۇغداينى ئاجرىتىپ، ئىلگىرىكى تېلېگرامما بويىچە بېجىرىلسۇن.[1]

9. 6. جۇبىڭ (تامغا)

يولداش ماۋزېمىننىڭ مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى يېتىشمەي شىخو باج ئىدارىسىدىن شۇ يىللىق غەللە پاراق ئاشلىقنى ئاجرىتىپ بېرىشنى سوراپ يوللىغان دوكلاتىغا سالغان تەستىقى.

30 يۈەنگە يارىسا مەزكۇر ئىدارە بىلەن نېفىت ئايرىش زاۋۇتى بىۋاسىتە ھېسابلاشقاندىن كېيىن ھېسابىنى يۆتكىسە بولىدۇ.

10. 8. جۇبىڭ (تامغا)

يولداش ماۋزېمىننىڭ شىخو باج ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈشتىن بۇرۇن مايتاغ نېفىت زاۋۇتىغا ئاجرىتىپ بەرگەن قويلىرىنى باھاغا سۇندۇرۇش (ھەر بىرسى ئەڭ تۆۋەن باھا 30 يۈەنگە سۇندۇرۇپ) ھەققىدىكى دوكلاتىغا سالغان تەستىقى.

[1] ئىلاۋە: ماۋزېمىن (تەخەللۇسى جۇبىڭ) 1938 — 1941 - يىللىرى شىنجاڭدا مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان.

1935 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى شىڭ شىسەينىڭ «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، دىيانەتلىك بولۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش» تىن ئىبارەت «ئالتە چوڭ سىياسەت» نى تۈزۈپ چىقىشىغا ياردەملەشتى.

جۇڭگو كوممۇنىستلىرى شىڭ شىسەينىڭ قاتمۇ - قات توسقۇنلۇقلىرىنى يېڭىپ، ھەر قايسى خىزمەت تارماقلىرىدا ۋە خىزمەت ئورۇنلىرىدا ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئالتە چوڭ سىياسەتنى قەتئىي بېجا كەلتۈردى. 1933 - يىلىدىن تارتىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغانغا قەدەر بولغان قىسقىغىنە بىر قانچە يىل ئىچىدە سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتتى. ئالايلۇق:

......

ئىقتىسادىي خىزمەت جەھەتتە شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە ياردەملىشىپ، بىرىنچى قارار ئۈچ يىللىق قۇرۇلۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇردى..... سانائەت قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى نەتىجىلىرىمۇ ناھايىتى كۆرۈنەرلىك بولدى، 1936 - يىلى شىخونىڭ مايتاغقا نېفىت زاۋۇتى قۇردى. بۇنىڭدا بۇرغىلاپ قاچىلاش ماشىنىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سېتىۋېلىندى، تېخنىكا خادىملىرى نېفىت ئېلىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەكلىپ قىلىندى؛......

يولداش ماۋزېمىن 1938 - يىلى شىنجاڭ مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولغاندىن كېيىن قانۇنلۇق ئورنى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، جاپالىق خىزمەت ئىشلىدى......مايتاغ نېفىت زاۋۇتىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى كۈنسايىن مۇكەممەللىشىپ، نېفىتنىڭ كۈنلۈك مەھسۇلاتى 1941 - يىلى 100 توننا ئۆپچۆرىسىگە يەتتى:......

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى: « ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قىسقىچە تارىخى توغرىسىدىكى تەزكىرىلەر توپلىمى » ( دەسلەپكى ئورىگىنال) ( 1963 - يىل )

شىنجاڭدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئىقتىسادىي خىزمەت جەھەتتىمۇ شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن ئاز بولمىغان تۆھپىلەرنى قوشتى. بۇ مەزگىلدە، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا مەلۇم تەرەققىياتلارنىڭ بولغانلىقىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر كادىرى يولداش ماۋزېمىننىڭ تىرىشچانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. يولداش ماۋزېمىن شىنجاڭ مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلەرنى قوللىنىپ كونا مالىيە خىزمىتىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلىدى......سانائەت ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە مايتاغ نېفىت زاۋۇتىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى تولۇقلاپ، نېفىتنىڭ كۈنلۈك مەھسۇلاتىنى 100 توننىغا يېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

دىڭ جېڭچىڭ: « ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە پارتىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىنقىلابى پائالىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى » ( « مىللەتلەر تەتقىقاتى »، 1959 - يىل 6 - سان )

يولداش ماۋزېمىن مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولغاندىن كېيىن، مالىيە تەشكىلاتلىرىنى تەڭشىدى، پۇل مۇئامىلە تۈزۈمى-نى ئورناتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مالىيە ئىمتىيازىنى تەرتىپكە سال-دى....... مۇشۇ ئاساستا تۈرلۈك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرى-نى چىڭ تۇتۇپ ئىلىپ باردى. مەسىلەن: مايتاغ نېفىت كانى ۋە تۇدۇڭخې چۆيۈن زاۋۇتى شۇ ۋاقىتتا قۇرۇلۇشقا باشلىغانىدى.

ياڭ نەنگۈي: « شىنجاڭ تۈرمىسىدىكى كۈرەش خاتىرىسى » ( « قىزىلبايراق لەپىلدىمەكتە » 10 - قىسىم )

يولداش ماۋزېمىن ئوتتۇرىغا قويغان ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇ-رۇش، باج مەنبەسىنى يېتىشتۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش خادىم-لىرىنى كۆپەيتىش، غەيرى ئىشلەپچىقىرىش خادىملىرىنى ئازاي-تىش دېگەن يوليورۇققا ئاساسەن، كارخانا ئورۇنلىرى، مەسىلەن: سودا شىركىتى، ئالتاي ئالتۇن كان ئىدارىسى، مايتاغ نېفىت كانى ۋە شۇنىڭدەك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق ئورۇنلىرىنىڭ ئېھتىياجى ئىمكان قەدەر قاندۇرۇلدى.

ليۇ دېخې: « يولداش ماۋزېمىن شىنجاڭنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرغان مەزگىلدىكى تەدبىرلىرى ۋە تۆھپىسى » ( « شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرىدىن تاللانما » 8 - قىسىم. شىنجاڭ خەلق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نەشرىياتى 1981 ـ يىل 2 ـ ئاي )

ـــ يولداش زېمىن ( ماۋزېمىننى دېمەكچى ـــ ت ) دائىم: ماليە ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشنىڭ تۈپ چارىسى كىرىمنى كۆپەيتىپ، چىقىمنى تېجەش دەيتتى. كىرىمنى كۆپەيتىش ـــ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش دېگەنلىك ئىدى. يولداش زېمىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىشچىلارنى ئاكتىپ قوللاپ ھەمدە ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىپ مايتاغ نېفىت كانى، ئالتاي ئالتۇن كانى، تۇدۇڭخې چۆيۈن زاۋۇتى قاتارلىق كارخانىلارنى قۇرۇپ ۋە كېڭەيتىپ، شىنجاڭنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا تۆھپە قوشتى. شۇ ئارقىلىق ماليە ئەھۋالىنى بۇراشتا ئەجايىپ رول ئوينىدى.

شيەلياڭ، گاۋدېڭباڭ، چېن شى، جياڭ ليەنمو، يەن يەجىن:

«تەڭرىتاغقا ئاقغۇزغاچ ئىسسىق قېنىنى، ھەممە كىشى يادلايدۇ مەڭگۈ گە ئۇنى» ( «شىنجاڭ گېزىتى» 1983 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى )

ئېسسىمىدىن چىقمايدىغىنى شۇكى، 1939 ـ يىل 8 ـ ئايدا دۇجۇڭشيەن ئەپەندى ئۆمەك باشلىقى، جاڭ جوڭشى ۋە گوشېنشەن ( ئىلمىي باشقارما باشلىقى ) مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ، 200 نەچچە ئوقۇغۇچىدىن،«شىنجاڭ شۆيۈەن يازلىق تەتىل خىزمەت ئۆمىكى» ئۇيۇشتۇرۇلغان. بۇ ئۆمەك غۇلجا، سۇيدۇڭ، كۆرەجىلك، شىخو، ماناس، قۇتۇبى ۋە مايتاغ نېفىت كانى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقىگە ياپون

باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق
قىلغان...... خىزمەت ئۆمەكىنىڭ پائالىيەت جەدۋىلىدە ئەسلىدە
مايتاغ نېفىت كانىغا بېرىش ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان، لېكىن نېفىت
كان ئىشچىلىرى شىخوغا ۋەكىل ئەۋەتىپ، خىزمەت ئۆمەكىنىڭ
كان رايونىغا بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. دۇ ئەپەندىم ئىشچىلارنى
قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدى. ئەينى يىل-
لاردا مايتاغ نېفىت كانى قاقاس بىر جاي بولۇپ، كۆل - كىياھ
سۇ يوق ئىدى، ئىشچىلار ئاددى ئۆيلەردە ئولتۇراتتى. دۇ ئە-
پەندىم كان رايونىدا قىزغىنلىقتا تولغان نۇتۇق سۆزلەپ ئىشچى
قېرىنداشلاردىن سەمىمىي هال سوراپ، ئۇلارنىڭ ياپون باسقۇن-
چىلىرىغا قارشى تۇرۇش يولىدا نېفىتنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقارغان
تۆھپىسىنى يۇكسەك دەرىجىدە ماختىدى. كان رايون ئىشچىلىرى
ئوچۇق يەرگە سەھنە ياسىدى، كەچتە ئويۇن قويۇۋاتقاندا تۇيۇقسىز
قاتتىق بوران چىقىپ، سەھنىنى لىڭشىتقىلى تۇردى، دۇ جۈكيۈەن
ئىشچىلار بىلەن بىرلىكتە ياغاچ كۆتۈرۈپ كېلىپ، سەھنىنى تىرەپ
قويدى، بىر مۇنچە ساۋاقداشلار پەردىنى قولىدا تارتىپ تۇردى.
سەھنە ئەسۋابلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئويۇننى داۋاملاشتۇردى.
دەم ئېلىش ۋاقتىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈز - كۆز، پۇت - قوللى-
رىنى يۇيۇپ، هاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئىشچىلار بىر نەچچە چېلەك
ئىسسىق سۇ ئەكىلىپ بەردى. دۇ ئەپەندىم تۇيۇقسىزلا يۈگرەپ
كېلىپ ساۋاقداشلارنى سۇ ئىشلىتىشتىن توستى. ئۇ مۇنداق دې-
دى: «بۇ يەردە سۇ قىس، بىز ئىشچىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى كۆ-

پەيتمۇەتمەك بولمايدۇ»؛ ئەسلىدە دۇ ئەپەندىم ئىشچىلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە مايتاغ كان رايونىدا سۇنىڭ ناھايىتى قىس ئىكەنلىكىنى، سۇئاقتۇزۇش تۇرۇبىسىنىڭ تېخى پۈتمىگەنلىكىنى كۈيتۇڭ دەرياسىدىن توشۇپ كېلىش ئۈچۈن 10 نەچچە يول يۈرۈش كېرەكلىكىنى، خېلى ۋاقىتتا ئاران بىرەر قېتىم سۇ ئەكەلگىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇققان ئىكەن، ئىشچىلار تۇرمۇشقا ئىشلىتىدىغان سۇنىڭ يېرىمىنى تېجەپ، بۈگۈن كېچە ۋە ئەتە ئەتىگەندە خىزمەت ئۈمىكىنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا بەرگەن ئىكەن. شۇ كۈنى كېچىسى دۇ ئەپەندىم ئەتە تاڭ يورۇشىغىلا يول چىقىشىنى، ئىشچىلارنى ئويغىتىۋەتمەسلىكنى ئۇقتۇردى. ئۇلار ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ بولغاندا كان رايونىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە نۇرغۇن ئىشچىلار يۈگۈرەپ كېلىپ، ئەتىگەنلىك تاماق يەپ مېڭىڭلار دەپ تۇتىۋالىسىمۇ دۇ ئەپەندىم ئىشچىلارنىڭ كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتىپ، تۇسقانىغا ئۇنىماي كىتىپ قالدى. بىر مۇنچە ئىشچىلار بۇنىڭدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپ كەتتى. بىر ئۇيغۇر ئىشچى باشمالتىقىنى چىقىرىپ كەينى - كەينىدىن: «يارايدۇ! يارايدۇ!» دەپ ماختىدى.

سۇڭ شيەندا: «ۋەتەن قۇتقۇزۇش يولىدا قىلغاچ كۆرەش، جاسارىتى ساقلىنار ئەبەدىل ئەبەد-دۇجۇڭشيەن ئەپەندىنىڭ شىنجاڭ شۆيەندىكى چاغلىرىدىنى ئەسلەش» (شىنجاڭ گېزىتى 1983- يىل 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى)

ئېلاۋە: دۇجۇڭشيەن. ئاتاغلىق ۋەتەنپەرۋەر زات، 1939 - يىلى

شىنجاڭ شۆبىلىنىڭ باشلىقى بولغان. 1940 - يىلى قىشتا شىڭ شىسەينىڭ تەرىپىدىن ئەزەربەنت قىلىنغان، 1943 - يىلى شىڭ شىسەينىڭ تەرىپىدىن تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگەن.

## شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلاشقاندىن كېيىن مايتاغ نېفىت كانىنىڭ خارابلىشىشى

1942 - يىل

5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چېن تەنچيۇ رېنبىشىغا تېلېگرامما بېرىپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا مۇنۇلارنى دوكلات قىلغان: سوۋېت - گېرمانىيە ئۇرۇشىدىن كېيىن جياڭ جېيشى شىنجاڭنى تارتىۋېلىشقا پائال ھەرىكەتلىنىپ، خۇزۇڭنەن قىسمىلىرىنى مابۇفاڭنىڭ ئورنىغا مۇداپىئەگە قويدى، جياڭ جېيشى جاڭ يۈەنخۇ (ئىلاۋە: جاڭ يۈەنخۇ شىڭ شىسەينىڭ چۇڭچىڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى) نى شىنجاڭغا قايتىپ بېرىپ، شىڭ شىسەي بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ئەۋەتتى، شىڭ شىسەي بۈگۈن بەشىنچى ئىنىسى شىڭ شىنى جاڭ يۈەنخۇ بىلەن بىر ئايروپىلاندا چۇڭچىڭغا ئەۋەتتى. شىڭ شىيىشىنشى شەرتنامىسى ۋە مايتاغ نېفىت كانىنىڭ ھۆججەتلىرىنى ئېلىپ سەنشىگە بېرىپ جياڭ جېيشى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن تېزدىن شىنجاڭغا ئادەم ئەۋەتىشنى سوراپ، تىل بىرىكتۈرۈشنى جىددىيلەشتۈرمەكچى .....

6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شىڭ شىسەي جياڭجېيشىغا يوللىغان مەخپىي تېلېگراممىسىدا: سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى مولوتوۋنىڭ تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. سوۋېت ئىتتىپاقى بىر قانچە كۈن ئىچىدە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى دېكانوزوۋنى مايتاغ نېفىت كانى ۋە باشقا مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭغا ئەۋەتمەكچى دەپتۇ، دېگەن. شىڭ شىسەي جياڭجېيشىدىن مۇھىم ئادەملەرنى شىنجاڭ - سوۋېت سۆھبىتىگە قاتنىشىشقا ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغان.

7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جياڭ جېيشى جۇشاۋلياڭ، ۋېڭ ۋېنخاۋ، ماۋ باگچۇ قاتارلىقلارنى ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى.

(ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى پارتىيە تارىخىي خىزمەت كومىتېتىنىڭ «يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ شىنجاڭدىكى كۆرەشلىرىدىن خاتىرە» (ئازادلىق ئارمىيە نەشرىياتى، خەنزۇچە، 1985 - يىل 8 - ئاي).

1942 - يىلىنىڭ ئاخىرى مەن يۇيمىن نېفىت كانىدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىقتىساد مىنىستىرلىكى قوشۇمچە باشلىق مەنبە كومىتېتىنىڭ مۇدىر ئەزاسى ۋېڭ ۋېنخاۋنىڭ چۈشۈرگەن ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇنىڭدا: ئەتە ئۆزۈمنىڭ جۇچۈەن ئايرودرومىدىن ئۆتۈپ، ئۈرۈمچىگە بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن نېفىت كان ئىشلىرىنى مەسلىھەتلىشىدىغانلىقىمنى، مېنىڭ جۇچۈەن ئايرودرومىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈ -

شۇپ، بىللە ئۈرۈمچىگە بېرىشقا تەكلىپ قىلمىدىغانلىقىنى ئېيت -
تىپتۇ ......

......

بىز يېتىپ بارغاندا، شىڭ شىسەي ۋاڭ ۋېنخاۋنى ئۆزى -
نىڭ دۇبەن مەھكىمىسىگە تەكلىپ قىلىپ، ئايرىم سۆھبەتلەشكەن.
شىڭ شىسەي مۇنداق دېگەن: شىخو مايتاغ نېفىت كانىنى شىن -
جاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى بىرلىشىپ باشقۇرغان. يېقىندا مەن
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مى-
نىستىرىنى ئۈرۈمچىگە نېفىت كانى ئىشلىرى توغرىلىق ئەۋەتىدى-
غانلىقى ھەققىدىكى تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالدىم. سوۋېت ئىتتى -
پاقى شىنجاڭغا ئەزەلدىن مۇنداق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار
ئەۋەتىپ باقمىغان. بۇ قېتىم تۇيۇقسىزلا مۇنداق مۇئاۋىن مىنىس-
تىرنى ئەۋەتكەنلىكىدىن ناھايىتى تەشۋىشلەندىم. ئۇ راستىنلا
شىخو نېفىت كانى ئىشلىرى توغرىلىق كەلدىمۇ - يوق؟ شۇڭا
ۋاڭ ۋېنخاۋنى تەكلىپ قىلىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ نامى بە-
لەن ئۇلارغا تاقابىل تۇرماقچىمەن ....

بۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى -
نىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى دېكانوزوۋ ئۈرۈمچىگە كەلدى، ....
كېيىن ۋاڭ ۋېنخاۋ جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى سا-
لاھىيىتى بىلەن بۇ مۇئاۋىن مىنىستىر بىلەن نېفىت كانىنى بىر -
لىشىپ باشقۇرۇش ئىشىنى سۆھبەتلەشتى، نەتىجىسى بولمىدى.

سوڭ يۈچى: ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەز -

گىلىدە ئىككى قېتىم شىنجاڭغا بېرىش خاتىرىسى» («تارىخىي ماتېرىياللاردىن تاللانما» 84 - قىسىم، تارىخىي ماتېرىياللار نەشرىياتى، 1982 - يىل 12 - ئاي).

ئىرتىمىن: بۈگۈنكى سۆھبەت يىغىنىدا كۆتىمدىغىنىم، مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ خىزمىتى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، كۆپلەپ ئىشلەپچىقارسا ۋە ياخشىلانسا. بۈگۈنكى سۆھبەت يىغىنىغا پېلىڭ ئازىر، لى ئازىر، باش كونسۇل قاتناشتى. خىزمەتلەرنى ياخشىلاش ئۈچۈن مايتاغنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىرەك ئۇقۇشۇپ كۆرۈشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدىكى قۇدۇقلاردىن ھازىر 39 -، 43 - قۇدۇق ئىشلەۋاتىدۇ. 39 - قۇدۇق مۇشۇ ئاينىڭ 20 لەچچىلىرى پۈتىدۇ. بۇ قۇدۇق مايتاغنىڭ كەلگۈسىدىكى مەھسۇلاتىنىڭ ئاز - كۆپ بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

21 - قۇدۇق پۈتتى، لېكىن مۇھاكىمە قىلىنىۋاتىدۇ. چۈنكى ئۆز ۋاقتىدا چارلىنىۋاتقان ئىدى. ھازىر مۇھاكىمە قىلىنىۋاتىدۇ.

44 - قۇدۇق بۇرغىلىنىۋاتىدۇ. ئاق توپا توشۇپ كېلىنسە، ئاندىن داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ.

8 - قۇدۇقتا گاز بولمىغانلىقتىن بۇرغىلانمىدى، 20 - كۈنلىرى ئۆپچۆرىسىدە ئىش باشلىماقچى.

37 - قۇدۇقتىن بىر سوتكىدا ئۈچ تونىنا نېفىت چىقىدۇ.

قىش پەسلىدە ۋىشكا ئورنىتىش ئىشى بەك قىيىن بولغانلىقتىن يازدا تەييارلانغان ئۈچ قۇدۇق ئورنىغا ۋىشكا قۇراشتۇ-

رۇپ بۇرھانلاشنى باشلىماقچىمىز.

50- قۇدۇق قۇراشتۇرۇلىۋاتىدۇ، يېقىندا پۈتىدۇ.

ھازىر تۆت قۇدۇقتىن نېفىت چىقىۋاتىدۇ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر سوتكىدا 20 توننا ئۆپچۆرىسىدە چىقىدۇ. نېفىت ھەر تەرەپنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ، خىزمەتنى ئىغىزدا ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ياخشىلاش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ۋەزىپىنى ئورۇندىغىلى بولىدۇ.

خىزمەت جەھەتتە، پۈتۈن زاۋۇتنىڭ ئىشى توختىغىلى بىر-ئىككى كۈن بولدى، ۋىشكا قۇراشتۇرۇش خىزمىتى توختىغىلى 18 كۈن بولدى، ...... ئىش توختاشنىڭ سەۋەبى ئاساسلىقى ئىشچىلارنىڭ كېيىم-كېچەكنى بېرەلمىدى، ئۇندىن قالسا تەمىناتى يېتىشىپ كېتەلمىدى.

ئىش كىيىمىنىڭ تەقسىم قىلىنىشقا يەتمىگەنلىكى ھەم ئىش توختاپ قېلىشنىڭ سەۋەبى.

تەمىنات بولماسلىقىغا مالىيە نازارىتىنىڭ پۇل بەرمىگەنلىكى سەۋەب بولدى. تەمىنات بولمىغانلىقتىن ئادەملەر كېتىپ قالدى.

يېقىندا بىر كۈنى ماي سېتىش ئورنىدىكى بىر ئىشچى ئىش ئورنىدا تاماكا چەككەن، نېفىتلىككە ئوت كېتىش خەۋپى بار، بۇ ناھايىتى قورقۇنۇچلۇق. ئۇ ئوتتىن ساقلىنىش قائىدىسىگە قارشى تۇردى، بۇنداق ئېچىنىشلىق ئەھۋاللار يېقىنغىچە ساقلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

يۇقىرىقى پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا . مايتاغدا ئەسلىدىكى خىزمەت ھالىتى ئەسلىگە كەلمىگەن، كىسەل ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ دېيىشكە بولىدۇ.

خىزمەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن:

1. ئىشلەپچىقىرىش ئىنتىزامىنى يۇكسەلدۈرۈش كېرەك، ھەر بىر ئىشچى سىمىنا يېتەكلىگۈچى مۇتەخەسسىسنىڭ يولىيورۇقىغا بويسۇنۇش كېرەك. ئۇنداق بولمىسا خىزمەتنى خالىمىدى دەپ قاراپ مۇناسىپ چارە قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

2. ئىش توختىغاندىن كېيىن يەنە بىر قىسىم ئىشچىلار زاۋۇتقا قايتىپ كەلمىدى، بۇلار مەلىكىلىك ئىشچىلار بولۇپ، تەربىيىلىمەك ئوگاي ئەمەستى، بىر قىسىملىرىنى شىنخۇ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قاماپ قويغان، بىر قىسمىنى زاۋۇت تەرەپ قاماپ قويغان بۇ ئىشچىلارنى قايتۇرۇپ ئەكىلىپ، يەنە زاۋۇتتا ئىشلىتىشكە بولامدۇ-يوق.

3. ھازىر يەنە ئىشچىلارنى پات-پات داۋاملىق قولغا ئېلىش بولۇۋاتىدۇ، مەن ئىشچىلارنىڭ نېمە خاتالىق ئۆتكۈزگىنىنى ئۇقمىدىم، ماكسىمۇ ئۇقتۇرۇش قىلمايدۇ. خىزمەتتە مەن مۇتەخەسسىسلەرگە ۋەزىپە تاپشۇرىمەن، لېكىن ئۇلار ئىشچىلارنىڭ داۋاملىق ئىشلىيەلەيدىغان - ئىشلىيەلمەيدىغانلىقىنى ئۇقمىغاچقا، ۋەزىپىنى ئورۇندىيالايدىغان - ئورۇندىيالمايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

4. جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ھېچكىمنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي ياغاچ ماتېرىيال ئالدى. مەن سىنىڭ

مەسئۇلىيىتىنىڭ نېمە دەپ سورىسام، ماڭا جاۋاب بېرىشنى ياقتۇرمايدۇ. ئۇ تېخى يەنە ناھايىتى تەرسا. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ پات-پات ئادەم قوشۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ قوشقان بۇ ئادەملەرى زادى قەيەردە ئىشلەيدۇ؟

مەن باش ئىنژېنېر، مەن ئۇنىڭدىن سوراپ بېقىشقا ھوقۇقلۇق، لېكىن ئۇ باشتىن - ئاخىر ماڭا جاۋاب بەرمىدى.

5. مۇتەخەسسىلەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتى جەھەتتە، ھازىر مۇتەخەسسىلەر ئۆزلىرىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى پەقەت سېتىۋالالمايۋاتىدۇ، مەن كۆش سېتىۋالسام جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكىلەر كەينىمدىن كۆشنى نەگە ئاپىرىدۇ دەپ تەكشۈرۈپتۇ. يېقىنقى بىر قانچە كۈندىن بۇيان مۇتەخەسسىلەرنىڭ ئاشخانىسىدا كۆش يوق، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇلار قانداقمۇ خاتىرجەم ئىشلىيەلەيدۇ؟

6. مەلۇم تەرەپلەرنىڭ مۇتەخەسسىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يامانلىشىپ كەتتى، نېفىت ئايرىش ئۆيىدىكى مۇتەخەسسىس كلاسكىن مۇنچىغا كىرىپ، ئۇ يەردىن چىقالماي، كېيىن دېرىزىدىن چىققان. ھەر تەرەپنىڭ مۇتەخەسسىلەرگە يامان كۆز بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمىز.

7. ھازىر سوۋېت پۇقرالىرى داۋاملىق قولغا ئېلىنىۋاتىدۇ. شىخودا ئاپتوموبىلدىلا قولغا ئېلىنغانلار بار. سوۋېت پۇقرالىرى ئەگەر جىنايەت ئۆتكۈزسە باش كونسۇلدىن رەسمىيەت ئۆتەشكە بولىدۇ، مۇشۇنداق خالىغانچە قولغا ئېلىۋېرىش ياخشى ئەھۋال

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمەس.

مەن بۇقېتىمقى سۆھبەت يىغىنىدا بۇرۇنقى كەمچىلىكلەرنىڭ قايتا تەكرارلانماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۈزۈلۈپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئادەملەرنىڭ ئۇزۇق-تۈلۈكىنى تولۇقسىتىۋېلىشقا بولامدۇ-يوق.

ئۈنىڭدىن قالسا مالىيە نازارىتىگە بېرىلىدىغان نېفىت، ھەربىي ئىشلار باشقارمىسىغا بېرىلىدىغان بېنزىنىنىڭ باھاسىنى مايتاغنىڭ بەلگىلىشىگە بولامدۇ-يوق.

ۋېنزىجۇن: ئېشكا قوراشتۇرىدىغان ئىشچىلارنىڭ 18 كۈن ئىش توختىتىشىدا ئىش كىيىمىنىڭ تەقسىملەشكە يېتىشمەسلىكى سەۋەب بولالمايدۇ. ئىش توختىتىشنىڭ ئاساسىي سەۋەبى، باش ئىنژېنېر نېرىتىننىڭ ئېگىزلىككە يامىشىدىغان ئىشچىدىن 10 نى قوغلاندى قىلغانلىقى، بۇنداق چارىگە ئىشچىلار ئەلۋەتتە نارازى بولىدۇ، شۇڭا ئىش توختاتقان.

«1942-يىلى 12-ئاينىڭ 3-كۈنىدىكى يىغىن خاتىرىسى»

يىغىنغا قاتناشقۇچىلار: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى پوسكىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى پېڭجىيۈەن، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى لىبولىن، مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ باش ئىنژېنېرى نېرىتىن، مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى ۋېنزىجۇن.

زاۋۇتتىكى مۇتەخەسسىلەرنىڭ كۆپىيىشىنى تەكشۈرگىنىمىزدە،

بۇلارنىڭ ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەنلەر بار. ئۇرۇمچى، ئىلىدىن كېلىپ جۇڭگو تەۋەلىكىگە ئۆتكەنلەر بار. زاۋۇتقا كىرگەندىن كېيىن ھەممىسى مۇتەخەسسىس بولۇپ كەتكەن ھەمدە ئامېرىكا دوللىرى بىلەن ئەۋزەل تەمىنات بېرىلگەن. لېكىن شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتچىلىرىنى باش ئىنژېنېر نېرتىمن (ئېلاۋە: نېرتىمن، ئازادلىقتىن كېيىن جۇڭگو-سوۋېت نېفىت شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى بولغان) ئاشكارا ھالدا ئېتىراپ قىلمايدۇ، پەقەت زاۋۇت باشلىقى، بوغالتېر بۆلۈم باشلىقى، كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، تەرجىماندىن ئىبارەت تۆت خىزمەتچىنىلا ئېتىراپ قىلىدۇ، باشقا خىزمەتچىلەرنى بىردەك ھېسابقا ئالمايدۇ. بۇنداق قىلىش جۇڭگو - سوۋېت ئىككى تەرەپنىڭ مەبلەغ سېلىشتىكى مۇددىئاسىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ خىزمەتچىلىرى چەكلىمىسىز كۆپەيىۋەرسە ۋە ئىش ھەققى ئايمۇ-ئاي ئۆسسە، شىنجاڭ ھۆكۈمىتى بۇنىڭ يېرىمىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، لېكىن زاۋۇت تەرەپنىڭ چەكلىك خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىش ھەققى زىيادە تۆۋەن بولۇپلا قالماي، ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى ھېسابىغا كىرگۈزمىسە، بۇ ئىككىسىنى سېلىشتۇرغاندا، تەمىناتتىكى پەرق زىيادە كۆپ بولۇپلا قالماي، مەبلەغ سالغان ئىككى تەرەپكە تەڭپۇڭ ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھۆكۈمەتمۇ بىر قەدەر چىقىم زىيان تارتىدۇ، بۇندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ زاۋۇتقا كېلىدىغانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىنىڭ ئۆسۈشىنى چەكلەشكە بولامدۇ-يوق. يوليورۇق بېرىلسە.

www.uyghurkitap.com

— مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى ۋىنزىبوۇنىڭ دۇبەن مەھكىمىسىگە يوللىغان تېلېگراممىسى (1943-يىلى 1- ئاينىڭ 27- كۈنى)

— نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ ئىستاتىسى ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەن، مەزكۇر زاۋۇت ئەسلىدىكى شتات بويىچە، ئادەملەرنى داۋاملىق ئىشلىتىشى، ئەۋەلقىدەك چىقىم قىلىشى كېرەك. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئىش ھەققىنى خالىغانچە ئۆستۈرۈشى كېلىشىمگەن ئىش، بۇ ئىشنى تاشقى ئىشلار بويىچە پەۋقۇلئاددە خادىم مەھكىمىسىگە يوللاپ، شۇلارنىڭ ياردىمى بويىچە ئىش قىلىش كېرەك.

— شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ دۇبەنى قوشۇمچە رەئىس شېڭ شىسەينىڭ ۋىنزىبوغا جاۋاپ تېلېگراممىسى (1943- يىل 2- ئاينىڭ 9- كۈنى)

— سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئورۇمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ئارقىلىق مەزكۇر زاۋۇتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ مەسئۇللىرىغا: بۇندىن كېيىن خالىغانچە خادىملارنى كۆپەيتىش، ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈشكە بولمايدۇ، جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى خىزمەتچىلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش كېرەككى، كەمسىتىشكە بولمايدۇ ......

— تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق پەۋقۇلئاددە ئەمەلدارى مەھكىمىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە جاۋاب خېتى (1943-يىل 2-ئاينىڭ 12-كۈنى)

— بىز تەرەپ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تەمىناتىنى سوۋېت

ئىتتىپاقى تەرەپ خادىملىرىنىڭ تەمىناتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا باراۋەر ئەمەس، ئىش ھەققىنىلا ئالساق، ئوخشاش دەرىجىلىك بۇرغىلاش ناچالنىكلىرىنىڭ بىز تەرەپتىكىلەرنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى ئاران 60 — 70 يۈەن، سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدىكى-لەرنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى بولسا 700—800 يۈەن، ھەمدە ئاي-رىم ھاللاردا 100 نەچچە يۈەن تاماق پۇلى بېرىلىدۇ. مۇشۇنداق چوڭ پەرقلىق تەمىنات جۇڭگو-سوۋېت مەبلەغ سېلىپ بىرلىشىپ باشقۇرغان ئىشلاردا بىز تەرەپنىڭ ئەمگەك كۈچى مەبلىغىمىزگە زىيان سالماي قالمايدۇ. بولۇپمۇ چەتئەللىكلەر جۇڭگودا مەبلەغ سېلىپ، كان ئېچىپ، ئەرزان خام ئەشيا ۋە ئەمگەك كۈچى ھېسا-بىغا خام ئەشيا ۋە مەنپەئەتكە ئىگە بولسا، ئەمەلىيەتتە تەڭ با-راۋەرلىكتە ئۆز-ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپىغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، يەنە، تەكشۈرۈشىمىزچە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ خا-دىملىرىنىڭ ئىش ھەققى ئالدىنقى يىلى 9-، 10- ئايلاردا ئىككى قېتىم ئۆستۈرۈلگەن، بۇنى ئۆز ۋاقتىدا مەلۇم قىلغان. ھەمدە بۇيرۇق بىلەن يولىيورۇق بېرىلگەن، بىز تەرەپ قوشۇلمىغان بولسىمۇ، ئۇنى توسقىلى بولمىدى.

مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى ۋىن-زىجۇننىڭ شېڭشىسەيگە يوللىغان مەكتۇبى(1943-يىل 3-ئاينىڭ 23- كۈنى)

1942- يىلى 7- ئاينىڭ 17-كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى قوشۇمچە دوبەنى شېڭشىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى مولوتوۋغا مۇنداق ئالاقە ئەۋەتكەن: «...... سىلەرنىڭ 1942-يىلى 7-ئاينىڭ 3-كۈنىدىكى مايتاغ نېفىت كانى توغرىسىدىكى ھۆججەتلىرىڭلارنى تاپشۇرۇۋالدۇق. (ئىلاۋە: بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىغا قويغان سوۋېت ئىتتىپاقى، شىنجاڭنىڭ مايتاغ نېفىت كانىنى بىرلىكتە مەبلەغ سېلىپ باشقۇرۇش توغرىسىدىكى «سوۋېت سوتسىيالىستىك رېسپۇبلىكىلار ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كېلىشىم لايىھىسى»نى كۆرسىتىدۇ.) مەن بۇ ئىشنىڭ ئەسلى ئەھۋالىنى سىلەرگە ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى خالايمەن. جۇڭگونىڭ مەركىزى ھۆكۈمىتى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىلا مايتاغدىن نېفىت چىققانلىق ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان ھەمدە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. شۇڭا ئىقتىساد مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ۋېڭ ۋېنخاۋنى شىنجاڭغا مەسلىھەتلىشىشكە ئەۋەتكەن. دۇنيا بويىچە فاشىزمغا قارشى بىرلىكسەپ تۈزۈلگەن شارائىتتا، جۇڭگونىڭ باسقۇنچىلارغا قارشى ئۇرۇشى جاپالىق باسقۇچتا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن، پېقىر مايتاغ نېفىت كانى يالغۇز جۇڭگونىڭ باسقۇنچىلارغا قارشى ئۇرۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماستىن خەلقئارادىكى فاشىزمغا قارشى كۈرەشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ دەپ قارىدىم. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، مۇشۇنداق تەلەپنى قويغاندا ئۇنى رەت قىلىشقا ئامالسىز قالدىم. شۇ سەۋەبتىن

بۇنى سىلەرگە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن. ئالدىدا كەلگەن ئالاقىدا
مايتاغ نېفىت كانىنى ئىككى تەرەپ باشقۇرسا بولىدۇ يەنى،
سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭ ياكى جۇڭگو مەركىزى ھۆكۈ-
مىتى باشقۇرسا بولىدۇ دېيىلىپتۇ. مەن پىكىرىڭلارغا تامامەن
قوشۇلىمەن. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى، بۇ كارخانىنى جۇڭگو
مەركىزى ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى باشقۇر-
غىنى مۇۋاپىق......»

1942- يىلى 8- ئاينىڭ 20- كۈنى مولوتوۋ شېڭ شىسەيگە
جاۋاب ئالاقە ئەۋەتكەن: «..... 7- ئاينىڭ 17- كۈنى مايتاغ نې-
فىت كومبىناتى مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئالاقىڭىزنى تاپشۇرۇ-
ۋالدىم..... جانابىڭىز، مايتاغ نېفىت كومبىناتىنى باشقۇرۇشقا
ئىككى تەرەپ، يەنە جۇڭگو مەركىزى ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت
ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ قاتناشقىنى مۇۋاپىقراق دەپ قارايسىز.
سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بۇ باياناتقا قوشۇلىدۇ......».
شېڭ شىسەي بۇ ئالاقىنى تېلېگرام ئارقىلىق جياڭ جېيشىغا ئەۋەتكەن،
جياڭ جېيشى بۇنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىس-
ترى فۇبىڭچاڭ، چيەنچاڭكەي، ئىقتىساد مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىس-
ترى ۋېڭ ۋېنخاۋغا ئەۋەتىپ، كونكرېت چارىسىنى مەسلىھەتلى-
شىپ چىقىرىشنى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى سوۋېت ئىتتىپاقى-
نىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشۈشنى
تەۋسىيە قىلغان.

1942- يىلى 9- ئاينىڭ 1- كۈنى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى تېلېگراممىنى سوۋېت ئىتتىپاقى باش
ئەلچىخانىسىغا ئەۋەتكەن: «جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۆلكىسى-
دىكى مايتاغ نېفىت كانىنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىپ
باشقۇرۇشنى قارار قىلدى، بالدۇرراق توختام تۈزۈپ بۇ ئىشقا
كىرىشىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئەلچىخانىسى بىلەن
چۇڭچىڭدا مەسلىھەتنى باشلىماقچى.»

1942- يىلى 9- ئاينىڭ 28- كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاش-
قى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «.... سوۋېت
ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى
ئوتتۇرىغا قويغان شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مايتاغ نېفىت كانىنى
سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ بىر-
لىشىپ باشقۇرۇش توغرىسىدىكى باياناتىنى مۇۋاپىق دەپ قاراي-
دىغانلىقىنى ئىزاھلايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى جۇڭگودا
تۇرۇشلۇق باش ئەلچى پەنيۇشىن ۋە سودا ئىشلىرى ۋەكىلى
باكونىننى چۇڭچىڭدا جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ۋە ئا-
ساسلىق مەسئۇل تارماقلار بىلەن مەسلىھەتلىشىشنى تاپشۇرى-
دۇ......»

1942- يىلى 10- ئاينىڭ 15- كۈنى جۇڭگو- سوۋېتنىڭ
شىنجاڭ مايتاغ نېفىت كانىنى بىرلىشىپ باشقۇرۇشنى مەسلىھەت-
لەشكەندىن تۇنجى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، بۇ يىغىنغا، جۇڭگو تە-
رەپتىن: فۇبىڭچاڭ، ۋىڭۋېنخاۋ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن

فەلىيۇشىن، باكولىن قاتناشتى، جۇڭگو تەرەپ «شىنجاڭ مايتاغ نېفىت كانىنى جۇڭگو-سوۋېت بىرلىكتە باشقۇرۇش توغرىسىدىكى كېلىشىم لايىھىسى»نى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىقتىساد مىنىستىرلىكىنىڭ ئادەم ئەۋەتىپ، مايتاغ نېفىت كانىنى تەكشۈرۈشكە ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئۈسكۈنىلىرىگە نەق مەيداندا باھا قويۇشقا قوشۇلدى.

1943-يىلى 1-ئاينىڭ 18-كۈنى فەلىيۇشىن كاتىپنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان «سوۋېت سوتسىيالىستىك رېسپۇبلىكىلار ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭخۇا مىنگو خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ مايتاغ نېفىت كانىنى ئېچىش توغرىسىدىكى كېلىشىمى» (لايىھە)نى ئاپىرىپ بېرىشكە ئەۋەتتى.

1943-يىلى 1-ئاينىڭ 26-كۈنى جۇڭگو-سوۋېت ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى، قاتناشقۇچىلار، جۇڭگو تەرەپتىن: سۇڭزىۋېن، ۋېڭ ۋېنخاۋ، فۇبىڭچاڭ، ۋوگوجېن، خۇشىزې، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن: فەلىيۇشىن، باكونىن، ۋېڭ ۋېنخاۋ ئىككى تەرەپنىڭ «مۇھىم ئوخشىماسلىقى» بولغان ئون نۇقتىنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان؛ فەلىيۇشىن ئىككى تەرەپنىڭ لايىھىسى ئىچىدىكى پىكىردە پەرق ناھايىتى چوڭ دەپ مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن جاۋاب بېرىشنى بىلدۈرگەن.

1943-يىلى 2-ئاينىڭ 18-كۈنى ئىككىنچى قېتىملىق يى-

غىن ئېچىلدى. قاتناشقۇچىلار، جۇڭگو تەرەپتىن: ۋېڭ ۋېنخاۋ، ۋۇگو-جېن، خۇشىزې، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن: فەنيۇشىن، باكولىن، ئىككى تەرەپ بىر قانچە ماددىلار ئۈستىدە مۇنازىرىلەشتى.

1943- يىلى 3- ئاينىڭ 8- كۈنى، 3- قېتىملىق يىغىن ئېچىلدى. قاتناشقۇچىلار، جۇڭگو تەرەپتىن: ۋېڭ ۋېنخاۋ، ۋۇگو-جېن، خۇشىزې، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن: فەنيۇشىن، باكولىن. فەنيۇشىن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ پىكرىنى يەتكۈزدى: 1- دەسمايىنى ئىككى تەرەپنىڭ ھەر قايسىسى 50% تىن چىقىرىدۇ، 2- باشقۇرۇشتا ئىككى تەرەپ ئۈچتىن ئادەم چىقىرىپ دوڭسىخوي تەشكىل قىلىنىپ، نۆۋەتلىشىپ رەئىسلىكنى ئۆتەيدۇ. بىرىنچى دىرېكتورلۇقنى سوۋېتلىك ئۆتىشى كېرەك. 3- ھەر قانداق قانۇن كېلىشىمدىكى پرىنسىپ ياكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن بولمىسا ئۇنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. 4- شىركەتكە ئېھتىياجلىق بولغان يەرلى باھاسىنى سۈرۈشتۈرمەي شىركەتنىڭ ئىشلىتىشىگە ئاجرىتىپ بېرىش كېرەك.

ئىككى تەرەپ بىر-بىرلەپ مۇنازىرىلەشتى.

1943- يىلى 5- ئاينىڭ 17- كۈنى فەنيۇشىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە: سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى مايتاغ نېفىت كانىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى چۇۋۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا توشۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبىتى توختىدى دەپ ئۇقتۇردى.

ئالاقىدار ماتېرىياللارغا ئاساسەن قىسقارتىلىپ تۈزۈلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى يەنى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆ-
كۈمىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھېقىقىي ئەھۋالى سەۋەبىدىن ئامالسىزلى-
قتىن چىقارغان قارارىنى جانابىلىرىغا تەپسىلىي دوكلات قىلىشىمنى
بۇيرىدى؛...... (2) ماياتاغ نېفىت كانى ۋە نېفىت ئايرىش خىزمىتىنى
توختىتىش، مۇتەخەسسىسلەرنى قايتۇرۇپ كېتىش ھەمدە ئۆزىمىز-
نىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا توشۇپ ئەكېتىش......»

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى پەن-
يۇشىننىڭ جياڭ جيېشىگە يوللىغان تەپسىرىسى (1943- يىلى 6-
ئاينىڭ 16- كۈنى)

.... ۋاڭ مىنىستىر شۇ مەيداندىلا مۇتەخەسسىس ئەۋەتىپ
مەزكۇر كانغا بېرىپ ئۈسكۈنىلەرگە باھا قويۇش ۋە كان را-
يونىنى تەكشۈرۈش پىكرىنى چۈشەندۈردى. سوۋېت ئىتتىپاقى-
دىن باش ئەلچى پەن يۇشىن بۇنىڭغا قوشۇلدى ھەمدە ھۆكۈ-
مىتىگە كاندا تۇرۇشلۇق سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ مەسئۇل-
لىرىغا بۇ ئىشقا ئىمكان قەدەر ھەمكارلىشىشنى تېلېگرام بىلەن
ئېيتىشنى دوكلات قىلدى. يىغىندىن كېيىن بۇ كومىتېت ئادەم
تاللاپ شىنجاڭغا ئىشلەشكە ئەۋەتتى. گوكېچۈەن، شۇ-
خۇيىنىڭ قاتارلىق جەمئىي بەش كىشىنى ئۈسكۈنىلەرنى باھالاشقا ئەۋەت-
تى، خۇاڭجىچېڭ، ياڭجۇڭجيەن قاتارلىق ئالتە كىشىنى كان
رايونىنى ئۆلچەش ئىشىغا ئەۋەتتى. مەزكۇر كىشىلەر 11- ئاينىڭ
باشلىرى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، يولغا چىقىپ شىنجاڭغا يېتىپ
بېرىپ، شۇ ئايدا ماياتاغ كان مەيدانىغا كېلىپ، گېئولوگىيىلىك

www.uyghurkitap.com

تەكشۈرۈش خىزمىتىنى باشلىدى. ئۈسكۈنىلەرگە باھا قويۇش خىزمىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ھېساباتلىرىنى ۋە ئالاقىدار ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك بولۇپ قالدى. شۇ چاغدا مەزكۇر كاندا ئىش تاشلاش دولقۇنى پەيدا بولغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش ئىنژېنېرى ئۈرۈمچىگە كەلگەنلەرنى چاقىرتىپ كەتتى، بىز تەرەپكە كېرەكلىك ماتېرىياللار تەييارلىنىپ، ئۈرۈمچىگە كەلگەنلەر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بېجىرىلىدىغان بولدى. 12- ئاينىڭ 10- كۈنى سوۋېت تەۋەلىكىدىكى بۇ باش ئىنژېنېر كانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن: سوۋېت ئىتتىپاقى نېفىت خەلق كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، مۇھاكىمە قىلىدىغان ئورۇن ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ۋەكىلى تېخى رەسمىي بېكىتىلمىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ ئىشنى ئىشلەش ۋاقتىنچە قىيىن، خەرىتە، جەدۋەل، سانلىق مەلۇماتلارنى بۇيرۇق بويىچە كېچىكىپ بېرىمىز دېگەنلەرنى ئېيتتى، كومىتېتىمىز بۇ دوكلاتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال كىشى ئەۋەتىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا ئىشلىرى ۋەكىلى باكونىن بىلەن كۆرۈشتى. باكونىن ھۆكۈمىتىمىزگە تېلېگرام بېرىدىغان بولدى...... ۋەكىل باكونىننىڭ ئېيتىشىچە، شۇ ئاينىڭ 26- كۈنى ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ نېفىت كانىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ مەسئۇللىرىغا بىز تەرەپنىڭ خىزمىتىگە ئىمكان قەدەر ھەمكارلىشىشنى ئوقتۇرغانلىقى توغرىسىدىكى تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغان، ھەمدە مەزكۇر كومىتېتنىڭ شىنجاڭغا

كەلگەنلەرنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىقتىساد مىنىستىرلىكى بايلىق مەنبە كومىتېتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە يوللىغان ئالاقىسى (1942- يىل 12- ئاينىڭ 31- كۈنى).

نېفىتلىك ھالىتىنى قوغداش توغرىسىدا. مەزكۇر كاندا جەمئىي ئالتە نېفىت قۇدۇقى بار بولۇپ، تۆمۈر تاقاق بىلەن ھىملاپ قويۇلغان، چۆرىسى بولتا بىلەن چىڭىتىلغان ھەمدە قەلەي بىلەن كەپشەرلەپ قويۇلغان. سوۋېت تەرەپ باش ئىنژېنېرتىنىڭ ئېيتىشىچە: قۇدۇق ئىچىدىكى كالون بېجىرىم بولۇپ، ئۇنىڭغا تېگىلمىگەن، قۇدۇققا باشقا ھېچقانداق نەرسە ئورنىتىلمىغان. جۇڭگو-سوۋېت ئىككى تەرەپنىڭ تاپشۇرۇپ بېرىش-ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئۈچۈن پېچەتلەپ قويۇلغان. بۇ ئەھۋالنى تەكشۈرۇپ كۆرگىنىمدە راستەك قىلىدۇ.

2- چۈۋۈش ئەھۋالى توغرىسىدا. ئەمەلدار زېشاگىنىڭ مۆلچەرلىشىچە چۈۋۈش ئىشىنىڭ 70% ي ئورۇندالماي بوپتۇ، ئاپتوموبىل ترانسپورت مىقدارى ئاز بولغاچقا چۈۋۈپ بولغان ماتېرىياللارنىڭ يەنە يېرىمىدىكى تېخى توشۇلمىغان. بۇرۇنقى ترانسپورت مىقدارى بويىچە مۆلچەرلىگەندە، يەنە ئۈچ ئايدا ھەممىنى توشۇپ بولغىلى بولىدۇ. سۇ ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىگە كەلسەك، زاۋۇت ئىچىدە يەنە جۇڭگو-سوۋېت تېخنىك ئىشچىلىرىدىن جەمئىي 500 دىن ئارتۇق كىشى بولۇپ، يەنىلا سۇ توك بىلەن تەمىنلەشكە تېگىشلىك بولغاچقا، تېخى چۈۋۈلمىدى. ئە-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەلدار زېشاڭ كېچىكتۈرۈپ چۈۋۈشنى تەۋسىيە قىلدى. پېقىر-
نىڭ قارىشىچە بىز تەرەپنىڭ كەلگۈسىدە باھا قويۇپ سېتىۋې-
لىپ پايدىلىنىشىنى، بۇ ئىشنى ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق سوۋېت كون-
سۇلى بىلەن كېڭەشىپ، ئۇنى چۈۋۈماي ھېسابىتىن ئۆتكىچە قال-
دۇرۇپ قېلىشنى لايىق كۆردۈم......

ۋۇزېشاڭنىڭ كومىندانلىق ھۆكۈمىتى ئاشقى ئىشلار مىنىستىر-
لىكىگە يوللىغان تېلېگراممىسى (1943- يىل 8- ئاينىڭ 26-كۈنى)

ئىلاۋە: ۋۇزېشاڭ كومىندانلىق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق پەۋقۇل-
ئاددە تاشقى ئىشلار ئەمەلدارى، 1943- يىلى 8- ئاينىڭ 23- كۈنى تاشقى
ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن مايتاغنى تەكشۈرۈشكە بېرىپ، 26-
كۈنى قايتىپ كەلگەن.

سوۋېت كونسۇلى قوشۇمچە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق سودا
ئىشلىرى ۋەكىلى ماكرووۋنىڭ 11- ئاينىڭ 2- كۈنى مەھكىمىگە
كېلىپ ئېيتىشىچە: مايتاغ نېفىت كانىدىكى بارلىق بۇرغىلاش
قۇرۇلۇشى، ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىقلاردىن، ئۇلىنىڭ ئىچىدىكى
سوۋېت تەرەپ مەبلەغ سالغان كان مەيدانىنى بىزگە سېتىپ
بەرمەكچىكەن. باھاسى ئامېرىكا پۇلىغا 2 مىليون 12 مىڭ 630
يۈەن ئىكەن. شىڭ دوبەن بىلەن مەسلىھەتلىشىش نەتىجىسى
مۇنداق بولدى: بۇ نېفىت كانىنى كەلگۈسىدە ئېچىشنى ئىقتىساد
مىنىستىرلىكى بېجىرىشى كېرەك. بۇ كانىدىكى سوۋېت تەرەپ مەب-
لەغ سالغان ئۈسكۈنىلەرگە باھا قويۇپ مۆلچەرلەشتە، ئۆي ئىما-
رەت قىسمىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يېپىقىدىن ئەتى-
راپىتىن كىشى ئەۋەتىپ مۆلچەرلەشكە بولىدۇ،

پۇرقسلاش ۋە تەھدىتنىڭكا قۇرۇلۇشى قىممىتىگە مۇتەخەسسىس بولمىغاچقا ئىقتىساد مىنىستىرلىكىنىڭ يۈيمەن نېفىت كانىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى كېلىپ باھا قويۇپ بېرىشكە تېلېگرام بېرىشىنى سورايمىز. بۇ ئىش بالدۇرراق مەسلىھەتلىشىپ پۈتسە، پېقىر كېلەر يىل ئەتىيازدا ئىچىشنى باشلىماقچى.

ۋۇزېشاڭنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە يوللىغان تېلېگراممىسى (1943 - يىل 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى).

شىڭ دوبەنىنىڭ مەزكۇر كاننى مەركەزدىن ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ماشىنا - زاپچاسلىرىنى مىنىستىرلىكىمىز سېتىۋېلىش پىكرىنى قوللايمىز. شۇڭا ئالىملىرى (ئىلاۋە: جياڭ جېيشى) مىزدىن يولىيورۇق بېردىشى ھەمدە گەنسۇ نېفىت كانىنىڭ تېزدىن مۇتەخەسسىس ئەۋەتىپ باھالاپ كېلىشى سورالدى.

ۋىڭ ۋىنخاۋنىڭ ۋۇزېشاڭغا جاۋاب تېلېگراممىسى (1943 - 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى)

سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىلەن جۇڭگو - سوۋېت ئىككى تەرەپنىڭ سالغان مەبلەغ سانىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ۋە سوۋېت تەرەپنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرىنىڭ قىممىتىنى كۆرۈپ باھالاش ئەھۋالى:

1. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ مەبلىغى ئامېرىكا پۇلىغا 4 مىليون 346 مىڭ 170 يۈەن، ئىنژېنېر نېرتىنىنىڭ ئېيتىشىچە، بىر قىسىم ماشىنا - زاپچاسلار ۋە ھېساباتلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا

ئېلىپ كېتىلگەندىن باشقا قېپقالغان ئۆي ئىمارەتلەر ۋە نېفىت قۇدۇقىنىڭ باھاسى 2 مىليون 12 مىڭ 630 ئامېرىكا دوللىرى دېيىلىدۇ. بۇنى پەۋقۇلئاددە ئەمەلدار ۋۇ (زېشالىڭ - ت) بىلەن مەسلىھەتلەشتۇق: سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ساتىدۇ، جۇڭگو تەرەپ ئالىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ سالغان مەبلەغ ھېساباتىنى تەكشۈرۈپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز.

2. بىز تەرەپنىڭ مەبلەغنى ئىككى تەرەپنىڭ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشى بىلەن ئامېرىكا پۇلىغا بىر مىليون 53 مىڭ 978 يۈەن يەتتە مو توققۇز فۇڭ قىلىشقا قوشۇلدى. تەكشۈرۈشىمىزچە يۇقىرىقى مەبلەغدىن باشقا مالىيە نازارىتىنىڭ 30 - يىلى 12 - ئايدا مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ ماشىنا - زاپچاس توشۇشى ئۈچۈن ئاجرىتىپ بەرگەن كىرا ھەققى 175 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بار ئىكەن. ئىنژېنېر نىرىتتىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ 1941-يىلى 4 - ئايدا يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى سودا شىركىتىنىڭ قەرزىنى قايتۇرۇشى ئۈچۈن مالىيە نازارىتىدىن ئاجرىتىپ بېرىلگەن پۇل بولۇپ مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ كىرا ھەققى ئەمەس. بۇنى مەبلەغ قىلىشقا بولمايدىكەن.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مالىيە نازارىتى، قۇرۇلۇش نازارىتى خىزمەتچىسى چېن يۇجاڭ، سۇ جىيۈەن، ۋاڭ لىنسېڭ، ۋېنزىجۇڭلەرنىڭ جۇڭگو - سوۋېت تەرەپنىڭ مەبلىغىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات (1943 - يىل 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى)

سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئۆلكىمىزنىڭ شىخو ماھتاغ نېفىت كانىنى سېتىپ بېرىش ئىشى توغرىسىدا، ئۆتكەن يىلى 11-ئاينىڭ 23 - كۈنى 41 - نومۇرلۇق تېلېگراممىدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاۋۋال ئادەم ئەۋەتىپ ئۆي - ئىمارەت قىسمىنىڭ باھاسىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشى ئېيتىلغان. نېفىت قۇدۇقى قىسمىغا كەلسەك بايلىق مەنبە كومىتېتىنىڭ شىنجاڭغا ئىنژېنېر ئەۋەتىشىنى (ئېلاۋە: گەنسۇ نېفىت كان ئىدارىسىنىڭ ئىنژېنېرى لى تۇڭجاۋ) كۈتۈپ قالغان. بۇ كىشى ئالدىنقى يىلىنىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ باھا قويۇشقا كىرىشكەن ئىدى. بۇ يىل 1-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى باھا قويۇش ئىشلىرى ئاياغلاشتى. ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ قىممىتى ئامېرىكا پۇلىغا 250 مىڭ دوللار، نېفىت قۇدۇقى قۇرۇلۇشى ئامېرىكا پۇلىغا بىر مىليون 250 مىڭ دوللار، جەمئىي 1 مىليون 500 مىڭ دوللار بولدى. لېكىن باھا قويغۇچى كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، قويۇلغان باھا بەك چىڭ بولغان. ئەسلىدىكى باھاسىدىن خېلى چوڭ پەرقلىنىدۇ. ئەگەر بۇنى يېڭىباشتىن قۇرۇشقا توغرا كەلسە، ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە جىق پۇل كېتىدىكەن. دەسلەپتە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ: نېفىت قۇدۇقى قىسمىغا ئامېرىكا پۇلىغا 2 مىليون 20 مىڭ دوللار، ئۆي-ئىمارەتكە 490 مىڭ دوللار، جەمئىي 2 مىليون 510 مىڭ دوللار باھا قويدى. سوۋېت كونسۇلى بىلەن سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ سېتىش باھاسىنى 1 مىليون 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا چۈشۈردى. لېكىن، بۇنىڭدىن يەنە ئازايتماي-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دىغاللىقىنى بىلدۈردى، بىز تەرەپنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ يېپچەتلەنگەن قۇدۇقنىڭ رەسمىيەتلىرىنى ۋە يېپچەتنى ئېلىش قەدەم باسقۇچلىرىنى يازما ئىمزالايدىغان بولدى. پېقىر ئۇنى بىر تەرەپ قىلسا، نېغىت چىقىدۇ. ئۇلار يەنە قۇرۇلۇشقا دائىر بارلىق خاتىرە خەرىتىلىرىنى، جەدۋەللىرىنى پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن بېرىدىغان بولدى. شىڭدوبەن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرگىنىمىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ باھادا مۇنداق چوڭ يول قويۇشى ئۇلارنىڭ قايتىپ كېتىشكە ئالدىرىغانلىقىدىن بولغان، شۇڭا پۇرسەتنى ئىگىلەپ، شۇ باھا بويىچە سېتىۋېلىش كېرەك دېدى. مىنىستىر ۋېڭ ۋېنخاۋغا تېلېگرام يوللاپ يولىيورۇق سورىغىنىمىزدا بايلىق مەنبە كومىتېتى ئۆز باھاسى بويىچە سېتىۋالسا بولىدۇ دەپ يولىيورۇق بەردى ھەمدە توختام تۈزۈشكە تولۇق ھوقۇق بەردى. شۇندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى بىلەن سۆھبەتلەشكىنىمىزدە مەزكۇر كاننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىلەن ئۆز ئارا ئېلىم-بېرىمى بولۇپ، ئېنىقلىغىلى بولمىغانلىقتىن ئادەم ئەۋەتىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلى بىلەن بىرلىكتە مەزكۇر كانغا بېرىپ ھېساباتنى ئېنىقلاشقا ياردەملەشتۇق. شۇندىن كېيىن سوۋېت كونسۇلى بىلەن ھېسابنى توغرىلىدۇق. توختامنىڭ ماددىلىرى تۈزۈلۈپ بولدى. بۈگۈن (16 - كۈنى) مەھكىمىدە تۈزۈلگەن توختامنىڭ خەنزۇچە، روسچە نۇسخىسىغا ئىمزا قويۇلدى. توختامنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى مەزكۇر تېلېگرام ئارقىلىق بايلىق مەنبە كومىتېتىنىڭ پايدىلىنىشى

ئۇچۇن ئەۋەتتۇق. كېيىن ئەۋەتىپ نېفىت كانىنى تاپشۇرۇۋېلىشنى ھەمدە توختامدىكى بەلگىلىمە بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ-نىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىشنى سورايمەن. بۇنىڭدىن باشقا مەھ-كىمىنىڭ دوبەن مەھكىمىسى ئارقىلىق بىز تەرەپنىڭ زاۋۇت باشلىقىنىڭ ئاۋۋال تاپشۇرۇپ ئېلىپ ساقلاپ تۇرۇشىغا ھاۋالە قىلىشىنى سورايمەن.

ۋۇ زېشاڭنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىر-لىكىگە تېلېگراممىسى (1944 - يىل 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى)

(1) ب تەرەپ (ئىلاۋە: سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ) شىنجاڭ ئۆلكىسى شىخو ناھىيىسى ئىچىدىكى مايتاغ نېفىت كانىنىڭ سو-ۋېت ئىتتىپاقىغا تەئەللۇق بولغان بارلىق نېفىت قۇدۇقى قۇرۇلۇ-شى ۋە ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىقلارنى ئا تەرەپ (ئىلاۋە: جۇڭگو تە-رەپ)كە سېتىپ بېرىدۇ، ھەمدە ئا تەرەپ ئەۋەتكەن باھا قويۇ-غۇچى خادىملارنىڭ نەق مەيداندا باھالىغان سانى ۋە ب تەرەپ بەرگەن ئالاقىدار نېفىت قۇدۇق قۇرۇلۇشى، ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن ئا تەرەپنىڭ تاپشۇرۇۋېلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بې-رىدۇ.

(2) ئا تەرەپ ب تەرەپنىڭ يۇقىرىدىكى نېفىت قۇدۇق قۇرۇلۇشى ۋە ئۈسكۈنىلىرى ئۈچۈن جەمئىي نەق بىر مىليون 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بېرىدۇ. يەنى جۇڭخۇا مىنگو جۇڭگىنىڭ مەركىزىي بانكىسى ئارقىلىق نيو-يورك يولى بانكىسىغا (CHASEBANK) تېلېگرام ئارقىلىق پېرېۋوت قىلىپ سوۋېت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىتتىپاقى دۆلەت بانكىسى ھېساۋات نومۇرىغا كىرگۈزىدۇ ....

(3) مەزكۇر توختام ئىمزالانغاندىن كېيىن ئىككى تەرەپ خادىم ئەۋەتىپ يوقىرىدىكى نېفىت قۇدۇق قۇرۇلۇشى، ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىقلارنى تاپشۇرۇپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىشنى ھەمدە بۇنى 15 كۈن ئىچىدە ئېنىق پۈتتۈرۈپ، مۇھاپىزەتچىلەرنى (ئىلاۋە: 1943 - يىلى 6 - ئايدا مايتاغ نېفىت كانىغا كېلىپ تۇرۇۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنىنى قومۇل ئارقىلىق چېكىندۈرۈپ كېتىشنى كۆرسىتىدۇ) قايتۇرۇپ كېتىشكە قوشۇلدى.

(4) ب تەرەپ مەزكۇر توختام ئىمزالانغاندىن كېيىن بىر ئاي ئىچىدە مەزكۇر كاندىكى نېفىت قۇدۇق قۇرۇلۇشىغا ئائىت خاتىرە سخېمىلار مەسىلەن: ①ئېلېكتىر بىلەن تەكشۈرۈش خاتىرىسى. ② بۇرغىلاش خاتىرىسى. ③ جىنىس قاتلىمىنىڭ كەسمە يۈز سخېمىسى. ④ مايتاغ رايونىنىڭ گېئولوگىيىلىك تۈزۈلۈش سخېمىسى قاتارلىقلارنى شۇنىڭدەك بېرىشكە بولىدىغان باشقا تۈرلۈك سخېمىلارنى ئا تەرەپكە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

جۇڭگو - سوۋېتنىڭ مايتاغ نېفىت كانىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئىلكىدىكى قۇرۇلۇش ۋە ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىش - سېتىش توغرىسىدىكى «توختام» (1944 - يىل 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى).

جۇڭگو مەركىزىي بانكىسى 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى جەمئىي باھا پۇلى نەق بىر مىليون 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى نيو - يورك پۇلى بانكىسىغا ئەۋەتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت بانكى

سى ھېسابات نومۇرىغا كىرگۈزدى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئۆلگۈزۈپ بېرىشكە تېگىشلىك بولغان نېفىت قۇدۇقى، ئۆي ـ ئىمارەت، داشىنا قاتارلىقلارنى جۇڭگو تەرەپ 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈننى تاپشۇرۇۋېلىپ پۈتتۈردى.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا ئەۋەتكەن ئالاقىسى (1944 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى).

مىنگونىڭ 32 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدىكى خادىملارنىڭ ھەممىسى دۆلىتىگە قايتۇرۇپ كېتىلدى، كان زاۋۇتنىڭ پۈتۈن ئۈسكۈنىلىرى ـــ ئېنېرگىيە، ئېلېكتر، تېخنىك ماتېرىياللار ۋە ۋودوپرووود قۇرۇلۇشىنىڭ ھەممىسى چۇۋۇپ ئېلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا توشۇپ كېتىلدى، جېنى ئاز قالغان، ۋە ئىشلىتىشكە يارىمايدىغان ئاز مىقداردىكى سايمانلار، تېخنىك ماتېرىياللار بىز تەرەپكە قالدۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بايلىق مەنبە كومىتېتى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە زور مىقداردا ئامېرىكا دوللىرى تۆلەپ بەردى، كېيىن بايلىق مەنبە كۆمىتېتى ئادەم ئەۋەتىپ مەزكۇر زاۋۇتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشىنى ئىشلىدى، قىيىنچىلىق ناھايىتى كۆپ بولدى، لېكىن مەھسۇلاتى بۇرۇنقىدەك بولمىدى.

ۋۇفېن «شىنجاڭ كانچىلىق ئەھۋالى» (1946 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى قول يازما).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## شىخو نېفىت كانىغا تەييارلىق كۆرۈش ئورنى قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى-كەينىدە

شىڭشىسەي كومپارتىيىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇپ، جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن كېيىن...... شىخو مايتاغ نېفىت كانىدىكى سوۋېتلىكلەر نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىدىن باشقا چۇۋۇپ كېتىشكە بولىدىغان ماشىنا، ماتېرىيال ۋە يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن سۇ تۇرۇبىسى، نېفىت تۇرۇبىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى چۇۋۇپ ئېلىپ كەتتى. شىڭشىسەي ئىقتىساد مىنىستىرلىكىدىن مەزكۇر كاننى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئېچىشنى تەلەپ قىلدى. بايلىق مەنبە كومىتېتى بىر مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن كۆپرەك پۇل خەجلەپ، پۇلنى نيۇيوركقا تاپشۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى قالدۇرۇپ كەتكەن مال-مۈلۈكنى سېتىۋالدى ھەمدە مەزكۇر كاننى يۈمىن نېفىت كانىنىڭ ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئېچىشىنى، بۇ ئىشنى مېنىڭ مەسئۇل بولۇپ بېجىرىشىمنى تاپشۇردى. مەن يۈمىن نېفىت كانىنىڭ ئىنژېنېرى لى تۇڭجاۋ(ئۆلۈپ كەتتى) نى شىخو مايتاغ نېفىت كانىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر تۈركۈم قۇرۇلۇش ۋە باشقۇرۇش خادىملىرىنى ئەۋەتتىم. ھەمدە بىر قانچە چوڭ يۈك ئاپتوموبىلى بىلەن بىر تۈركۈم بۇرغىلاش ۋە نېفىت ئاقتۇرۇش ماتېرىياللىرىنى توشۇپ ئاپىرىپ بەردىم.

···· مەن 1943- يىلى (ئېلاۋە: 1944-يىلى بولۇش كېرەك)
7- ئاينىڭ باشلىرىدا يۈيەمەن نېفىت كانىنىڭ باشلىقى يەنشۇاڭ،
نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ باشلىقى جەن كەيمىڭ ۋە لى تۇڭجاۋ قا-
تارلىقلار بىللە يۈيەمەن نېفىت كانىدىن شىنجاڭغا شىخو
مايتاغ نېفىت كانىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن باردىم.

بىز 7- ئاينىڭ 5-كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ باردۇق····
شىڭشىسەي ماڭا تېلېفون بېرىپ:«···· مەن شىخو نېفىت كانى-
دىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سېنى تاماققا تەكلىپ قىلىمەن.
شۇ چاغدا كۆرۈشەيلى···· مەن مايتاغ نېفىت كانىنىڭ مەسئۇلىغا
تېلېگرام بەردىم، سەن ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندا، ساڭا ئۆتكۈزۈپ
بېرىدۇ» دېدى. بىر ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ۋاڭ سەنموجاڭ
مېنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت زالىغا بېرىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ
خىزمەتچىلىرىگە سۆز قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. مەن ئىقتىساد مى-
نىستىرلىكى بايلىق مەنبە كومىتېتىدىن شىڭشىسەينىڭ تەلىپىگە ئا-
ساسەن شىخو نېفىت كانىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئەۋەتىلگەنلىكىمنى،
ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپرەك ياردەم بېرىشىنى سورايدىغانلىقىمنى
سۆزلىدىم. مەن شىڭشىسەينىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملەرنىڭ
شىخو نېفىت كانىدىن چىققان نېفىتنىڭ كۆپ بولمىغانلىقى سو-
ۋېتلىكلەرنىڭ قېزىشقانلىقىدىن بولغان دەپ گۇمانلانغانلىقىنى
ئاڭلىغان ئىدىم. چۈنكى بۇ يەردىن نېفىت كۆپ چىقسا سوۋېت
ئىتتىپاقىدىكى باكو نېفىتلىكىدىن چىقىدىغان نېفىتكە تەسىر يە-
تەرمىش. بۇ نېفىت كانىنى ئېچىشقا قارىتا ساۋادى كەمچىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولغان بىر خىل قاراش ئىدى ئەلۋەتتە. مۇشۇنداق گەپ بويىچە بولغاندا مېنىڭدىنمۇ يۇيمېن نېفىت كانىدىن چىقىدىغان نېفىتكە تەسىر يېتىپ قالىدۇ دەپ قەستەنگە نېفىتنى ئاز چىقىرىۋاتىدۇ دەپ گۇمانلىنىشى مۇمكىن. ئاۋادا بۇنداق سۆزلەر شىسەيىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالسا خىزمىتىمىزگە ئورۇنسىز قىيىنچىلىق كەلتۈرۈپ قويىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىل گۇمانىنى تۈگىتىش ئۈچۈن مەن نېفىت كانىنى ئېچىشقا دائىر ساۋاتلارنى سۆزلىدىم. مەن ئاياللاردا ئىككى ئەمچەك بولىدۇ. بالا بىرسىنى ئەمەپ بولغاندا، ئاندىن يەنە بىرسىنى ئەمىدۇ، ئىككى ئەمچەك بىر-بىرىگە يېقىن بولسىمۇ، سۈتى بىر-بىرىگە ئۆتۈشۈپ كەتمەيدۇ. شۇڭلاشقا ئارىلىقى ناھايىتى يىراق بولغان ئىككى نېفىتلىك بىر-بىرى بىلەن تۇتۇشۇپ، مەھسۇلاتقا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. بىرلا نېفىتلىك بولغاندىمۇ يەنە نۇرغۇن قۇدۇق قېزىپ نېفىت ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ بالىنىڭ ئاپىسىنىڭ ئەمچىكىنى ئەمگەنگە ئوخشاش ئىش دەپ سۆزلىدىم. مەن مۇشۇنداق مىسال قىلىپ سۆزلىسەم ئۇلار ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىشتى. مەن شىخودىن نېفىت چىقسا باكو ياكى يۇيمېندىن نېفىت چىقىشقا تەسىر يېتىدۇ دېگەن ئەخمىقانە گەپلەرگە ئوچۇق ئىزاھات بەرمىگەن بولسامىمۇ ئۇلار بۇ مىسالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلىدە چۈشۈنۈشتى. بۇ كېيىنچە ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

7- ئاينىڭ 11- كۈنى مەن ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ غەربكە قاراپ مېڭىپ، شىخو نېفىت كانىغا كەلدىم. بۇ يەر ئۈرۈمچىگە

200 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىكەن. مەن يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال شىلىڭشىسەي بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىپ، مەن ئەتە شىخو لىۋشەت كانىغا بارىمەن دەپ قويدۇم....

شۇ كۈنى مەن شىخو مايتاغ لىۋشەت كانىغا يېتىپ كېلىپ، شىلىڭشىسەينىڭ نېفىت كانىغا ئەۋەتكەن مەسئۇل ئادىمى بىلەن 17- كۈنى تاپشۇرۇۋېلىش-ئۆتكۈزۈۋېلىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشنى بېكىتتىم.

17- كۈنى تاپشۇرۇپ بېرىش-ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئۇلار تېخى پوجاڭزا ئېتىپ تەبرىكلىدى. ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن كانىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرى ئىتتىپاقداشلىق رىياسەتچىلىكىدە ئىشلىنىدىغان بولدى.

سۇڭ يۈچى: «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە شىنجاڭغا ئىككى قېتىم بارغانلىق خاتىرىسى» («تارىخىي ماتېرىياللاردىن تاللانما» 84-قىسىم، تارىخىي ماتېرىياللار نەشرىياتى، 1982-يىل 12- ئاي.)

1943- يىلى ھۆكۈمەتنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئېچىش تەكلىپىنىڭ نەتىجىسى بولمىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ماشىنىلارنى توشۇپ ئەكەتتى. ئېكىن لىۋشەتلىكنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جۇڭگو تەرەپ خېلى مەبلەغ چىقىرىپ تۇرلۇك قۇرۇلۇش ۋە ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋالدى. شۇندىن ئېتىبارەن بۇ كان توختاپ كەتتى.

1944- يىلى يۈيمىن لىۋشەت كانىنىڭ دىرېكتورى سۇڭ يۈچى

قاتارلىقلار كاننى كۆزدىن كۆچۈرگىلى، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى پىلانلىغىلى كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يۈمىندىن بىر قىسىم ماشىنا توشۇپ كېلىندى ھەمدە شىخو نېفىت كېنىغا تەييارلىق كۆرۈش ئورنى قۇرۇلدى. 1945- يىلى كۈنىگە 100 تونىنا بېنزىن ۋە نېفىت ئىشلەپچىقىرالايدىغان بولدى، شۇندىن كېيىن ئىلىدىن شىخوغا يۈرۈش قىلىشمۇ توختاپ قالدى.

خۇاڭ جىچىڭ: «شىخو مايتاغ كانى» (قول يازما)

ئىلاۋە: كۈنلۈك مەھسۇلاتى 100 تونىنا ئۆپچۆرىسىدە دېگەن سۆز مۇۋاپىق ئەمەس. «تونىنا» دېگەن «تۇڭ» دەپ ئۆزگەرتىلىشى كېرەك.

گەنسۇ نېفىت كان ئىدارىسىنىڭ باش دىرېكتورى سۇڭ يۈچى ھەمراھلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن بولۇپ 12 كىشىنى باشلاپ 8- ئاينىڭ 8- كۈنى مايتاغقا يېتىپ كېلىپ، نېفىت كانىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشكە رىياسەتچىلىك قىلدى. 15- كۈنى بۇ كان شىخو نېفىت كانىغا تەييارلىق كۆرۈش ئورنى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. لى تۇڭجاۋ مۇدىرلىققا تەيىنلەندى. سابىق زاۋۇت باشلىقى ۋېن زىجۇن مۇئاۋىن مۇدىر بولدى، ئاستىدا ئۈچ بۆلۈم ۋە بىر ئىسكىلات قۇرۇلدى. كۈيتۈڭ دېھقانچىلىق مەيدانى بۇرۇنقىدەك قېلىۋەردى. ھەر قايسى بۆلۈملەردىن بوغالتىر بۆلۈمى بۇرۇنقى پېتى قېلىۋەرگەندىن باشقا بۆلۈملەر، ئىسكىلاتقا بۇ قېتىم كەلگەنلەر ئايرىم-ئايرىم ھالدا تولۇقلاندى، شتاتنىڭ سىرتىدىكى بۆلۈم باشلىقلىرى باشقا ئىشقا قويۇلامدۇ، بۇ تېخى بەلگىلەنمىدى. ئۆتكەندە بۇ زاۋۇتتىكى

خىزمەتچى، ئىشچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى كوللېكتىپ تاماق يەيدىكەن. ئائىلىسى بولغانلار ھەر بىر كىشى ئېيىغا 30 يۈەن تاماق پۇلى تۆلەيدىكەن. بۇ قېتىم كوللېكتىپ تاماقنىمۇ بىكار قىلىنىپ، تاماق پۇلى كۆلىنىدۇ دېگەن گەپلەر بار. يېقىم- رىدىكى ئەھۋاللارنىڭ تەسىرىدىن كونا خىزمەتچى، ئىشچىلارنىڭ كەيپىياتى ياخشى بولماي قېلىۋاتىدۇ. كۆپىنچىسى رۇخسەت سوراپ، جان بېقىشنىڭ يولىنى تاپىمىز دېيىشىۋاتىدۇ......

شىنجاڭ ئۆلكىلىك مۇھاپىزەت ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لى يىڭچىننىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇۋەققەت رەئىسى خۇشاۋ- لياڭغا يوللىغان «مايتاغ ساقچى ئىدارىسىنىڭ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ ئۆزگەرتىلىپ تەشكىل قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسى- دىكى دوكلاتى» (1944- يىل 9- ئاينىڭ 15- كۈنى)

ئورنىمىز مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇرغاندىن بېرى ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى. باش دىرېكتور سۇڭ يۆچى 8- ئاينىڭ باشلىرى بۇ يەرگە كېلىپ 20 نەچچە كۈن تۇرۇپ، نېفىت ئېلىش، ئايرىش قۇرۇلۇشىنى پىلانلىغاندىن باش- قا، خىزمەتچىلەر، ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. بۇ چاغ بۇ كاننى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشى باشلانغان چاغ بولۇپ، خىزمەتچىلەر، ئىشچىلاردىن ئەينى ئەھۋالنى ئۇققانلار ئۆتكۈنچى مەزگىلدە ئادەم قىسقارتىدىغان بوپتۇ دېيىشكەن. سۇڭ دىرېكتور خىزمەتچىلەر، ئىشچىلارغا خاتىرجەم ئىشلەش توغ- رىسىدا كۆرسەتمە بەردى. ئورنىمىزنىڭ بۇيرۇققا بىنائەن بۇ

كانىي ئۆتكۈزۈۋېلىشى-ماي مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، ئارقا سەپنى تەمىنلەشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىدى. ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەتچى، ئىشچى كۆپەيتىش كېرەك، قالداقمۇ ئىشچى قىسقارتىش غەرىزى بولسۇن؟ خىزمەتچى، ئىشچىلارنىڭ ئوزۇقلىنىش چارىسىگە كەلسەك، خىزمەتكە، ئىشچىلارنىڭ ئۆزى ھەقسىز ئوزۇقلىنىدۇ. ئائىلە-تەۋەلىرىدىن يېيىشىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ تاماق راسخوتى ئېلىنىدۇ، بۇ ئەسلىدىكى بەلگىلىمە بويىچە بېجىرىلىدۇ. سوۋېت باش دىرېكتور 8-ئاينىڭ 31-كۈنى پۈتۈن كاندىكى خىزمەتچى، ئىشچىلارنىڭ تەمىناتىنى ياخشىلاش، ھەر ئايلىق قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى كۆپەيتىش، بۇنىڭ سانى ئەسلىدىكى ئىش ھەققىنىڭ بىر ھەسسىسىگىچە بولۇش، مۇشۇ يىلى 9-ئايدىن باشلاپ يولغا قويۇش ھەققىدە يازما يولىيورۇق بەردى. ھۆكۈمەت قولىدىكى دوكلات ئىشىنىڭ ئەينەن ئەھۋالىنى ئۇقمايدىغانلارنىڭ ئەپقاچتى كەپلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەزكۇر كان دۆلەت مۇداپىئەسىدىكى ئېغىر سانائەت ئورنى، بېنزىن ئىشلەپچىقىرىش ئارقا سەپ ترانسپورتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، ھۆكۈمەتنىڭ پايدا-زىيانىنى ئايرىش ئۈچۈن دوكلاتنىڭ كېلىش مەنبەسىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشنى سورايمىز.

«شىخو نېفىت كانىغا تەييارلىق كۆرۈش ئورنىنىڭ خىزمەتچى، ئىشچىلارنىڭ كوللېكتىپ ئوزۇقلىنىش ئىشى توغرىسىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە يوللىغان جاۋاب تېلېگراممىسى»



www.uyghurkitap.com

(1944- يىل 10- ئاينىڭ 6- كۈنى)

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943- يىلى) سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ خادىملىرى چېكىنىپ كەتتى. تۈرلۈك نېفىت ئىشلەش، ئايرىش ئۈسكۈنىلىرىدىن بىر مۇنچىسىنى دۆلىتىمىزگە تۇشۇپ ئەكەتتى، قۇرۇلۇش توختاپ كەتتى. 33 - يىلى ھۆكۈمەت قايتۇرۇۋېلىپ، گەنسۇ نېفىت كان ئىدارىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ، تۈرلۈك تېخنىك ماتېرىياللارنى ئەكىلىپ رەتكە سېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تاپشۇردى. نېفىت چىقىدىغان قۇدۇق 20-، 30-، 36-، 37-، 39-، 42-، 43- قاتارلىق يەتتە قۇدۇق بولۇپ، كۈنلۈك مەھسۇلاتى 70 توننىچە ئىدى، بىر مەزگىل تىجارەت قىلىنغاندىن كېيىن «باندىت» لارپاراكەندىچىلىك سالغانلىقتىن، ئىلاجسىز تاشلىۋېتىلدى......

يەنشۇاڭ: «جۇڭگو نېفىت كانلىرى خاتىرىسى» (ماشىنكىدا بېسىلغان نۇسخا، يىللىرى ئېنىق ئەمەس)

بىز تەرەپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا بارغاندا، تۈرلۈك ماشىنا، زاپچاسلار توشۇپ كېتىلگەن ئىكەن. بىر قانچە ئاي تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ رەتلەش ۋە تولۇقلاش ئارقىلىق بېنزىنلىق قۇدۇق رېمونت ماشىنىسىدىن بىرى، 100 توننىلىق تۇرۇبىسىمان ئايرىش پېچىدىن بىرى، 80 توننىلۇق ۋە 25 توننىلۇق ھورلاندۇرۇش پېچىدىن بىردىن، بەش توننىلۇق سىلىقلاش مېيىنى ئايرىش پېچىدىن بىرى پۈتتۈرۈلدى.

يەنشۇاڭ:«جۇڭگو نېفىت كانلىرى خاتىرىسى» (ماشىنكى

دا بېسىلغان نۇسخا، يىللىرى ئېنىق ئەمەس)

33 ـ يىلى گەنسۇ نېفىت كانى ئىدارىسى ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇرغاندىن كېيىن، ھەر كۈنلۈك نېفىت مەھسۇلاتى 60 تۇڭدىن 70 تۇڭغىچە بولۇپ، بىر يىلدىن كۆپرەك داۋاملاشتى. «باندىت» ئەسكەرلىرى توپىلاڭ قىلىپ، شىخو قولدىن كەتكەندىن كېيىن خىزمەتچىلەر، ئىشچىلار ئالدىراپ تېنەپ چېكىندى، قۇرۇلۇش شۇنىڭ بىلەن توختاپ كەتتى. ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇرغاندىن كېيىن قۇدۇقلارنىڭ كۈنلۈك مەھسۇلات جەدۋىلى تۆۋەندىكىچە:

| قۇدۇق نومۇرى | كۈنلۈك نېفىت مەھسۇلاتى (تۇڭ) |
|---|---|
| 20- قۇدۇق | 7.5 |
| 〃 -30 | 2 |
| 〃 -36 | 7.5 |
| 〃 -37 | 7.5 |
| 〃 -39 | 7.5 |
| 〃 -42 | 30 |
| 〃 -43 | 8 |
| جەمئىي | 70 |

يەنشۇاڭ «جۇڭگو نېفىت كانلىرى خاتىرىسى» (ماشىنكىدا ئۇرۇلغان نۇسخا، يىللىرى ئېنىق ئەمەس)

1943- يىلى 4- ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىرلىشىپ باشقۇرۇشنى توختىتىشنى قارار قىلدى، بارلىق نېفىت ئېلىش، ئايرىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى دۆلىتىگە توشۇپ ئە-كەتتى. شۇ يىلى 6- ئايدىن 10- ئايغىچە جەمئىي 12 مىڭ تون-نا تېخنىك ماتېرىيالنى توشۇپ ئەكەتتى، ھەمدە نېفىت قۇدۇقى-دىكى كالوننى چىقىرىۋېلىپ، قۇدۇق ئاغزىنى پېچەتلىۋەتتى، قېپقالغان پېچەتلىۋېتىلگەن نېفىت قۇدۇقىدىن 11 لى ۋە ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇشى ھەمدە نېفىت قۇدۇقى قۇرۇلۇش خاتىرىسىنى بايلىق مەنبە كومىتېتى بىر مىليون 700 مىڭ ئامېرىكا دوللى-رىغا سېتىۋېلىپ، 1944- يىلى 2- ئايدا توختام تۈزۈشتى، ئۆت-كۈزۈۋالغاندىن كېيىن كەنسۇ نېفىت كانىنىڭ ئادەم ئەۋەتىپ، تېخنىك ماتېرىياللارنى ئايرىپ رەتكە سېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تاپشۇردى. بىر مەزگىل باشقۇرغاندىن كې-يىن يەرلىكتىكى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى سەۋەبىدىن تاشلى-ۋېتىلدى.

1942- يىلى 1- ئايدا ئۈچ ئېغىز ئىشلەپچىقىرىش قۇدۇقى بار ئىدى. 1943- يىلى 4- ئايدا توققۇز ئىشلەپچىقىرىش قۇدۇ-قى بار ئىدى. 1944- يىلى كەنسۇ نېفىت كانى ئىدارىسى ئۆت-كۈزۈۋالغاندىن كېيىن يەتتە ئېغىز ئىشلەپچىقىرىش قۇدۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، كۈنلۈك نېفىت مەھسۇلاتى 60 تۇڭدىن 70 تۇڭغىچە بولدى. ئۈسكۈنە جەھەتتە بىر قانچە ئاي تولۇقلاش ۋە رەتلەش ئارقىسىدا بېنزىنلىق قۇدۇق رېمونت ماشىنىسىدىن

بىرى، 100 تۆگىلۈق تۆرۈبىسىمان ئايرىش پېچىدىن بىرى، 80 تۆگىلۈق ۋە 25 تۆگىلۈق ھورلاندۇرۇش شەكلىدىكى پېچىنىڭ ھەر قايسىسىدىن بىرى، بەش تۆگىلۈق سىلىقلاش مېيى ئايرىش پېچىدىن بىرسى پۈتكۈزۈلدى. 1944- يىلى 9- ئايدىن 12- ئايغىچە جەمئىي 1234.4 تونىنا نېفىت ئىشلەپچىقىرىلدى، 380.4 تونىنا بېنزىن، 258 تونىنا كىرسىن ئىشلەپچىقىرىلدى، 1945- يىلى 1- ئايدىن 8- ئايغىچە جەمئىي 1858.3 تونىنا نېفىت ئىشلەپچىقىرىلدى، 600.5 تونىنا بېنزىن، 469.2 تونىنا كىرسىن ئايرىپ چىقىلدى، 9- ئاينىڭ باشلىرى يەرلىكتە ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى بولغانلىقتىن، خىزمەتچىلەر، ئىشچىلار ئالدىراپ-تېنەپ چېكىنىپ كەتتى، قۇرۇلۇش شۇنىڭ بىلەن توختاپ قالدى.

«جۇڭگو نېفىت سانائىتىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى» (ماشىنىكىدا ئۇرۇلغان نۇسخا، 1949- يىلى)

ئىقتىسادى قۇرۇلۇش جەھەتتە، شىڭ شىسەي دەۋرىدە سوۋېت ئىتتىپاقى مايتاغ نېفىت كانىنى ئېچىش، بايلىق مەنبەسىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرگە ياردەم بەرگەن ئىدى، شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خادىملىرى ۋە ئۈسكۈنىلىرى ئېلىپ كېتىلدى، مېنىڭچە شىنجاڭدا ئىقتىسادى قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن سوۋېتلىكلەرنىڭ تېخنىكا خادىملىرى ۋە ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ياردىمى بولمىسا بولمايدۇ. شۇڭلاشقا تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن (ئىلاۋە: يەنى 1946- يىلى 1- ئاينىڭ 2- كۈ-

نى جاڭجىجۇڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ۋەكىل بولۇپ ئۈچ ۋى- لايەت يەرلىك ھۆكۈمىتى بىلەن ئىمزالىغان «مەركىزى ھۆكۈ- مەت ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭ كۆتەرگەن رايونلار خەلق ۋەكىلىنىڭ قورالىق توقۇنۇشىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى كېلىشىمىسى») شەرتنامىسىنىڭ دەسلەپكى ئۈرنىگىنالىنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە تۈزۈپ چىقىشقا كىرىشتىم، ھەمدە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە تەكلىپ بېرىپ، ماقۇللانغاندىن كې- يىن، خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتۈپ ئاندىن سوۋېت ئىستىتىپاقى تەرەپكە ئوتتۇرىغا قويدۇم. باش كونسۇل ۋە سودا ئىشلىرى ۋەكىلى ئويلۇشۇپ كۆرۈدىغانلىقىنى، لېكىن موسكۋادىن يول- يورۇق سوراشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، مېنىڭچە، نەن- جىڭ ھۆكۈمىتى تۈزىتىش كىرگۈزگەن شەرتنامىنىڭ دەسلەپتىكى ئۈرنىگىنالىنىڭ ئويلۇشۇپ كۆرۈلىدىغان ئىمكانىيىتى بار ئىدى. كې- يىن كۆپ قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈش (بىز تەرەپنىڭ باش ۋەكى- لى تاشقى ئىشلار يەۋقۇلئاددە ۋەكىلى يولداش ليۇزېرۇڭ ئىدى) ئارقىلىق جۇڭگو-سوۋېتنىڭ شىنجاڭدىكى سودا ۋە ئىقتىسادى ھەمكارلىق كېلىشىمىسى (سودا مەسىلىسى، رەڭلىك، ئاز ئۇچراي- دىغان مېتال قېزىش مەسىلىسى، نېفىت ئېلىش مەسىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى) ئاخىرى ۋۇجۇتقا چىقتى. لېكىن بۇ چاغدا نەنجىڭ ھۆكۈمىتى يەنە ئىككىلىنىشكە باشلاپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۇنياغا كەلگىچە بىر قارارغا كېلەلمىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىمزالانغان ئىقتىسادى ھەمكارلىق كېلىشىمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇشۇ لايىھەنى ئاساس قىلدى.

«جاڭجىجۇڭ ئەسلىمىلىرى» (تارىخى ماتېرىياللار نەشرىياتى، 1985- يىل)

جۇڭگو-سوۋېت نېفىت شىركىتى 1950- يىلى 10- ئايدا قۇرۇلدى. 1951- يىلى پائالىيەت باشلىدى. بۇ ئۈچ ۋىلايەت ئەرەققىيات شىركىتىگە قاراشلىق مايتاغ نېفىت زاۋۇتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشنى ئاساس قىلدى. ئەسلىدىكى ئىقتىسادىي ئەھۋال ئىنتايىن بىچارە ھالەتتە ئىدى. بۇ يەردە ئاددىي قول سانائەت ئۇسۇلى بويىچە باشقۇرۇلىدىغان ئىككى ئىشلەپچىقىرىش قۇدۇقى، سىغىمى ئىزقىتۇز كۇب مېتر كېلىدىغان ھورلاندۇرغۇچتىن تەشكىل تاپقان ئىككى ھورلاندۇرۇش ئۈسكۈنىسى، چۆلدىرەپ قالغان، ئاساسى جەھەتتىن رېمونت قىلىشقا توغرا كېلىدىغان بىر قانچە كورپۇس تۇرالغۇ ئۆي بار ئىدى.

«جۇڭگو، سوۋېت نېفىت شىركىتىنىڭ 1951- يىللىق خىزمىتىدىن خۇلاسە» (ماشىنكىدا ئۇرۇلغان نۇسخا)

## VI مايتاغ نېفىت كانىدىكى ئىشچىلارنىڭ نامرات تۇرمۇشى ۋە ئىش تاشلاش كۆرەشلىرى

جۇڭگولۇق ئىشچىلارنىڭ تاماق، ياتىقىنى كان بېرىدۇ. ھەر كىشىنىڭ ئايلىق تامىقى ئۈچۈن 40، 50 يۈەن كېتىدۇ. ئەگەر خىزمەتچى، ئىشچىلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى تاماقتا بىللە بولسا ھەر كىشىدىن ئېيىغا 10 يۈەن شىمنجاڭ پۇلى ئېلىنىدۇ . ھەر بىر

ئىشچىنىڭ ئايدا ئايرىم ئالىدىغان ئىش ھەققى 50 يۈەن. لېكىن ئىشچى يېتىشمىگەچكە، سىرتتىن پارچە-پۇرات ئېلىنىدىغان ئىشچىلارنىڭ ھەققىگە كېتىدىغان پۇل كۆپرەك بولۇپ ئىشچىلاردىن قېچىپ كېتىدىغانلار بار ئىدى، شۇ يەرنىڭ مال باھاسى بويىچە گۈرۈچنىڭ ھەر بىر كۈرەسى 420 كونا جىڭ (ھەر جىڭى 16 سەر) بولۇپ، شىنجاڭ پۇلىغا 140 يۈەن، ئۇننىڭ ھەر يۈز جىڭى شىنجاڭ پۇلىغا 35 يۈەن، چوشقا گۆشىنىڭ ھەر جىڭى شىنجاڭ پۇلىغا 1.5 يۈەن بولۇپ، ئۆرلەپ كېتىش يۈزلىنىشى بار ئىدى.

كۆك شۆ-ۋې: «شىنجاڭ ئۆلكىسى مايتاغ نېفىت كانىنى كۆزدىن كۆچۈرۈشتىن دوكلات» (1942- يىل 7 - ئاي، مايلىق باسما)

سوۋېت تەۋەلىكىدىكى خىزمەتچىدىن جەمئىي 120 كىشى بولۇپ، ئىش ھەققى ئامېرىكا پۇلىغا 360 دوللاردىن 50 دوللارغىچە ئىدى. جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى خىزمەتچىدىن 54 كىشى بولۇپ، ئىش ھەققى شىنجاڭ پۇلىغا 30 يۈەندىن 120 يۈەنگىچە ئىدى، تاماق، ياتاق بىلەن تەمىنلىنەتتى. ئىشچى جەمئىي 776 كىشى بولۇپ، ھەممىسى جۇڭگولۇق ئىدى. تېخنىك ئىشچىلار 69% نى ئىگىلەيتتى، ئىش ھەققى ئېيىغا 40 يۈەندىن 135 يۈەنگىچە ئىدى.

«شىنجاڭ مايتاغ نېفىت كانىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىدىن قىسقارتىلما» (1943- يىلى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىز تەرەپ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى ئۈچ يىلدىن بۇيان ئازراقمۇ كۆپەيتىلمىدى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىچە ئايرىپ بايان قىلىمەن:

(1) زاۋۇت ئىچىدىكى ھەرقايسى بۆلۈملەرنىڭ كاچالىكلىرىنىڭ ئىش ھەققى 80، 90 يۈەن ياكى 100 يۈەن بولغاندىن باشقا تامچى، ياغاچچى، كوچىگار ۋە ئادەتتىكى تېخنىك ئىشچىلارنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى 40، 50 يۈەن ياكى 50، 60 يۈەن شاگىرتلار ۋە ھويلىكەشلەرنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى ئاران 30 يۈەن ئۆپچۆرىسىدە.

(2) زاۋۇت ئىچىدىكى خىزمەتنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسلانغاندا ئوت ئاپىتىدىن ئالاھىدە مۇداپىئە كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ، بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى كوللېكتىپ تاماق يەيدۇ، لېكىن ھەر بىر كىشى ئۈچۈن ئايدا 30، 40 يۈەنچە تاماق پۇلى ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۈچ تۆت جان بولۇپ قالسا ئايلىق ئىش ھەققى ئايلىق تاماق پۇلىنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيدۇ، ھەتتا تاماقمۇ سېتىۋالالمايدۇ.

(3) ھازىر نەرسە كېرەكلەر قىممەتلىشىپ كەتتى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئالىدىغىنى ئايلىق بولغاچقا، ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىمۇ قامدىيالمايدۇ، كۆپچىلىك بالىلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى جۇل-جۇل، بۇنداق قىيىن ئەھۋالنى ئامال قىلىپ تۈگىلۈشۈپ كۆرۈش كېرەك.

(4) ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئالىدىغان ئىش ھەققى ناھايىتى ئاز بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ خاتىرجەملىكىگە تەسىر يېتىدۇ، ياز كېلىپ كۈن ئىللىسا، قېچىپ كېتىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىش تەس بولۇپ خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزمەي قالمايدۇ.

(5) سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىكىلەرنىڭ ئىش ھەققى بىز تەرەپتىكىلەردىن بىر قانچە ئون ھەسسە ئارتۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەمىناتى مول، تۇرمۇشى باياشات، بۇلار خىزمەت كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى تۆۋەن ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئالدىنىپ، تەۋەلىكىنى ئۆزگەرتىدىغان ئىشلار ئاسان چىقىپ قالىدۇ.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىي ئىش. خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى كۆزلەپ، ئادەتتىكى تېخنىك ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە يېقىندا بەلگىلەنگەن ئىش ھەققى باھاسى بويىچە ئاشۇرماقچىمەن، تېخنىكىلىق ئىشچىلار، بۇرغىلاش ئىشچىلىرى ۋە خىزمەتچىلەر قاتارلىقلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئەھۋال ئالاھىدە بولغاچقا ھۆكۈمەتنىڭ كۆرسەتمىسىگە بىنائەن بىر تۇتاش تەمىنات ئۆلچىمى بويىچە تەڭ مۇئامىلە قىلىش پرىنسىپىغا ئۇيغۇن، خىزمەتكە پايدىلىق بولۇش ئۈچۈن مۇۋاپىق ئاشۇرۇشقا بولامدۇ-يوق.

مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى ۋېنزىجۇننىڭ شىڭ شىسەيگە يوللىغان مەكتۇپى(1943-يىل 3-ئاينىڭ 23- كۈنى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نېرىتمىن:.....خىزمەت جەھەتتە پۈتۈن زاۋۇتتا ئىش توختىغىلى بىر ئىككى كۈن بولدى، ۋىشكا قوراشتۇرۇدىغان ئىشنىڭ توختىغىنىغا 18 كۈن بولدى..... ئىش توختاپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى ئاساسلىقى ئىشچىلارنىڭ كىيىم - كېچەكلى بېرىلمىگەنلىكتە، ئۇنىڭدىن قالسا، ئوزۇق-تۈلۈكنىڭ يېتىشمىگەنلىكىدە.

خىزمەت كىيىمىنىڭ يېتىشمەسلىكى ھەم ئىش توختاشنىڭ سەۋەبى ئوزۇق-تۈلۈكنىڭ بولماسلىقى، مالىيە نازارىتى پۇل بەرمىگەنلىكىدىن بولغان. ئوزۇق-تۈلۈك بولمىغانلىقتىن ئىشچىلار كېتىپ قېلىشتى.

......

ۋىنزىجۈن: ۋىشكا قوراشتۇرۇدىغان ئىشچىلارنىڭ 18 كۈن ئىش توختىتىشىدا ئىش كىيىمىنىڭ يېتىشمەسلىكى سەۋەب بولالمايدۇ. ئىش توختىتىشنىڭ ئاساسىي سەۋەبى، باش ئىنژېنېر نېرىتىمىنىڭ ئېگىزگە يامىشىدىغان ئىشچىدىن 10نى سەۋەبسىز قوغلاندى قىلغانلىقىدا. بۇنداق چارىگە ئىشچىلار ئەلۋەتتە رازى بولمايدۇ. شۇڭا ئىش توختاپ قالدى.

«1942 -يىلى 12- ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى يىغىن خاتىرىسى»

قاتناشقۇچىلار:

شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى پېڭجىيۈەن، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى لىبولىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسولى پوسكىن، مايتاغ نېفىت ئايىرىش زاۋۇتىنىڭ باش ئىنژېنېرى نېرىتىمىن، نېفىت ئايىرىش زا-

ۋۇتىنىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى ۋېنزىجۇن.

مەزكۇر كاندا 11- ئايدا ئىش تاشلىغان ئەھۋالغا كەلسەك، ...... مۇشۇ ئاينىڭ 15- كۈنى تاپشۇرۇۋېلىنغان تېلېگراممىدا: 11- ئاينىڭ 19- كۈنى بىر كۈن ئىش توختىتىلغان، لېكىن ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ئىش ئەسلىگە كەلدى، دېيىلگەن. يېقىندا شىنجاڭ مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى پېڭجىيۈەن نېفىت كانىنىڭ ئەھۋالىنى يۈزتۇرانە دوكلات قىلدى. ئۇزۇق-تۈلۈك بىلەن تەمىنلەش ۋاقتىنچە توختاپ قالغانلىقتىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ نېفىت چىقىرالمىغان، شۇڭلاشقا مالىيە نازارىتى پۇل ۋە ئاشلىق ئاجرىتىپ بەردى. بۇ ئىشلارنى يۈرۈشتۈرۈپ بولغىچە، بىر كۈن ئىش توختاپ قالدى.

كومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىقتىساد مىنىستىرلىكى بايلىق مەنبەكو مىتېتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە يوللىغان ئالاقىسى

(1942- يىلى 12- ئاينىڭ 31-كۈنى)

## 7. مۇھىم نېفىت ئالامەتلىرى بولغان باشقا رايونلارنىڭ ئېچىلىش ئەھۋالى

### 1) كۇچار ناھىيىسى مىس كان كەنتى

كۇچار ناھىيىسىدە نېفىت ئېلىنىدىغان رايون مىس كان كەنتى ئەتراپىدىكى رايونلار بولۇپ، ناھىيىگە 25 كىلومېتىر كېلىدۇ. كۇچار ناھىيىسىدىن مەزكۇر كەنتكە بارىدىغان ئىككى يول بار: بىرى ئۇزۇنلىقى 10 كىلومېتىر كېلىدىغان تاغلىق جىلغىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆتىدىغان ئېرىق بولغاچقا ئۇلاغلىق مېڭىشقىلا بولىدۇ. ئاپتوموبىل ھارۋىلار يۈرەلمەيدۇ. يەنە بىرىنىڭ ئۇزۇنلىقى 65-70 كىلومېتىر كېلىدىغان ئەگرى - توقاي يول بولۇپ، ئاپتوموبىل، ھارۋىلار يۈرەلەيدۇ. مىس كان يېزىسىغا 5، 12، 40، كىلومېتىر كېلىدىغان ئۈچ جاي نېفىت ئېلىنىدىغان جاي. ۋاھالەنكى بۇ جايدىكى نېفىت يەر ئۈستىگە ئېقىپ چىققان. بۇ ئۈچ يەرنىڭ توپىنىڭ سۈپىتى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە نېفىت چىقىدىغان تۈرلۈك رەڭ ئالامەتلىرى بار. نېفىت قۇدۇقى تارتاغ جىلغىسى ئىچىدە بولۇپ، بىرىنچى يول بىلەن ئۇلاغدا بارسا نېفىت قۇدۇقىغا ئۇدۇل بارغىلى بولىدۇ. ئارىلىقى بىر قەدەر يېقىن. نېفىت قۇدۇقىغا يېقىن قالغاندا، 100-150 مېتىر يەردىكى تاغ يولى تار بولغاچقا ئۇلاغلارنىڭ مېڭىشى تەس بولۇپ، پىيادە مېڭىپ ئىلگىرىلەشكە توغرا كېلىدۇ. نېفىتنى ئالىدىغان چاغدا ئۇنى يۇدۇپ 100—150 مېتىر يىراقلىققا ئاپىرىپ، ئاندىن ئۇلاغقا ئارتىپ، نېفىت ئايرىش زاۋۇتىغا ئاپىرىشقا توغرا كېلىدۇ. نېفىت قۇدۇقلىرىنىڭ چوڭقۇرلىقى ئوخشاش ئەمەس، چوڭقۇرلىرىغا نېفىت ئالىدىغانلار شوتا قويۇپ چۈشۈپ چىقىدۇ، نېفىتنى چۆمۈچ بىلەن ئالىدۇ. نېفىت رايونىنىڭ بىر بۆلىكىدە 30 يەردە قۇدۇق ئېغىزى، ئىككىنچى بۆلىكىدە 10 يەردە قۇدۇق ئېغىزى بولغان، باشقا رايونلارغا بارالمىدۇق. يۇقىرىقى ئىككى بۆلەكتىكى نېفىت قۇدۇقلىرىدىن ياز پەسلىدە، ھەر ھەپتىدە 150-200 جىڭ نېفىت ئالغىلى، قىش پەسلىدە بولسا 50-80 جىڭ ئال-

ەملى بولىدۇ. نېفىت كانىنىڭ ئەتراپىدا ئوت-چۆپ ئۆسمەيدۇ. سۇمۇ ناھايىتى ئاز، ئۇ يەردىن تۇز چىقىدۇ، بۇ يەر ئۆي ئىمارەتمۇ، ئاھالىمۇ بولمىغان بىر چۆللۈك. يۇقىرىقى قۇدۇقلاردىن چىقىدىغان نېفىتنىڭ سۈپىتى ئوخشاش، رەڭگى ئاق، بۇ جايدىكى ئەڭ كۆرۈنەرلىك بىر ھادىسە شۇكى، نېفىت ھىدى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. يەرلىك ئاھالىلار چەككىلەنمىگەن مايىنى ئېلىپ چىراغ ياقىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىسى بەك جىق چىقىدۇ.... ھازىربۇ يەردىكى نېفىتلىكنى كۇچار ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قېزىۋاتىدۇ، شۇنداق بولسىمۇ ئۇنى چەككىلىمەي، چىراغ يېقىشقىلا ئىشلىتىدۇ.

.......

كۇچار نېفىت رايونىدا سىناق تەرىقىسىدە نېفىت ئايرىش خىزمىتى ئىشلەش ئۈچۈن 161 جىڭ نېفىت ئېلىندى. ئۆلچەملىك ئېغىرلىقى (تېمپېراتۇرىسى ±15℃) 0.8281 بولىدۇ.

1. بېنزىن (ئۆلچەملىك ئېغىرلىقى) 0.7787 t15 ℃ 40 كىلوگرام
2. بىرىنچى دەرىجىلىك ئاق نېفىت (ئۆلچەملىك ئېغىرلىقى) 0.7823 t15 ℃ 16 كىلوگرام
3. ئىككىنچى دەرىجىلىك سېرىق نېفىت (ئۆلچەملىك ئېغىرلىقى) 0.8053 t15 ℃ 32 كىلوگرام
4. ئۈچىنچى دەرىجىلىك سېرىق نېفىت (ئۆلچەملىك ئېغىرلىقى) 0.8203 t15 ℃ 32 كىلوگرام
5. سېرىق ئاپتول تېپىدىكىسى 26 كىلوگرام

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

6. ئايرىشقا سەرپ بولغان نېفىت مىقدارى 15 كىلوگرام

(ئىلاۋە: يۇقىرىقى ماقالىدىكى «ئۆلچەملىك ئېغىرلىقى» دېگەن سېلىشتۇرما ئېغىرلىق، «ئاق نېفىت» «سېرىق نېفىت» دېگەننى كىرسىن)

## 2. ئاقسۇنىڭ تاغلىق كەنتىدىكى نېفىت ئالامەتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ئاقسۇدىكى نېفىت چىقىدىغان رايون تاغلاق كەنتى ئەتراپىدا بولۇپ، مەزكۇر ناھىيىگە 90—100 كىلومېتىر كېلىدۇ. مەزكۇر ناھىيىدىن يولغا چىقىپ، 50 كىلومېتىر چۆلنى باسقاندىن كېيىن، 30 كىلومېتىر كېلىدىغان ئۆڭغۈل-دوڭغۇل ئەگرى-توقاي يول ئالدىغا كېلىدۇ. يۇقىرىقى 80 كىلومېتىر يولدا ھارۋا ۋە ئاپتوموبىل يۈرەلەيدۇ، ئاخىرقى بىر بۆلەك 15 كىلومېتىر كېلىدىغان يول چوڭ-چوڭ تاشلار دۆۋىلىنىپ كەتكەن تاغ ئارىسىدا بولۇپ، كەڭلىكى 25 — 30 مېتىر كېلىدۇ، ئوتتۇرىدا بىر ئۆستەڭ بولۇپ، كەڭلىكى 4—5 مېتىر كېلىدۇ. ھاۋا ئىللىپ يامغۇر ياققاندا ئۆستەڭگە سۇ توشۇپ كېتىدۇ، تاغ ئاغزىدىن مەزكۇر مەھەللىگە كەلگىچە 10 نەچچە يەرگە كۆۋرۈك سېلىنغان. يول بارغانسېرى ئېگىزلەپ بارىدۇ، يانتۇلىقى خېلى چوڭ، پەسكە قاراپ يۈرىدىغان يەر يوق. نېفىت قۇدۇقى مەزكۇر كەنتتىن ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، بۇ ئارىلىقتا ئېگىزلىكى 350—400 مېتىر، يانتۇلىقى 60—65 گرادۇس كېلىدىغان بىر پارچە يەر بار، بۇ يەردىن ئاتلىق ياكى پىيادىلا ئۆتكىلى بولىدۇ. قۇدۇق ئىككى چوڭ-

قۇر ئار يەردە بولۇپ، 15 نېفىت قۇدۇقى بار، چوڭقۇرلۇقى بىر مېتىردىن 15 مېتىرغىچە، نېفىتنىڭ رەڭگى ئوخشىمايدۇ، ھەر ھەپتىدە 50 كىلوگرامدىن 70 كىلوگرامغىچە نېفىت چىقىدۇ. نېفىت قۇدۇقتىن چىققاندا سىغىمچانلىقى 15 كىلوگرام كېلىدىغان تۇڭغا قاچىلىنىپ، تاغنىڭ سول تەرىپىگە يۈدۈپ ئاپىرىلىدۇ، نېفىت قۇدۇقىنىڭ ئۆپچۆرىسىدە نە ئاھالە، نە ئۆي-ئىمارەت يوق. بۇ يەردە تاشلار دۆۋىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ھەممە يەردىلا بار، بۇرغىلاپ چارلاپ قۇدۇق قېزىش مۇمكىن ئەمەس،..... ھازىر قېزىپ چىقىرىلغان نېفىتنىڭ تەركىبىدىكى مىقدارى(ئېلاۋە: ئەسلى تېكىستى شۇنداق، بۇ سۆز سېلىشتۇرما ئېغىرلىق، دېمەكچى كېرەك) 0.830، بېنزىن تەركىبى ئاز، تاش يېغى(ئېلاۋە: كېروسىننى كۆرسىتىدۇ) بىر قەدەر كۆپ، ئېغىرلىق تەكشۈرۈدىغان ئەسۋاب بولمىغاچقا، ھەر خىل مايلارنىڭ تەركىبى ۋە ئېغىرلىقىنى كۆرسەتكىلى بولمىدى.

ھازىر نېفىت ئىشلىتىۋاتقانلار سودىگەرلەر بولۇپ، بۇ يەردىكى ئاقسۇ ناھىيىسىدە نېفىتنى سىناپ چەككىلەپ، 84 جىڭ ماي ئالدى. تۈرلۈك مايلار تۆۋەندىكىچە:

1. ئاق نېفىت ئۆلچەملىك ئېغىرلىقى 0.8328 15°C 2 كىلوگرام
2. سېرىق نېفىت 0.8553 15°C 60 كىلوگرام
3. ئاپتول تېمىدىكىسى 15 كىلوگرام
4. ئايرىش سەرپىياتى 7.5 كىلوگرام

(ئىملاۋە: مەمۇرى رايون ئايرىمىسى بويىچە تاغلاق كەنتى ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىدە)

### 3 . قەشقەر رايونىدىكى نېفىت ئالامەتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

قەشقەرنېفىت رايونى، قىزىلتوپا جىلغىسىنىڭ يېنىدا بولۇپ، مەزكۇر رايونغا 80 كىلومېتىر كېلىدۇ. مەزكۇر رايونغا بارغىچە 25 كىلومېتىر تاشيول بار، قالغىنى تەبىئىي چوڭ يول بولۇپ يالىتۇلۇق يوق. مەزكۇر كەنتتىن ئالتە كىلومېتىر، 12 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئىككى يەر نېفىت چىقىدىغان رايون. ھازىر ئالتە كىلومېتىردىكى جايدىن نېفىت قېزىلىۋاتىدۇ، چىقىدىغىنى نېفىت، ئاسفالت. نېفىتنىڭ سۈپىتى دۇرۇس ئەمەس، قارا لەرسە (ئىملاۋە: ئەسلى تېكىستى شۇنداق، مەنىسى ئېنىق ئەمەس) بار. نېفىت چىقىدىغان قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلىقى 30 مېتىر كېلىدۇ، بۇ قۇدۇقنى قازغىلى ئىككى يىل بولغان، بۇ مەزگىلدە ئىش ماتېرىيالى خىراجىتى ئىنتايىن ئېغىر بولغان. بۇ قۇدۇقتا ھاۋا يېتىشمىگەچكە، ئىشلەش قىيىنراق بولغان. نېفىت مەھسۇلاتى، يازدا كۈنىگە 150 جىڭ، قىشتا 50–60 جىڭ، نېفىت ئايرىيدىغان جاي مەزكۇر كەنتتە، نېفىت ئايرىيدىغان ئۈسكۈنىلەر بەك كىچىك بولۇپ، ھەر قېتىم 50–60 جىڭلا ئايرىغىلى بولىدۇ، لېكىن نېفىت ئايرىيدىغان تېخنىك بولمىغاچقا، بېنزىن، تاش يېغىنى ئايرىيالمىغان، ئايرىپ چىققان تاش يېغىنىڭ سۈپىتى زىيادە تۆۋەن،

بىر قەدەر ئېغىر، چىراغ ياققاندا ئىسى جىق، ئۆلەك تەركىبىدىكى ئارىلاشمىلار پىلىككە ئورنىشۋالغاچقا، يورۇق بەرمەيدۇ. نېفىت ئالمىدىغان ئورۇن ئانچە ئېگىز بولمىغان يۇمىلاق تۆپىلىكتە بولۇپ، توپىسى بىر قەدەر يۇمشاق، تاش يوق، ئادەم كۈچى بىلەن نېفىت دېڭىزى (ئەسلى تېكستى شۇنداق-ت) نى بۇرغىلاپ قازسا 100-150 مېتر چوڭقۇرلۇققا يەتكۈزگىلى بولۇشى مۇمكىن. ھازىرقى نېفىت قۇدۇقلىرىغا سېلىنغان تۇرغاندا كېيىنچە 20-25 مېتىرغىچە قېزىلسا نېفىت چىقىشى مۇمكىن. ئەتراپىتىكى سۇ بېسىۋالغان قۇدۇقلارنىڭ ئۈستىدە نېفىت لەيلەپ يۈرىدۇ، بۇ نېفىت ئېقىمىنىڭ ئانچە چوڭقۇردا ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

......

بۇ قېتىم قەشقەردە نېفىتنى سىناپ ئايرىپ بېقىش ئۈچۈن، 169 جىڭ نېفىت ئېلىنغان ئىدى، ئايرىۋېلىنغان تۈرلۈك مايلار تۆۋەندىكىچە:

1. بېنزىن، ئۆلچەملىك ئېغىرلىقى 0.770 تېمپېراتۇرىسى 9 ℃ ± 8 كىلوگرام

2. ئاق نېفىت ئۆلچەملىك ئېغىرلىقى 0.880 تېمپېراتۇرىسى 13 ℃ ± 14 كىلوگرام

3. سۇس سېرىق نېفىت ئۆلچەملىك ئېغىرلىقى 0.835 تېمپېراتۇرىسى 17 ℃ ± 15 كىلوگرام

4. سېرىق نېفىت ئۆلچەملىك ئېغىرلىقى 0.835 تېمپېراتۇرىسى 32 ℃ ± 35 كىلوگرام

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

5. ئاپتول تىپىدىكىلەر 86 كىلوگرام

6. ئايرىش سەرپىياتى 11 كىلوگرام

شىنجاڭ تاشيول ئىدارىسى گراشكوۋ يازغان. ۋۇلىيەنكى تەرجىمە قىلغان.

«كۈچار مىس كان كەنتى، ئاقسۇ تاغلاق كەنتى، قەشقەر نېفىت كانىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات» (1945- يىلى 1- ئاينىڭ 3- كۈنى. مايلىق باسمىسى)

## 1- مۇقەددىمە

غاڭجۇغان ئۈلۈغچات ناھىيىسىنىڭ شەرقىگە 20 يول، كو- لىشەر ناھىيەسىنىڭ غەربىگە 70 يول بولۇپ، قەشقەر سىمخانا تاشيولىنىڭ يېنىغا جايلاشقان، 3-4 ئۆي بار، ئاھالىسى ناھايىتى ئاز. ئەتراپى «قىزىل جىنس قاتلىمى» دىن تەركىب تاپقان پا- كار تاغ بولۇپ، ئېگىزلىكى 50-60 مېتىردىن ئاشمايدۇ، نېفىت چىقىدىغان يەر كەنتىنىڭ جەنۇبىغا 3-2 يول كېلىدىغان جايدا بولۇپ، كەنتىنىڭ ئالدىدا كىچىك يول بار، كەنتىنىڭ جەنۇبىدى- كى پاكا تاغدىن ئۆتۈشتە يول ئېگىز-پەس بولۇپ ئاتلىق مې- ڭىشقىلا بولىدۇ، كان رايونىغا بارغىچە يەر بارا-بارا تۈز بولۇپ، جەنۇب تەرەپكە بارغانسېرى قىيپاش بولۇپ چۆلگىچە بارىدۇ، بۇ يەرنىڭ جەنۇپ، شىمال قانىتى پاكا-پاكا تاغ، چۆلنىڭ ئوت- تۇرىسى تۈز بولۇپ، شىمالدىن غەربكە غەربتىن جەنۇبقا، شە- رقتىن-شەرققە ئۇزۇنچاق بەلباغ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن كۆرۈنىدى-

ھنی سىلىق قۇرام تاشلار بولۇپ، ياللىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، چۆلدىكى تاشلار ...... (ئىلاۋە: خەنزۇچە ئۇنچە ئېنىق چۈشۈپ قالغان) پەستىكى چوققىلار كېسىلىپ جىلغا بولۇپ قالغان، چوڭ-قۇرلۇقى 10 مېتىردىن ئاشمايدۇ، ئاستى قىزىل يەر قاتلىمى.

بۇ رايون ئەتراپىدا ئېرىق بار، ....... (ئىلاۋە: خەنزۇچە يەتتىمدەك خەت چۈشۈپ قالغان) پۈتۈن رايوننى كېسىپ ئۆتىدۇ. ئېرىق ئىچىگە بەزىدە ئانچە-مۇنچە بۇلاق سۈيى ئېقىپ چۈشۈپ، ئېقىپ ئۇزاققا بارمايلا يەر ئاستىغا سىڭىپ كېتىدۇ.

2. يەر قاتلىمى توغرىسىدا ئومۇمى بايان (قىسقارتىلدى).
3. گېئولوگىيىلىك ستروكتورا (قىسقارتىلدى) .
4. نېفىت چىققىدىغان ئالامەتلەر.

ئا: نېفىت ئالامەتلىرى ۋە تەبىئىي گاز

ئورۇن I تار جىلغىنىڭ چېتىدە بولۇپ، قىزىل سېغىز جىلغىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، جىلغىنىڭ تېگىدە كۆلچەك بولۇپ، دىئامېتىرى ئىككى مېتىردەك كېلىدۇ، كۆلچەكنىڭ شىمالى قىرغىقىدا شېغىللىق تىك بەل بولۇپ، ئېگىزلىكى ئىككى مېتىردەك كېلىدۇ. كۆلچەككە يېقىن جىنس قاتلىمى ئۇۋاق بولۇپ، بىلەيسىمان ھالەتتە، ئۇنىڭ ئارىلىقى ۋە قاتلىرىدا قارا ئاسفالتتەك نەرسىلەر بار، تاغ جىنسلىرىنىڭ بىر قىسمى يۇمشاق، بۇ نېفىتنىڭ چىلىشىدىن بولغان، قىيانىڭ ئاستىدا ئاز مىقداردىكى نېفىتكە ئوخشاش قارا نەرسىلەر سۇ ئۈس-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىدە لەيلەپ تۇرىدۇ. قويۇق ۋە يېپىشقاق، كۆلچەكنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن پۈۋەكچىلەر ئۈزۈلمەي سۇدىن چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ يەردىكى شېغىلنىڭ كۆرۈنۈپ قېلىشى قاتلامنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىدىن بولغان. نېفىت بۇ يەردىكى شېغىل قاتلىمىنىڭ ئاستىدىن چىقىدۇ، بۇنىڭ بۇ يەرنىڭ سەل-پەل ئاجرىلىپ كەتكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئەمەس. كۆلچەكتىكى سۇ يەر ئاستىنىڭ ئۈستىگە كۆتۈرۈلىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، سىرتقا ئېقىپ ئۈزلۇقسىز بارمايلا قۇملۇقتا يوقاپ كېتىدۇ.

ئورۇن II ۋە ئورۇن III بىر كىچىك كۆلچەك بولۇپ، دىئامېتىرى بىر مېتىرچە كېلەيدۇ، بۇلارنىڭ ھەر قايسىسى تار جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئەتراپىدا كۆرۈنۈپ تۇرغىنى ساپلا قىزىل ياكى يېشىل سېغىز، شېغىل كۆرۈنمەيدۇ. بۇ يەر ئالدىدىكى I ئورۇن بىلەن بىر كىچىك تاغ ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ، ئارىلىقى 10 مېترغا يەتمەيدۇ. كۆلچەكتە قارا رەڭلىك نېفىت كۆلچەكنىڭ چېتىدە يىغىلىپ لەيلەپ تۇرىدۇ، تەبىئىي گاز پۈۋەكچىلىرى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇنداق پۈۋەكچىلەر II ئورۇندا ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئوت تەگسىلا كۆيىدۇ.

چوڭ كۆلچەك بار جاي قاقاسلىقتىن 10 مېتىرچە پەستە بولۇپ، بۇ كۆلچەكنىڭ ئۇزۇنلىقى 20 مېتر، كەڭلىكى 10 مېتر، سۈيى زۇمرەتتەك سۈزۈك. كۆلچەكنىڭ شەرقى قىرغىقىنىڭ ئاستىدىكى شېغىل قاتلىمىنى ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ كۆلچەك

جايلاشقان يەرنىڭ ئانتىكلىنالىنىڭ مەركىزى ئىككەنلىكىنى ئۇقۇۋالغىلى بولىدۇ. كۆلچەكتە تەبىئىي گاز پۈۋەكچىلىرى ئۈزۈلمەي كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ، نېفىت ئىزلىرى كۆرۈنمەيدى. كۆلچەكنىڭ قىرغىقىدىكى جايلاردا خېلى كۆپ قىيپاش تۇرغان ئىسكى تاشلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ، بۇ ئېھتىمال بۇرۇن قۇدۇق قېزىپ، تاشلىۋېتىلگەن تاشلار بولۇشى مۇمكىن. مەزكۇر قۇدۇق سۇنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن سۇ ئاستىدا قېلىپ كۆلچەك بولۇپ قالغان.

ب، نېفىت چىلاشقان قۇم جىنس

......

ئانتىكلىنالىنىڭ جەنۇبى قانىتىدىكى يېڭى قېزىدۇقنى قەشقەر دېۋىزىيە شتابى قازغان. قۇدۇق قېلىنىلىقى تۆت مېتىر بولغان تېيىز كۆلرەڭ شېغىلنى بويلاپ يەر ئاستىغا يانتۇلاپ كىرىدۇ، چوڭقۇرلىقى 20 مېترغا بارغاندا سۇغا دۇچ كېلىپ توختاپ قالغان.

## 5، يەرلىك ئۇسۇل بىلەن قېزىش

رايون ئىچىدە قېزىلىپ بىكار قىلىنغان قۇدۇقتىن ئىككىسى يەنى يېڭى قۇدۇق ۋە كونا قۇدۇق بار. سۇ بېسىۋالغان كېرەكسىز قۇدۇقتىن ئىككىسى بولۇپ، بىرى چوڭ كۆلچەك، بىرى كونا قۇدۇقنىڭ يېنىدىكى كۆلچەك. سۇ بېسىۋالغان قۇدۇقنىڭ قېزىلىش ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى ئۇققىلى بولمايدۇ. يېڭى قۇدۇقنى كۆرگەنلىكىمىز ئالدىدا بايان قىلىندى، نېفىت چىقىش،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇمكىنچىلىكى يوق. كونا قۇدۇقنى تەكشۈرگەن چاغدا بىر ئۈيغۇر قۇدۇققا چۈشمەكچى بولغان ئىدى، ئۇنىڭغا يول قويدۇق، بۇ كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، كونا قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلىقى 20 جاڭ كېلىدۇ، سۇ كۆتۈرۈلۈپ قۇدۇقنى يېرىمىغىچە بېسىۋالغان، سۇ يۈزىنى لەيلەپ تۇرغان قارا نېفىت قاپلىۋالغان. نېفىت ئالىدىغانلار قۇدۇق ئاغزىدىن تىك شوتا بىلەن نېفىت ئۈستىگىچە چۈشۈپ، قاپاق بىلەن ئالىدۇ. ھەر ئايدا 15 تۈگىچە (ھەر بىر تۈگى بەش گاللون كېلىدۇ) نېفىت ئالغىلى بولىدۇ، ئۇلۇغچات ناھىيىسىگە ئاپىرىپ چەككىلەيدۇ. ھەر 18 تۈگىدىن تۆت تۈگ چىراغ يېغى ئالغىلى بولىدۇ، نېفىت تۇتۇق قارا رەڭدە بولۇپ، يورۇقلۇقتا قوڭۇر رەڭ كۆرىنىدۇ، چىراغ يېغىمۇ قوڭۇر رەڭدە، يېرىم سۈزۈك، پارافىن تەركىبى خېلى يۇقىرى، تەكشۈرگەندە چىراغ يېغىنىڭ ھەر جىڭى شىنجاڭ پۇلىغا 2.5 يۈەنگە سېتىلىدۇ، ئۇلۇغچات ۋەقەشقەردىكى ئورگانلارنىڭ چىراغ يېقىشىغا بېرىلىدۇ.

كۆەنشمۈك: «ئۇلۇغچات ناھىيىسىدىكى غانجۇغان نېفىتلىكى» (1945- يىل 7- ئاي. مايلىق ياسىمىسى)

يۇقىرىقى جەدۋەلدىن شىنجاڭ ئۆلكىسىدىن چىقىدىغان نېفىتنىڭ ئىنتايىن موللىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇندىن توققۇزىنىڭ قېزىلمىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

چىقلودىق: «شىنجاڭ مەسىلىسى» (ھۆججەت كىتابخانىسى 1949- يىل)

تەرجىمە قىلغۇچى: مەتىمىن تۆمۈر

## شىنجاڭدىكى نېفىتلىكلەرنىڭ ئەڭ يېڭى ماتېرىياللارغا ئاساسەن تۈزۈلگەن جايلىشىش ئەھۋالى جەدۋىلى

| ناھىيەلەر | كان رايون | يەر ئۈستىدىكى ئالامەتلەر | ئىزاھات |
|---|---|---|---|
| شىخو | مايتاغ | قېزىلىشتىن بۇرۇن نۇرغۇن گاز بار، جىلغىدا دائىم ماي كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. | قېزىلمىغان |
| | يەنسەن | يۇقىرىقىغا ئوخشاش | 〃 |
| | جانجۇنغول | نۇرغۇن ماي ئېقىپ چىققان ھەم پارافىن بار | 〃 |
| | ئوتتاغ جىلغىسى | يۇقىرىقىغا ئوخشاش | 〃 |
| جىنسىخەي | يەنسىخەي | ئاز مىقداردا ماي، گاز بار | 〃 |
| | جەنۇبى بەش كىلومېتر | | 〃 |
| ماناس | خوڭگۇ ۋە تۇزلۇق ئۆستەڭ | يۇقىرىقىغا ئوخشاش | يەرلىكلەر جىلغىدىن ماي ئالغان |
| كۇچار | مىسكان تېغى | نېفىت، گاز، پارافىن ھەممىسى بار | يەرلىك ئۇسۇلدا قازغان |
| يەكەن | شاگۋوپو | يۇقىرىقىغا ئوخشاش | قېزىلمىغان |
| ئۇلۇغچات | ئۇلۇغچات بازىرىنىڭ جەنۇبى | نېفىت، گاز، ئاسفالت ھەممىسى بار. | 〃 |
| ئاقسۇ كونا شەھەر | تاغلاق كەلتى | نېفىت، گاز | يەرلىك ئۇسۇلدا قازغان |
| سانجى | تۇدۇگخې | نېفىت | قېزىلمىغان |
| ئۈرۈمچى | سوداچى | نېفىت | 〃 |
| | شۈيمىگو | گاز | 〃 |
| | سىماكو | نېفىت | 〃 |
| ساۋەن | شاۋگوەي | نېفىت، گاز، ئاسفالت ھەممىسى بار | يەرلىك ئۇسۇلدا قېزىلغان |
| چۈچەك | چىڭشىشا | يۇقىرىقىدەك | قېزىلمىغان |


www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى. مەمتىمىن تۆمۈر، ئابلەت مۇھەممەت
مۇقاۋىسىنى تۇرسۇنئاي ئىشلىگەن.
مۇقاۋا سىرتىدىكى خەتنى تۇرغۇن يازغان.

شىنجاڭ نېفىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1987 - يىلى 7 - ئايىنىڭ   كۈنى نەشىردىن چىقتى

---

ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ
كۆپەيتىپ بېسىشقا بولمايدۇ



www.uyghurkitap.com

克拉玛依文史资料（1）维吾尔文

中国人民政治协商会议克拉玛依市委员会
文史资料委员会编

内部发行，　　请勿翻印。

